

مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال
3 - ۋە 4 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەنلەر تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ئىلمىي ژۇرنال

ISSN 1005-5878

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى

## ئىلمىي ژۇرنىلى

( پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى )

# 新疆大学学报

# JOURNAL OF XINJIANG UNIVERSITY

2011.1

ISSN 1005-5878

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

## (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

## پەسىللىك ژۇرنال

باش مۇھەررىر
ئابلىكىم ياسىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئابدۇرۇسۇل كىچىككائاخۇن
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى
مۇسا روزى
مۇقىم سەھىپىلەرنىڭ مەسئۇللىرى
«غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
ئابلىكىم ياسىن
«سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
مۇسا روزى
«تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
«ئەدەبىيات تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
ئابدۇرۇسۇل كىچىككائاخۇن
«قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى» نىڭ مەسئۇلى
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

2011 - يىللىق 1 - سان
(ئومۇمىي 125 - سان)

بۇ ساندىكى مۇندەرىجە ۋە قىسقىچە مەزمۇنلارنى
خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ماجيۈەن
ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: ھەببە ياقۇپ
رۇسچىغا تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت غازى
بەت لايىھەلىگۈچى: ئەخمەتجان ئۆمەر

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇكېرىم رەھمان بۆچى
ئابلىكىم ياسىن
ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان
ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر
ئابدۇقادىر جالالىدىن
ئابلىكىم ھەسەن
ئابدۇشۈكۈر مۇللەك يۇرچى
ئابدۇۋەلى ھامۇت
ئادىل مۇھەممەت تۇران
ئابدۇبەسىر شۈكۈرى
ئابدۇرۇسۇل كىچىككائاخۇن
ئاسىمە نىياز
پەخىردىن ھىسامىدىن
چىمەن نەجمىدىن
دىلمۇرات ئۆمەر
رازىزاق تۆمۈر
راھىلە داۋۇت ئەلچىن
شېرىن قۇربان
غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
كۇرەش مەھمۇتجان رەئىسى
مۇختەر مەخسۇت
مۇھەببەت قاسىم
ئوسمان ئىسمايىل تارىم
ئۆمەر مەھمۇت

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى(پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

32 ـ يىللىق 1 ـ سان(ئومۇمىي 125 ـ سان) 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي


# بۇ ساندا

## غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى تەتقىقاتى


ئىلمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ نورۇز بايرىمى تەتقىقاتى توغرىسىدا ..........................ئۆمەر داۋۇت (1)

موللا سىدىق يەركەندى ۋە ئۇنىڭ نەسرىي ئەسىرى «لىسسانۇتتەير» توغرىسىدا...........................

.......................................................هۆرمەتجان فىكرەت، ئاينۇر ئابلىز (11)

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسىدىكى «مەدەنىيەت» ئۇقۇمى ھەققىدە ..................... ساۋۇت پاۋان (20)

كۆسەن تاشكېمىر رەسىم سەنئىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە ...........ئابلەت مەخسۇت(36)


## سىياسىي، ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش ئىلمى تەتقىقاتى


شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەدبىرلىرى توغرىسىدا..........................................ئابدۇشۈكۈر ئوسمان (46)

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا .............. بەختىگۈل مۆمىن، گۈلپىيە ئابىت (55)


## تىل ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى«مىجەز» ۋە «مىزاج»سۆزلىرى توغرىسىدا............ ئايشەم ئەخمەت (63)

ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە ... رابىيە ئابدۇرېھىم (68)

«تاپۇغچى» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە.......................... ئەرافات ھەسەن مۇسابايوف (73)

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۈستىدە چەت ئەللەردىكى ئىزدىنىشلەر ....... مۇساجان ئېلى (76)

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىپادىلەنگەن «كۆككە ئۇچۇش» تەسەۋۋۇرى ھەققىدە..........

...................................................تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى (84)

«جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرى توغرىسىدا ......ۋاھاپ غوپۇر (92)

قارىلىق تۇتۇش ئادىتىمىزنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ھەققىدە

..................................................مۇھەممەتقازى ئەيسا (97)

ھەزرەت سەيلىسى ۋە ئۇنىڭ فولكلورلۇق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا.................. مەمەت ساۋۇت (104)


## ئەدەبىيات تەتقىقاتى


ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئاياللار ھەققىدىكى زىددىيەتلىك قاراشلار ..... رەشىدە ھېمىت (111)

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئېستېتىكىلىق پىرىنسىپلار توغرىسىدا ........... مەريەم قۇربان (116)


## قانۇن، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى


مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تەھلىل .....................

........................................ ئادىل ئايۇپ، ئالىمجان ئابدۇقېيۇم (121)

نۆۋەتتىكى ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ ئىپادىسى، سەۋەبى ۋە ئۇنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا .........

................................................. ئايگۈل ئىبراھىم (126)


## ئاخباراتچىلىق تەتقىقاتى


كۆپ ئىقتىدارلىق دىكتور، رىياسەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى ...............

..................................................بىلقىز سۇلايمان (133)



ژۇرنالنىڭ ئاساسىي پارامېترى:CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-03

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

新疆大学学报（哲学社会科学维吾尔文版）

第 32 卷第 1 期（总 125 期）　　2011 年 3 月

# 目　录


## 西域文化研究

关于我国维吾尔族诺鲁孜节的研究 · · · · · · · · · · 乌买尔 · 达吾提（1）

论毛拉 · 斯迪克 · 叶尔坎迪的散文体《鸟语集》 吾尔买提江 · 菲克热提，阿依努尔 · 阿布力孜（11）

试论文化人类学的“文化”概念 · · · · · · · · · · 沙吾提 · 帕万（20）

龟兹石窟绘画艺术的现状 · · · · · · · · · · 阿不来提 · 麦合苏提（36）

## 政治、经济与管理学研究

把新疆变成人力资源大区的意义和措施 · · · · · · · · · · 阿布都许库尔 · 吾斯曼（46）

新疆少数民族民营企业人力资源管理方面存在的问题及对策 · · · · · · · · · · 白哈提古力 · 买明，古丽皮亚 · 阿比提（55）

## 语言与文化研究

关于现代维吾尔语中的词 mijaz 和 mizaj · · · · · · · · · · 阿依仙木 · 艾合买提（63）

维吾尔语和汉语中的亲属称谓词 · · · · · · · · · · 热比娅 · 阿布都热依木（68）

“tapughqi”一词的语源研究 · · · · · · · · · · 阿拉法特 · 艾山 · 穆萨巴耶夫（73）

国外对古代维吾尔语语法的研究 · · · · · · · · · · 木沙江 · 艾力（76）

长诗《福乐智慧》中关于在空中飞翔的描写 · · · · · · · · · · 吐尔逊 · 吾守尔（84）

论中国维吾尔十二木卡姆的族谱学起源 · · · · · · · · · · 瓦哈普 · 吾普尔（92）

维吾尔族服丧习俗的表现形式及其社会意义 · · · · · · · · · · 买买提喀孜 · 艾沙（97）

艾孜来提郊游活动及其民俗特征 · · · · · · · · · · 买买提 · 沙吾提（104）

## 文学研究

维吾尔语谚语中对女性的矛盾观点 · · · · · · · · · · 热西旦 · 依米提（111）

论维吾尔古典诗歌中的审美原则 · · · · · · · · · · 麦尔也木 · 库尔班（116）

## 法律、历史与社会学研究

试析意识表示与法律行为的关系 · · · · · · 阿迪力 · 阿尤甫，阿里木江 · 阿布都克尤木（121）

浅谈当前的司法腐败表现、成因及对策 · · · · · · · · · · 阿依古丽 · 依不拉音（126）

## 新闻学研究

培养多才多艺的播音员、主持人是时代发展的需求 · · · · · · · · · · 碧丽克孜 · 苏莱曼（133）


〔期刊基本参数〕：CN65-1034/G4-W*1980*Q*$A_4$*140*ug*P*¥6.00*2000*19*2011-03

ماقالە نومۇرى: 10 ـ 001 ـ 01 (2011) 5878 ـ 1005

# ئېلىمىز ئۇيغۇرلىرىنىڭ نورۇز بايرىمى تەتقىقاتى توغرىسىدا*

ئۆمەر داۋۇت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** نورۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئەنئەنىۋى بايراملىرىدىن بىرى. نۆۋەتتە بۇ بايرام ھەققىدىكى تەتقىقاتنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ــ مۇھىم ئىلمىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال قىممەتكە ئىگە. بۇ ماقالىدە، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ ۋە قىسقىچە خۇلاسىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ كەلگۈسىگە نەزەر سېلىنىپ بەزى مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：**诺鲁孜节是维吾尔族主要的传统节日之一。目前继续深入开展有关这一节日的研究具有重要的学术意义和现实价值。本文按时间顺序回顾和总结自上世纪 80 年代以来我国对维吾尔族诺鲁孜节的研究成果，同时就这一研究领域存在的问题及其发展前景提出了更为深入全面的设想。

**Abstract:** Noruz is one of Uyghur major traditional festivals. At present, to counituingly carry out researches related to this festival has important academic and practical value. In this paper, the author mainly reviews and summarizes the research results achieved in the study of Uyghur traditional festival - Noruz in China since 1980s and the existing problems in this filed; meanwhile the author puts forwards several research imaginations.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122　ماتېرىيال بەلگىسى: A

## كىرىش سۆز

نورۇز بايرىمى خەلقئارالىق بايرام بولۇپ شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە پارس، تاجىكلار ئۆتكۈزىدىغان قەدىمكى بايراملارنىڭ بىرى. ئۇ ئاممىۋىلىق، دەۋرلىك، مىللىيلىق، يەرلىك، قىلىپلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئەنئەنىۋى بايرام ھېسابلىنىدۇ. ئېلىمىزدە ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر بۇ بايرامنى شاد ـ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. تارىخىي مەنبە ۋە تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە پارسلار يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ نورۇز بايرىمىنى مول مەزمۇن ۋە ئالاھىدىلىكلەر بىلەن ئىزچىل قۇتلۇقلاپ كەلگەن. مەيلى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ياكى كېيىن بولسۇن بۇ بايرامنى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالمىغان. جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلار قەدىمكى زامانلاردىن بېرى بۇ قۇتلۇق بايرامنى

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
بۇ ماقالە ئاپتور رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان دۆلەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى تەتقىقات تۈرى ــ «جۇڭگو بايرام تەزكىرىسى. نورۇز بايرىمى» (نومۇرى: 2008011) نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىدىن بىرى.

**ئۆمەر داۋۇت** (1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، ماگىستىر يېتەكچىسى، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



داۋاملىك ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. نورۇز بايرىمى ئۇزۇن تارىخ، چوڭقۇر ئىجتىمائىي تەسىر ۋە كۈچلۈك ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بايرام بولغاچقا، چەكلەش كۈچى كۈچلۈك بولغان ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىنمۇ 1930 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بەزى سىياسىي ئامىللار تۈپەيلى گەرچە 50 يىلغىچە ئومۇميۈزلۈك تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈشتىن قالغان بولسىمۇ، خەلق ئىچىدە، غەيرىي رەسمىي ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بېرى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ئارقىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ نورۇز بايرىمىنى شاد ـ خورام ئۆتكۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشتى[1].

نورۇز بايرىمى ــ مۇھىت ئاسراش بايرىمى، ئىناقلىق بايرىمى، ئەمگەك بايرىمى ۋە تەنتەربىيە بايرىمى. دۆلەت يېڭى يېزا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، نورۇز بايرىمى مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ــ شىنجاڭدا سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش ۋە مىللىي مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە زور ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم تېما، شۇنداقلا ئۇ يەنە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش جەھەتتىمۇ زور ئەھمىيەتلىك ئىش. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بېرى نورۇز بايرىمىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قايتىدىن يېڭىچە شەكىللەر بىلەن قۇتلۇقلىنىشى ئارقىسىدا، مۇھىم تەتقىقات تېمىسى سۈپىتىدە بىر قىسىم ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار تارىخ، مەدەنىيەت، ئېتنوگرافىيە، كالېندارچىلىق قاتارلىق كۆپ خىل پەن نۇقتىسىدىن نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، مەزمۇنى، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى، ئالاھىدىلىكى، ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە خېلى ئەتراپلىق ئىزدىنىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشتى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات گەرچە بىر قەدەر تارقاق بولسىمۇ، لېكىن بەزى مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇلار بىر قىسىم ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ۋە بەزى ئىلمىي ماقالىلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. نورۇز بايرىمىغا ئائىت تەتقىقات ئەھۋالىنى ئەسلەپ، بۇ ھەقتە ئالدىنقىلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن ئەمگەك نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھەمدە ساقلانغان مەسىلىلەر توغرىسىدا كەلگۈسىگە نەزەر سېلىپ، ھەل قىلىش تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ــ نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بولۇشىغا تۈرتكە بولغۇسى.

## 1. نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىدىن ئەسلىمە

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا، بەزى ئالىم ۋە يازغۇچىلار نورۇز بايرىمى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە بەزى مۇھىم خاتىرىلەرنى قالدۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى ئورنىنى ئېنىق كۆرسەتكەن. جۇملىدىن مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە[2]، ئەلىشىر نەۋائىي «تارىخىي مۈلكى ئەجەم» دېگەن ئەسىرىدە[3] مەخسۇس توختىلىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى ئورنىنى روشەن شەرھلىگەن. ئەنە شۇ قاتاردا نۇرغۇن ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى نورۇز بايرىمىغا ئائىت يازما ماتېرىياللار جۈملىدىن شېئىر، ئەپسانە، رىۋايەت، ئالاقىدار خاتىرە ۋە بايانلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ توغرىدا ئايرىم تېمىلار بويىچە ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نورۇز بايرىمىنى بىر قىسىم ئالىم ۋە ھەۋەسكارلار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن تەتقىق قىلغان. بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى تۆۋەندىكى ئەسەر ۋە ماقالىلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

### 1) ئالاقىدار ئەسەرلەر

ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار ئەپەندىلەر يازغان «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» دېگەن ئەسەردە ئاساسەن نورۇز بايرىمىنىڭ بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان[4]. بۇ ئەسەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نورۇز بايرىمىنىڭ قاچان باشلانغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك

تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ يوقلىقى ئەسكەرتىلىپ، نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى كۆپلىگەن گۈزەل ئەپسانە-رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن بۇرۇنقى كۆك تەڭرىگە چوقۇنغان دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەپ جەزملەشتۈرۈلىدۇ.

ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» دېگەن ئەسەردە نورۇز بايرىمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ، ئەڭ تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمكى يېڭى يىل بايرىمى ئىكەنلىكى، بۇ بايرامنىڭ ۋاقتى، شەكلى ۋە مەزمۇنى خېلى تەپسىلىي بايان قىلىنغان [5] . بۇ ئەسەردە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈش بويىچە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئادەت- قائىدىلەر يەنى تەييارلىق كۆرۈپ تازىلىق قىلىش، سورۇن تۈزۈش، ھېيتلاش، نورۇز ئېشى تارتىش، نورۇز چېيى ئۆتكۈزۈش، نەغمە-ناۋا قىلىش، ئۇسسۇل ئويناش، داستان-ھېكايە سۆزلەش، چېلىشىش، دارۋازلىق ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىش، شېئىر-نەزمە مۇسابىقىسى ۋە ئىلىم- مەرىپەت تەرغىبات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش، سۇ چېچىشىش ، تېپىشماق ئېيتىش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش قاتارلىق پائالىيەت شەكىللىرى خېلى ئەتراپلىق شەرھلەنگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ «نورۇز بايرىمى» قىسمى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «نورۇزنامە» دېگەن ئەسىرىدە «يېڭى يىل»، «نورۇز— قۇتلۇق بايرام »، «ۋاقىت ھېسابى» قاتارلىق تېمىلار بويىچە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ ئالاقىدار بايانلىرى، نورۇزنىڭ خاسىيىتى، پائالىيەت شەكىللىرى قاتارلىقلار بىر قەدەر ئەتراپلىق شەرھلەنگەن [6]. ئەسەردە نورۇزنىڭ «ئون ئىككى بۇرچ» دەپ ئاتىلىدىغان تۈركىي كالېندارنىڭ يىل بېشى ئىكەنلىكى؛ قەدىمكى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دەسلەپتە ئۇنى « يىل بېشى » ياكى «كۈن تۇغدى» دەپ ئاتىغان بولسا، 10-ئەسىردىن كېيىن ئىرانلىقلارنىڭ «نورۇز» سۆزىنى قوبۇل قىلىپ ئاتىغانلىقى؛ مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەسىرىدىن رابغۇزى، ئەتايى، لۇتفى، نەۋايى قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ نورۇز ھەققىدە قالدۇرغان بىر قىسىم شېئىر-قوشاقلىرى ، نورۇزنىڭ خاسىيىتىگە دائىر چۈشەنچىلەر، نورۇز كۈنلىرىدە نورۇز ناغرىسى، نورۇز تازىلىقى، سوغۇق قوغلاش، يوقلاش، نورۇز ئېشى، نورۇز سەيلىسى، نورۇز يارىشى، نورۇز مەشرىپى، نورۇزلۇق تىلەك قاتارلىق ئەنئەنىۋى پائالىيەت شەكىللىرى بولىدىغانلىقى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىدا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. جى چېڭچيەن ئەپەندى تۈزگەن: « ئاز سانلىق مىللەتلەر بايراملىرى» دېگەن ئەسەردە «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا نورۇز بايرىمى» دېگەن تېمىدا شىنجاڭدىكى نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدىغان ئۇيغۇر ، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قىسقىچە بايان قىلىنغان، نورۇز بايرىمىنىڭ تارىخى ، مەزمۇنى جۈملىدىن چوڭ تازىلىق قىلىش، مەشرەپ ئۆتكۈزۈش، ئويۇن ئويناش، «نورۇز ئېشى» ئىچىش، چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىش، ھېيتلاش، يول- كۆۋرۈك ياساش، كۆچەت تىكىش قاتارلىقلار قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ بايرامنىڭ ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش، مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈش ۋە ساپلاشتۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش، شۇنداقلا تەربىيە ۋە ئىناقلىق جەھەتلەردىكى ئەھمىيىتى كۆرسىتىلگەن [7]. بۇلاردىن باشقا يەنە .گۈلباھار خانىم تۈزگەن«ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى»، ما شيۇڭفۇ تۈزگەن «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت كىيىم-كېچەكلىرى ۋە بايراملىرى»، ۋاڭ يوك، گاۋ جىڭ تۈزگەن «غەربىي يۇرت مەدەنىيىتى» دېگەن خەنزۇچە ئەسەرلەردە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە پائالىيەت مەزمۇنى قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنغان[8].

### 2) ئىلمىي ماقالىلەر

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا غەيرەت ئۆمەر ئەپەندى بىلەن ئۆمەر موللا ئەپەندىنىڭ «ئۈچتۇرپاندىكى جايتاغ نورۇز بايرىمى» دېگەن ماقالىسىدە 1985-يىلى 2-ئاينىڭ 18-كۈنىدىن 23-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



كۆنىگىچە ئۇچتۇرپان ناھىيەسىدىكى ئاچتاغ يېزىسىنىڭ جايتاغ كەنتىدە نورۇز بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، ناھىيە بويىچە دېھقان-چارۋىچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن ئۆتكۈزگەن ئاممىۋى تەنتەربىيە ۋە ئەلنەغمە پائالىيەتلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان [9].

ياسىن قاسىم ئەپەندىنىڭ «ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى» دېگەن ماقالىسىدە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەنئەنىۋى پائالىيەت تۈرلىرى ۋە ئالاقىدار بەزى تارىخىي بايانلار قىسقىچە شەرھلەنگەن [10]. تۇرسۇن هامىد ئەپەندىنىڭ «نورۇز توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇشى، مۇراسىم، قائىدە-يوسۇنلىرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلغان[11]. لېكىن بۇ يەردە مەدەنىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە فولكلور نۇقتىسىدىن نورۇز بايرىمى ھەققىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى ماقالىلەرنى نۇقتىلىق كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈر. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ئەپەندى «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە نورۇز بايرىمىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى يازما مەنبەلەردىكى ئىزنالار، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، ۋە ئەنئەنىۋى كالېندارچىلىق بىلەن باغلانغان ھالدا ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنغان[12]. ماقالىدە نورۇزنىڭ ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا خۇددى مەشرەپلەردەك ئېتنىك مەدەنىيەت ھادىسىسى ئىكەنلىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كالېندارچىلىق ھېسابىنىڭ خاسلىقى ۋە پائالىيەت شەكلىنىڭ مۇجەسسەملىكى بىلەن داڭ چىقارغانلىقى؛ ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىپ كەلگەنلىكى، نورۇز بايرىمىنىڭ فولكلور قىممىتىنى مۇقام ۋە مەشرەپ تەتقىقاتىغا باغلاش مۇمكىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرسىتىلگەن. ماقالىدە يەنە نورۇزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ يالدامىسى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ زوروئاستېرىزم ئېتىقادىدىن ئىلگىرىلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ 12 ئاينى ئۆكەكتىكى 12 ھايۋان ياكى نەرسە نامىدا ئاتايدىغان ياكى قىيا سۈرەتلىرىدىكى ئاسترونومىيەلىك تامغىلاردا تەكرار گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىپتىدائىي توتېمىزم تەقۋىمچىلىقىگە ئاساسلانغانلىقى ھەمدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئۇيغۇر ئېتنىك مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەررۈك تەركىبى ئىكەنلىكى دەلىل-پاكىتلار بىلەن يەكۈنلەنگەن. ماقالىدە، يەنە نورۇزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتە تەبىئەت ئىلاھىيەتچىلىكى، ئاتەشپەرەسلىك پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولغان بولسىمۇ، داۋاملىق راۋاجلىنىش ئاساسىدا پۈتۈنلەي ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام خاراكتېرى ۋە تۈسىنى ئالغانلىقى بايان قىلىنغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەزكۇر ماقالە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تارىخىي جەريانىنى شەرھلەشتە ئىلمىيلىكى يۇقىرى، پايدىلىنىش قىممىتى زور بولغان نادىر ماقالە ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن ماقالىسىدە، نورۇز بايرىمىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش جەريانى، خەلق تۇرمۇشىدىكى ئورنى، رولى ۋە قەدىمكى نورۇز ئادەتلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان[13]. ماقالىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى كالېندارچىلىق بايراملىرى تەھلىل قىلىنىپ، نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنغان. ماقالىدە، بۇ بايرامنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىلمىي ئاساسلار ۋە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن باغلىق بولغانلىقى، نورۇز بايرىمىنىڭ چوڭقۇر يىلتىزىغا مۇراجەت قىلغاندا، ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، ئېتىز-ئېرىق، دالىلاردا، يېڭى ئىش مەۋسۇمى باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلىدىغان باھار بايرام مۇراسىمىغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئاپتور يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىسلامىيەتكىچە بولغان ئارىلىقتا «نورۇز بايرىمى» نى خىلمۇ-خىل شەكىلدە تەنتەنە قىلغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، بايرام كۈنى كىشىلەر بىر-بىرگە شېكەر ۋە شېرىنلىكلەرنى ھەدىيە قىلىش، بىر-بىرگە سۇ سېپىش؛ بايرامنىڭ تەييارلىقلىرى ئىچىدە بۇغداي ياكى ئارپا دېنىنى ياغاچ ئىدىشتا ئۆستۈرۈپ، باھار ئەلچىسى سۈپىتىدە نورۇز ئۈچۈن تەييارلانغان داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇش ئادىتى بولغانلىقى، بۇ ئادەت ھازىرغىچە قۇمۇل خەلقىنىڭ«كۆك مەشرىپى»

دە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى، بايرام كۈنى چوڭ ئىدىشلارغا سۇ تولدۇرۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا ھەر خىل كۆكتات بەرگىلىرىنى سېلىپ قويۇش، يەتتە خىل داندىن كۆجە تەييارلاپ ئۇنى قۇلۇم-قوشنا، قېرىنداشلارغا سوۋغا قىلىش، بىدە كۆكىنى تېرىپ، كۆڭلى تارتقان كىشىلەرگە «يېڭىلىق تۇتۇش» قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ بولغانلىقى ھەمدە بۇنداق ئەنئەنىۋى ئادەتلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى بېيىپ يېڭىلانغانلىقى ۋە بەزىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تېخىمۇ قويۇق مىللىي تۈس ئالغانلىقى، مۇشۇ ئادەتلەر ئاساسىدا ئۇيغۇرلاردا سۇ تىلەش مەزمۇن قىلىنغان «زارا خەتمە» مۇراسىملىرى، «كۆك مەشرىپى»، «مىلىش مەشرىپى»، «گۈل سەيلىسى»، «چىمچىلاق ئويۇنى»، «سارغايدى ئويۇنى»، «چوكانتال مۇراسىمى» قاتارلىق خىلمۇ-خىل مۇراسىم شەكىللىرىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بايان قىلىنغان. بۇ ماقالە نورۇز بايرىمىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، رولى ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئىلمىيلىكى ۋە پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى مۇنەۋۋەر ماقالە ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد زەيدى ئەپەندىنىڭ «نورۇزنىڭ تارىختىكى ئىزلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى» دېگەن ماقالىسىدە، ئاساسەن پارس ۋە ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى ، جۈملىدىن ئۆمەر ھەييام، ھاپىز شىرازى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، مەھمۇد كاشغەرى، لۇتفى، نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان بەزى رىۋايەت ۋە شېئىرلىرى قىسقىچە بايان قىلىنغان[14]. بۇ ماقالە نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قەدىمكى ئادەتلىرىنى شەرھلەشتە مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

گۈلنار ئېزىز خانىمنىڭ «ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» دېگەن ماقالىسىدە، نورۇز بايرىمى پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى قىسقىچە بايان قىلىنغان. ماقالىدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى كۈچلۈك، يەرلىك ۋە مىللىي پۇرىقى قويۇق ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن[15].

قادىر غوپۇر ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بايرىمىنى ئېچىش ۋە يېزا ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە —نورۇز بايرىمىنى ئېچىش ئاساسىدا» دېگەن ماقالىسىدە، شىنجاڭدىكى بىر قىسىم مىللەتلەر ئورتاق ئۆتكۈزىدىغان نورۇز بايرىمىنى ئېچىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە تەدبىرلىرى ئاساسلىق مۇھاكىمە قىلىنغان. ماقالىدە، نورۇز بايرىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئۇتقا چوقۇنۇش، سۇ چېچىش، نورۇز ئېشى ئىچىش، نورۇز مەشرىپى ۋە ئىلىم تەرغىبات پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى تونۇشتۇرۇلۇش بىلەن بىرگە ، نورۇز بايرىمىنىڭ نۆۋەتتىكى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن باغلانغان ھالدا شىنجاڭنىڭ ساياھەتچىلىك بايلىقىنى قېزىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى رېئال ئەھمىيىتى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغان. بۇ جەھەتتە مەزكۇر ماقالە مەلۇم ئىلمىيلىككە ۋە پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە[16].

ئۆمەر داۋۇتنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى نورۇز بايرىمى ھەققىدە قالدۇرغان تارىخىي مەنبەلەر » دېگەن ماقالىسىدە مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى قاتارلىق بىر قىسىم ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرىنىڭ نورۇز بايرىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى ، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە پائالىيەت مەزمۇنلىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان ئالاقىدار ئەسەر، رىۋايەت، ئەپسانە، شېئىرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتى نۇقتىلىق بايان قىلىندى[17].

## 2. نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىغا نەزەر

يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئەستايىدىل تونۇشۇپ چىققىنىمىزدا مۇنداق بىر قانچە مەسىلىلەرنى ئېنىقلاش ھەم ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

بىرىنچى، يۇقىرىقى ئەسەر ۋە ماقالىلەردە نورۇز بايرىمىنىڭ ۋاقتى ھەر خىل بايان قىلىنغان. يەنى بەزى ئەسەرلەردە 3-ئاينىڭ 21-كۈنى دەپ كۆرسىتىلسە[18]، بەزى ئەسەرلەردە 3-ئاينىڭ22-كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەپ كۆرسىتىلگەن[19]، يەنە بەزى ماقالىدە 3-ئاينىڭ 20-كۈنى دەپ بايان قىلىنغان[20]. ھەر قانداق بايرامنىڭ ئېنىق ئۆتكۈزۈلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. جۈملىدىن مىلادىيە كالېندارى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېڭى يىل بايرىمى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى بولىدۇ. خەنزۇلارنىڭ دېھقان كالېندارى بىلەن كېلىدىغان چاغىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىجرىيە كالېندارى بويىچە كېلىدىغان قۇربان ھېيتىنىڭمۇ ئېنىق ۋاقتى بار. ئەمما دۇنيادا 30 نەچچە مىللەت ئۆتكۈزىدىغان بۇ بايرامنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش كۈنى ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا ئىلىم ساھەسىدە بۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، نورۇز بايرىمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى كۆپىنچە ئارىلاش بايان قىلىنغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نورۇز بايرىمى ئەنئەنىسى بىلەن ھازىرقى رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئانچە ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىغان. ئالاقىدار ئەسەر ۋە ماقالىلەردە نورۇز بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپ، «نورۇز ئېشى» ئىچىش، نورۇز تازىلىقى قىلىش، يوقلاش، ھېيتلاش، نورۇز سەيلىسى قىلىش، «نورۇز چېيى» ئۆتكۈزۈش، ئويۇن كۆرسىتىش، شىكەر-شەربەتلەرنى سوۋغا قىلىش، بىر-بىرگە سۇ چېچىش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ قايسىسى قەدىمكى ئادەت؟ قايسىسى ئەنئەنە سۈپىتىدە بۈگۈنمۇ داۋاملىشىۋاتقان ئادەت؟ بۇلارنى ماتېرىيال تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلاپ ئىنچىكە شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، نورۇز بايرىمىنىڭ يەرلىك پەرقلىرى ئانچە ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەن. مەلۇمكى، نورۇز بايرىمىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بەزى يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئالايلۇق، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان «كۆك مەشرىپى» خوتەن، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلمەيدۇ. «گۈل سەيلىسى»، «سارغايدى ئويۇنى» تۇرپان، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە يوق. يەنە كېلىپ «نورۇز ئېشى»نى ئالساق، ھەر يۇرتتا ئۆزگىچە ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ ئېتىش مۇمكىن. بۇنداق پەرقلەرنى ماتېرىيال سېلىشتۇرۇش بىلەن بىرگە يەنە ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەنىمۇ ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆتىنچى، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدىكى ۋاقىت بىردەك ئەمەس. بەزىلەر نورۇز بايرىمىنى ئىككى مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە، دەپ بايان قىلسا[21]، بەزىلەر ئۈچ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە دېيدۇ[22]. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنىڭ تازا چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

بەشىنچى، نورۇز بايرىمىغا ئائىت بەزى ماقالىلەرنىڭ ئىلمىيلىكى بىر قەدەر تۆۋەن. بۇ تەتقىقات ساھەسىدە گەرچە پروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن ۋە پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخمانلارنىڭ ماقالىلىرى ئىلمىيلىكى يۇقىرى نادىر ماقالە ھېسابلانسىمۇ، بۇنداق ماقالىلەر كۆپ ئەمەس. مەلۇمكى، نورۇز — خەلقئارالىق تېما بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، كاۋكاز، بالقان قاتارلىق رايونلاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان قەدىمكى بايرام. ھازىر دۇنيادا ئون بەش دۆلەت بۇ بايرامنى دۆلەت بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن. يۇقىرىقى دۆلەت ۋە رايونلاردا نورۇز ھەققىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەتقىقاتلار قانات يايدۇرۇلغان. 1989-يىلى ئۆزبېكىستاندا، نورۇزنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئەنئەنىسى قاتارلىقلار تېما قىلىنغان «نورۇزى ئالەم بوگۇن» ناملىق مەخسۇس ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان[23]. تۈركىيە ئالىمى ئەھمەد پىرۋەردى ئوغلۇنىڭ چوڭ ھەجىملىك نوپۇزلۇق ئەسەر — «تۈركلەر» گە كىرگۈزۈلگەن «تۈركىي خەلقلەردە يېڭى يىل ۋە باھار بايرىمى» دېگەن ئۇزۇن ماقالىسى ئىلمىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە نادىر ماقالە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، ئاۋۋال نورۇز بايرىمىنىڭ ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە رايونلاردىكى تارقىلىشى، نامى ۋە تەتقىقات ساھەسىدىكى تۈرلۈك قاراشلار قىسقىچە بايان قىلىنىپ، نورۇز بايرىمى دەسلەپتە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي تارقىلىپ تەرەققىي قىلغان، دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ؛ ئاندىن نورۇز بايرىمىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى، ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيەت قىممىتى قاتارلىقلار نورۇزنىڭ ئالدىدىكى تەييارلىق باسقۇچى، نورۇز ئېشى،

مۇراسىم، يوقلاش، دالا سەيلىسى، ئوت ئاتلاش، سۇ چېچىشىش، كۆكلۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىن نۇقتىلىق شەرھلەنگەن[24]. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، تۈركىيەدە تۈرك مەدەنىيىتىدە نورۇز تېما قىلىنغان ئۈچ قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلغان ۋە نورۇزغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان[25]. قازاقىستان بىلەن ئىران بىرلىشىپ ئاچقان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى 2007-يىلى ئالماتادا نەشر قىلىنغان. خۇددى كىرىش قىسمىدا بايان قىلىنغاندەك: «بۇ توپلامغا نورۇز بايرىمىغا ئائىت ئەڭ نوپۇزلۇق كۆز قاراشلار ھەمدە بۇ بايرامنىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە ئەڭ يېڭى تەرەققىياتى مەزمۇن قىلىنغان ماقالىلەر كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭدا ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەسەرلىرى بېرىلىش بىلەن بىرگە، رۇسىيە، قازاقىستان، ئىران، تاجىكىستان قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىمۇ بېرىلگەن. مەزكۇر توپلام نورۇز بايرىمىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ، بۇ بايرامغا ئائىت تۈرلۈك مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئەنئەنىلەرنى نامايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامانىدا كىشىلەرنىڭ نورۇزنى قانداق قۇتلۇقلايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ»[26]. بۇ توپلامدىكى ماقالىلەر نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىدا مۇھىم ۋە قىممەتلىك ماقالىلەر ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلىش ئېنىقكى، ئېلىمىز نورۇز بايرىمى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. يەنە كېلىپ، بىزدىمۇ مانا مۇشۇنداق ئىلمىي ماقالىلەر توپلاملىرى نەشردىن چىقسا، نورۇز بايرىمىغا دائىر مەخسۇس تەتقىقات ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، سەۋىيەسى مەلۇم دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى.

ئالتىنچى، نورۇز بايرىمىغا ئائىت تەتقىقاتتا ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىش تازا يېتەرلىك بولمىغان. ئېلىمىزدە نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەردىكى نورۇزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە پائالىيەت مەزمۇندىكى ئورتاقلىق ۋە ھەر قايسى مىللەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەر ئاساسەن شەرھلەنمىگەن. ش ئۇ ئا ر تاشقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى تۈزگەن: «قىرغىز فولكلور مەدەنىيىتى»، «ئۆزبېك فولكلور مەدەنىيىتى»، «تاجىك فولكلور مەدەنىيىتى»، «تاتار فولكلور مەدەنىيىتى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن[27]. بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ مەدەنىيەت روھى ۋە خاراكتېرىنى ئېنىقلاشتا تولىمۇ مۇھىم تېما.

يەتتىنچى، بىزدە ئىلمىي، ئوبيېكتىپ، كونكرېت، ئەتراپلىق، ئوبرازلىق، قېلىپلاشقان بولۇش ئاساسىي پرىنسىپىغا ئەمەل قىلغان ھالدا «نورۇز تەزكىرىسى» تېخى يېزىلمىدى. بۇنداق ئەسەرنى يېزىشتا مەزمۇن جەھەتتىن نورۇز بايرىمىنىڭ ئەنئەنىسى بىلەن رېئاللىقى، ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇش، ئۇسۇل جەھەتتىن ماتېرىيال ئوقۇش بىلەن ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇش، بايان جەھەتتىن بايان قىلىش بىلەن رەسىم ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇش، ژانىر جەھەتتىن ئەنئەنىۋى تەزكىرىچىلىك بىلەن زامانىۋى فولكلور تەزكىرىچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئېتىبار بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، ھازىرقى نورۇز بايرىمىغا ئائىت بەزى ئەسەر ۋە ماقالىلەردە بايان قىلىنغان ئەنئەنىۋى ئادەت ۋە رېئال ئەھۋاللارنىڭ خېلى بىر قىسمى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلانمىغان. بۇ نورۇز بايرىمىنىڭ پائالىيەت مەزمۇنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق بايان قىلىشقا تەسىر يەتكۈزمەي قالمىغان.

مەلۇمكى، ئۇيغۇرچە تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا نورۇز بايرىمىنىڭ نامى«نورۇز» ۋە «نەۋرۇز» دەپ ئىككى خىل ئېلىنىپ كەلگەن. بىزچە كۆپىنچە ماتېرىيالدىكى ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ يەنىلا «نورۇز» دەپ ئاتىغان مۇۋاپىق. شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، نورۇز بايرىمىغا ئائىت تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە يۇقىرىقىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سالىنىشۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ تەتقىقاتى ئاساسىدا بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق تەسەۋۋۇر بويىچە ئىش كۆرۈش زۆرۈر:

بىرىنچىدىن، نورۇز بايرىمىنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى كۆپىنچە ئەسەر ۋە ماقالىدە بايان قىلىنغان بويىچە 3ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى دەپ جەزملەشتۈرۈش مۇۋاپىق. بۇنى ئالاقىدار تارىخىي يازما مەنبەلەر ۋە چەتئەل تىل ـ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان ئەسەرلەرنى كۆرۈش، ئەمەلىي دالا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىگە بولغان ماتېرىياللارنى مۇھاكىمە قىلىپ يەنىمۇ دەلىللەش مۇمكىن. «جۇڭگو رادىيو تورى» نىڭ 2010ـ يىلى 3ـ ئاينىڭ 29ـ كۈنى بەرگەن «ئىران< نورۇز خەلقئارا مەركىسى > ئارقىلىق رايون تەسىرىنى نامايان قىلماقتا) ماۋزۇلۇق ماقالىسىگە ئاساسلانغاندا، ب د ت مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى نورۇزنى ئىنسانىيەت غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن. 2010ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى ب د ت يىغىنىدا بىر قارار ماقۇللىنىپ ، 3ـ ئاينىڭ 21ـ كۈننى رەسمىي ھالدا «خەلقئارا نورۇز بايرىمى» قىلىپ بېكىتكەن. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلىرىنىڭ نورۇز بايرىمىنىڭ ئېنىق كۈنىگە ئائىت بۇنداق خەۋەرنى نەزەرگە ئېلىشى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە نورۇز بايرىمىنى قانۇنلۇق بايرام قىلىپ بېكىتىشى تولىمۇ زۆرۈر.

ئىككىنچىدىن، نورۇز بايرىمىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالىنى بايان قىلغاندا، ئەنئەنىۋىلىك بىلەن رېئاللىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، تارىختىكى ئەنئەنىۋى ئادەت بىلەن ھازىرقى مەۋجۇت ئادەتلەرنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا ئايرىپ بايان قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، نورۇز بايرىمىنىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلغاندا ئومۇملۇققا ئېتىبار بەرگەندىن باشقا، يەنە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر ۋە پەرقلەرنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، نورۇز بايرىمىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى ھەققىدىكى مۇلاھىزىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك تارىخىنى ئېنىقلاپ چىقىش زۆرۈر. ئەلۋەتتە بۇنى ھەر خىل تارىخىي يازما مەنبەلەر، جۈملىدىن نورۇز بايرىمىغا ئائىت ئەپسانە، رىۋايەت، شېئىر ـ قوشاق، خاتىرە، تەزكىرە خاتىرىسى قاتارلىقلارنى يىغىپ تەھلىل قىلىش ۋە باشقا ئەللەرنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق ھەل قىلىش مۇمكىن.

بەشىنچىدىن، نورۇز بايرىمىغا ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نورۇز بايرىمى تېمىسىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ئوقۇلغان مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى توپلام قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يادرولۇق ژۇرناللاردا نورۇز بايرىمىغا ئائىت مەخسۇس تېمىلىق ماقالىلەرنى ئېلان قىلىشمۇ بىر ئىشنىڭ تەقەززاسى.

ئالتىنچىدىن، نورۇز بايرىمىغا ئائىت تەتقىقاتتا ئومۇملۇق بىلەن ئايرىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدىغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلى جەھەتتىكى ئورتاقلىقنى يەكۈنلەشكىمۇ، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆتكۈزىدىغان نورۇز بايرىمىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشقىمۇ سەل قارىماسلىق لازىم.

يەتتىنچىدىن، «نورۇز تەزكىرىسى» نى يېزىپ نەشر قىلدۇرۇش كېرەك. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئاساسىي پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان ھالدا مەزكۇر تەزكىرىنى كىشىلەرگە نورۇز بايرىمىغا ئائىت بىلىم بېرىدىغان ئاممىباب قورال كىتاب قىلىپ يېزىش لازىم.

سەككىزىنچىدىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى نورۇز بايرىمىغا ئائىت تەتقىقاتنى ئىلمىي، ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن بۇ بايرامنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلىرى ۋە پائالىيەت مەزمۇنلىرى بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلىرىدىكى يېزا ـ قىشلاقلار ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى تۇرپان، قۇمۇلدىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش

كېرەك. بۇنداق تەكشۈرۈشتىن ئېرىشىلگەن بىرىنچى قول ماتېرىياللار ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ رېئال ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## خاتىمە

ئېلىمىزدە ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمىغا ئائىت تەتقىقات ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا باشلىنىپ بىر قىسىم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ ساقلانغان. ئىشىنىمىزكى، ئۇيغۇر فولكلور ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار ئىلمىي تەتقىقات روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تېخىمۇ زور تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلىسە، ئالدىمىزدىكى مەسىلىلەر بىر قەدەر تېز ھەل بولۇپ، نورۇز بايرىمى ھەققىدىكى تەتقىقات تېخىمۇ ئىلمىي، سىستېمىلىق بولۇشى ھەم مىكرولۇققا قاراپ يۈزلىنىشى تۇرغان گەپ. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى ھالقىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يۈزلەنمەكتە. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا بەرپا قىلىش، يېزا مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىش ۋە مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، جۈملىدىن نورۇز بايرىمىدەك كۆپ مىللەت ئۆتكۈزىدىغان بايرامغا ئائىت يېزا ساياھەتچىلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ساھەدىكىلەر يەنىمۇ تىرىشىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار


[1][5][19] ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، ئۈرۈمچى:شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى،2000-يىلى،360-361-بەتلەر.

[2] مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى،449-452-بەتلەر.

[3] «ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى»، تاشكەنت:1966-يىلى نەشرى، 14 -توم 187-بەت.

[4] [17]ئابدۇكېرىم راخمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1995 -يىلى،137-بەتتىكى «بايرام ۋە مۇراسىم ئادەتلىرى»دېگەن قىسمىغا قارالسۇن.

[6] ئىمىن تۇرسۇن: «نورۇزنامە»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار -ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001- يىلى، 1-، 11-، 25-بەتلەر.

[7] [20]季诚迁：少数民族节日，北京:中国社会出版社，2006年，参见“天山南北的诺鲁孜节”，26-32页.

[8]新疆维吾尔自治区对外文化交流协会编:《维吾尔族民俗文化》(古丽巴哈尔撰稿)，乌鲁木齐，新疆美术摄影出版社和新疆电子音像出版社，2010 年，第 192-193 页；，马雄福:《新疆少数民族服饰与节庆》，北京，中国旅游出版社，2008 年，第 28-29 页；王勇，高敬:《西域文明》，北京，时事出版社，2011 年，第 252-253 页.

[9] غەيرەت ئۆمەر، ئۆمەر موللا: «ئۈچتۇرپاندىكى جايتاغ نورۇز بايرىمى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1985-يىللىق17-مارتتىكى سانى، 3- بەت.

[10] ياسىن قاسىم: « ئەنئەنىۋى نورۇز بايرىمى »، « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »نىڭ 1985-يىللىق3-مايدىكى سانى، 4- بەت.

[11] تۇرسۇن ھامىد: « نورۇز توغرىسىدا »، « ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى »نىڭ 1985-يىللىق25-مايدىكى سانى، 4- بەت.

[12] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: « نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»، « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى »نىڭ 1990 -يىللىق3-سانى، 25-بەت.

[13][21] ئابدۇكېرىم راخمان: «نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1996 -يىللىق1-سانى، 98-بەت.

[14] مەھمۇد زەيدى: « نورۇزنىڭ تارىختىكى ئىزلىرى ۋە مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شېئىرلىرى »، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي

پەنلەر تەتقىقاتى »نىڭ 1996 ـيىللىق 3ـسانى، 96ـبەت.
[115]گۈلنار ئىبزىز: «ئۇيغۇرلاردىكى نورۇز بايرىمىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»نىڭ 2202 ـيىللىق 2ـسانى، 73ـبەت.
[16] [22] قاھار غوپۇر: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر بايرىمىنى ئېچىش ۋە يېزا ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەققىدە—نورۇز بايرىمىنى ئېچىش ئاساسىدا»، خەنزۇچە «سودا سارايلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» ژۇرنىلى، 2006 ـيىلى7ـ ئاي(ئاي ئوتتۇرىسى سانى) ئومۇمىي 47ـسانى، 194ـبەت.
[17]ئۆمەر داۋۇت «ئۇيغۇر كىلاسسىكلىرى نورۇز بايرىمى ھەققىدە قالدۇرغان تارىخىي مەنبەلەر »، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2011ـيىللىق 1ـسان.
[23]«نورۇزى ئالەم بۇگۈن» (ماقالىلەر توپلىمى)، تاشكەنت: 1989ـيىلى نەشرى، ئۆزبەكچە.
[24] Ahmad Pirverdi oğlu, "*The New Year & Spring Festivals among The Turks*", Hasan Celal Güzel, C. Cem Oğuz and Osman Karatay:«*The Turks*» V.I, part ten, Ankara: Yeni Türkiye Publications, 2002,PP,732-739.
[25] بۇ ھەقتىكى تېخىمۇ كۆپ تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى تۈركىيەدە چىققان تۆۋەندىكى ئالاقىدار ئەسەر ۋە ماقالىلەردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:
Bahaeddin Ögel, "Ergenekon Efsanesi". Türk mitolojisi, I.cilt D, Ankara: TTK Basimevi, 1998, PP, 59-71; Çay, A.M., Türk Ergenekon Bayrami – Nevruz, 7th Edition, Turan Kültür Vakfı Yayınları, Ankara, 1996, PP, 10-13; Heyet, C, " Nevruz Bayramı İran'da", Türk Kültüründe Nevruz Uluslararası Bilgi Şöleni(Sempozyumu) Bildirileri, Ankara: AKM Yayınları, 1995, PP, 119-120; Idrisi, H., "Eski İran ve Azerbaycan Eyaletinde Nevruz", Türk Kültüründe Nevruz,Uluslararası Bilgi Şöleni, P.137; Genç R. "Türk Tarihinde ve Kültüründe Nevruz", Türk Kültüründe Nevruz Uluslararası Bilgi Şöleni, P.20; Kabil Maksetof., "Ebû Reyhan Beyrûnî ve Nevruz Hakkında", Türk dünyasında Nevruz, ikici Bilgi Şöleni Bildirileri, Ankara: AKM Yayınları, 1996, P.272; Güzel A., "Türk Kültüründe Nevruz Ve Milli Birlik-Beraberlik", Türk dünyasında Nevruz, ikici Bilgi Şöleni, P.173; Kabul N.A., "Özbekistanda Nevruz Yani Yeni günün Şiir ve Şarkıları", Türk dünyasında Nevruz 3, Bilgi Şöleni. P.225; Rahman A., "Tarihten Günümüze Doğu Türkistan'da Nevruz kutlamaları", Türk Kültüründe Nevruz, Bilgi Şöleni, P.225; Hüseyin N, "Uygurlarda Nevruz", Türk Kültüründe Nevruz, Bilgi Şöleni. P321; Filiz Kılıç, "Osmanlı Devletinde ve Klasik Edebiyatımızda Nevrûz", Türk Dünyasında Nevrûz Üçüncü Uluslararası Bilgi Şöleni Bildirileri, Ankara 2000.
[26] Сафар Абдулло : *«Магия Нэвруза»* , Алматы 2007г. «ПолиграФкомбинат» корпорации «Атамура » Республики Казахстан.
[27]新疆维吾尔自治区对外文化交流协会编并由新疆美术摄影出版社和新疆电子音像出版社出版的：《柯尔克孜族民俗文化》（阿斯卡尔•居努斯，塞纳•艾斯别克撰稿），乌鲁木齐，2006 年，第 73-75 页；《乌孜别克族民俗文化》（拜合提亚尔•吐尔逊，阿丽亚•吉力力撰稿），乌鲁木齐，2008 年，第 98-99 页；《塔吉克族民俗文化》（西仁•库尔班，程万里撰稿）），乌鲁木齐，2006 年，第 116-118 页；《塔塔尔族民俗文化》（伊里旦•伊斯哈科夫撰稿），乌鲁木齐，2008 年，第 100 页.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماقالە نومۇرى: 09 ـ 011 ـ 01 (2011) 5878 ـ 1005

# موللا سىدىق يەركەندى ۋە ئۇنىڭ نەسرىي ئەسىرى «لىسسانۇتتەير» توغرىسىدا*

## ھۆرمەتجان فىكرەت، ئاينۇر ئابلىز

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە، 18 ـ ئەسىردە ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىب موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرىي ئەسىرى «لىسسانۇتتەير» بىلەن نەۋايىنىڭ نەزمىي ئەسىرى «لىسسانۇتتەير» نى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئەلىشىر نەۋايى «خەمسە»سىنىڭ كېيىنكى دەۋر ئەدىبلىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى، بولۇپمۇ «خەمسە» نىڭ نەسرىيلەشتۈرۈلىشى ۋە بۇنىڭدا موللا سىدىق يەركەندىنىڭ تۆھپىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 本文通过对 18 世纪维吾尔族文学家毛拉 · 斯迪克 · 叶尔坎迪的散文体《鸟语集》和纳瓦依的诗歌体《鸟语集》的比较研究，分析了伟大的思想家纳瓦依的《五卷诗》对其后文学家的影响，尤其是对《五卷诗》的散文体再创作以及毛拉 · 斯迪克 · 叶尔坎迪的贡献等问题做了探讨。

**Abstract:** In this paper, the author based on the analysis of the relationships between expressed intention and legal action in German Civil Law and compared expressed intention theories, analyzed the relationships between expressed intention and legal action from different prospective, and discussed the impact of the presence of such definitions as “expressed intention”, “legal action” on the law circle of China; and put forward reasonable opinions.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** I207　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

«لىسسانۇتتەير» (قۇشلار تىلى) ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان مەسەللىك داستان بولۇپ، مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان. بۇ ئەسەر نەۋايىنىڭ پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ يىرىك ۋەكىلى بولغان شائىر فەرىدىددىن ئەتتار(1145ـ 1229)نىڭ مەشھۇر ئەسىرى «مەنتىقۇت تەير»(قۇشلار نۇتقى) داستانى ئاساسىدا يېزىپ چىققان ئىجادىي ئەسىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا بېرىلگەن مەلۇماتتىن بىلىمىزكى، نەۋايى ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» ئەسىرىنى سەككىز ـ توققۇز ياش مەزگىلىدىن باشلاپلا زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشكەن ھەمدە بۇنى پۈتۈنلەي يادلىۋالغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە بۇ ئەسەرنى تەكرار مۇلاھىزە قىلىش، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەپەككۇرى، سەرگۈزەشتىلىرى، كىشىلىك ھايات، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىلاھىيەت ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەللىك سەككىز يېشىدا تۈركىيەدە مەيلى مەزمۇن ياكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتە بولسۇن شەيخ فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئەسىرى «مەنتىقۇت تەير» بىلەن

* بۇ ماقالە 2009ـيىلى 9ـ ئاينىڭ 16ـكۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** ھۆرمەتجان فىكرەت (1968ـيىلى4ـئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى، دوكتور.
ئاينۇر ئابلىز، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى.

www.uyghurkitap.com

سىپلىشتۇرغاندا بىر مۇنچە ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە بولغان « لىسسانۇتتەير » داستانىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر نەۋايىنىڭ «خەمسە» تەركىبىدىكى بەش داستاندىن كېيىن يازغان ئالتىنچى داستاندۇر.

نەۋايىنىڭ « لىسسانۇتتەير » داستانى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قوزغاپ، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا بۇ ئەسەرنى ئۆرنەك قىلغان بىر خىل ئەدەبىي ئەنئەنە شەكىللەنگەن. بۇ ئەنئەنىنى داۋاملاشتۇرغان شائىر، يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن: 19ـئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەدىب ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ « لىسسانۇتتەير » نى شەرھلەش ۋە تەتقىق قىلىش مۇھىم مەزمۇن قىلىنغان «مەقالات» ناملىق ئەسىرىنى، 18ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن شائىر ئىبنى يۈسۈپ خوتەنىنىڭ «مەنتىقۇت تەير» ناملىق ئەسىرىنى، موللا سىدىق يەركەندى نەسرىيلەشتۈرۈپ چىققان « لىسسانۇتتەير » نى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. مانا شۇ ئەسەرلەر ئارىسىدا ئەدىب موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرىي ئەسىرى «لىسسانۇتتەير» ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپلا قالماستىن، يەنە تىلىنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە راۋان بولۇشى، تەسەۋۋۇپنىڭ مۇرەككەپ نەزەرىيەلىرىنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ياردىمىدە ئاددىي تىللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىدەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇشۇ تىپتىكى ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك مەنبە ھېسابلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ «خەزايىنۇل مەئانى» غا جەملەنگەن دىۋانلىرىدىكى ئاجايىپ ئوتلۇق غەزەللىرى، «خەمسە»تەركىبىدىكى ئۆلمەس داستانلىرى بىلەن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنى تىكلەپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارەت ياراتقانىدى. شۇڭا شائىردىن كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مانا شۇ چوققىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، ئۆزلىرىگە ئۆرنەك قىلغان، نەۋايىنىڭ ماھارىتىدىن تەلىم ئېلىشقا تىرىشقان ئىدى. بۇ ھال 17ـ، 19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن ئەرشى، فۇتۇھى، مەشھۇرى، زەلىلى، نەۋبەتى، ھىرقەتى، نىزارى ۋە باشقا شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ناھايىتى روشەن كۆزگە تاشلىنىدۇ. بۇ دەۋردە شائىرلار بىر تەرەپتىن ئۆز ئىجادىيىتىدە نەۋايى ئەسەرلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ، شائىرنىڭ قاراشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ سۈژىتى، جۈملىدىن «خەمسە» داستانلىرى ئاساسىدا يېڭى ئەسەر يارىتىش(ئابدۇرېھىم نىزارى كەبى)، شائىرنىڭ غەزەللىرىگە تەخمىس باغلاش، نەۋايى غەزەللىرىگە تەقلىد قىلىش يوللىرى بىلەن شائىرنىڭ ماھارىتىدىن ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە كۆرسەتتى. يەنە بىر تۈركۈم ئىجادكارلار بولسا، شائىرنىڭ ئەسەرلىرىنى خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش، يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەخسۇس نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىيلەشتۈرۈش يولىنى تۇتتى. ئۆمەر باقى، سەبۇرى، موللا سىدىق يەركەندى ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر تولۇقراق نەسرىيلەشتۈرۈلگەن«خەمسە» موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «نەسرىي خەمسە» سى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«نەسرىي خەمسە» ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلاردىن بىرى. بۇ ئەسەر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە» سى ئاساسىدا تالانتلىق ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى تەرىپىدىن مىلادىيە 1813ـيىلى (ھىجرىيە 1228ـيىلى) نەسرىي بايان قىلىش يولى بىلەن قايتا ئىجاد قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئەدىب ئەسەرگە ئىككى خىل نام قويغان. ئەسەر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىنى نەسرىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا «نەسرىي خەمسە» دەپ نام بېرىدۇ. ئاندىن ئەسەرنىڭ نەسرىيلەشتۈرۈلىشىگە سەۋەبچى بولغان ۋە ھامىيلىق قىلغان شۇ دەۋردىكى يەكەن ھاكىمبېگى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگكە بولغان ھۆرمەت يۈزىسىدىن، ئەسەرگە يەنە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» دېگەن نامنىمۇ قويىدۇ. «نەسرىي خەمسە» دە نەۋايى«خەمسە» سى

تەركىبىدىكى «پەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر»، «سەبئى سەييارە»، قاتارلىق تۆت داستان نەسرىيلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، «خەمسە» نىڭ بىرىنچى داستانى، يەنى پەلسەپىۋى داستان «ھەيرەتۇل ئەبرار»نىڭ ئورنىغا نەۋايىنىڭ «خەمسە» سىدىكى بەش داستاندىن كېيىن يازغان ئالتىنچى داستانى« لىسانۇتتەير» نەسرىيلەشتۈرۈلگەن.

تەبىئىيكى، بۇ ئورۇندا شۇنداق سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن: ئەدىب «نەسرىي خەمسە»نىڭ پەلسەپىۋى داستان قىسمىغا نېمە ئۈچۈن «خەمسە»نىڭ ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى داستان بولغان «ھەيراتۇل ئەبرار» نى نەسرىيلەشتۈرمەي، بەلكى« لىسانۇتتەير »دىن ئىبارەت تېخىمۇ مۇرەككەپ پەلسەپىۋى داستاننى تاللايدۇ؟ مەلۇمكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا دەسلەپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا[1] ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان تەسەۋۋۇپىي غايىلەر تەدرىجىي ھالدا ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا سىڭىپ باردى ۋە تەرىقەت پائالىيەتلىرىنىڭ[2] كۈچىيىشى بىلەن 17- 18- ئەسىرلەرگە كېلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بىيىپ ئۆزگىچە خاس ئەدەبىي يۆنىلىش بولۇپ شەكىللەندى. ئەخلاقىي- پەلسەپىۋى ماۋزۇلار بويىچە يارىتىلغان پەلسەپىۋى-ئەخلاقىي ئەسەرلەردىن باشقا، يەنە تارىخ، تەرجىمىھال، ۋە مەنقەبە- كارامەتلەر(ئەۋلىيالارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى) تېمىسىدىمۇ كۆپلىگەن تەزكىرىلەر مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىدىكى تەزكىرە ژانىرى راۋاجلىنىپ، تەرىقەت پىرلىرىنىڭ ھاياتى، كەشپۇ-كارامەتلىرى ھەققىدىكى مەنقەبە ۋە تەزكىرىلەر ئارقا-ئارقىدىن يېزىلىشقا باشلىدى. زەللى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، مۇھەممەد سىدىق رەشىدىلەرنىڭ[3] تەزكىرىلىرى شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزگىچە خاس خۇسۇسىيەتلىرىدىن يەنە بىرى شۇ بولدىكى، تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا ئەسەرلەر يېزىلىپ، تەزكىرىلەر پۈتۈلگەندىن تاشقىرى، يەنە پارس تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىجادىي تەرجىمە قىلىش ۋە تەتەببۇ[4] يېزىش يوللىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا قايتا ئىجاد قىلىپ، پارس تىلىنى بىلمەيدىغان ئاۋام خەلقنى ئۇلاردىن بەھرىمەن قىلىشمۇ شائىر-ئەدىبلەر ئۈچۈن مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئورۇندا تۈركىي تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىدىكى بۇ ئەنئەنىنى بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ باشلاپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈر، ئەلۋەتتە. نەۋايى « لىسانۇتتەير » ئەسىرىنى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» ئەسىرى ئاساسىدا، «نەسايىمۇل مۇھەببەت»نى بولسا ئابدۇراھمان جامىنىڭ «نەفاھەتۇل ئۇنىس» ئەسىرى ئاساسىدا يازغانىدى.

17-18- ئەسىرلەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا بۇ ئەنئەنە داۋام قىلدى ۋە راۋاجلاندى. نەۋايىدىن كېيىن، 17- ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئىبراھىم ئىبنى يۈسۈپ خوتەنى فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇت تەير» ئەسىرىنى ئىجادىي تەرجىمە يولى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدا قايتا ئىجاد قىلدى[5]. شائىر خەراباتى بولسا مەۋلانە جالالىددىن رۇمى (1207-1273)نىڭ «مەسنەۋى مەئنەۋى» ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، ئۇنىڭغا تەتەببۇ تەرزىدە ئۆزىنىڭ «مەسنەۋى خەراباتى» ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مۇھەممەد سىدىق رەشىدى (1706/07-1785/1790) بولسا ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش نىيىتى بىلەن ئىش باشلاپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىگە ئايلاندۇرۇپ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيائى تۈركىي» ئەسىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ دەۋردە شائىرلار ئاۋامنى پارس مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىباھا ئەسەرلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش يولىدا زەخمەت چېكىش بىلەن بىرگە، يەنە بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاۋام تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈش يولىدىمۇ جاپالىق مېھنەت قىلغان. دېمەك، موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «خەمسە»تەركىبىدىكى «ھەيرەتۇل ئەبرار»نىڭ ئورنىغا نەۋايىنىڭ تەسەۋۋۇپقا بېغىشلانغان مەشھۇر ئەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«لىسسانۇتتەير» نى كىرگۈزۈپ، ئۇشبۇ ئەسەرنى نەسرىيلەشتۈرۈشى سەۋەبسىز قىلىنغان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئالدى بىلەن شائىر ياشىغان دەۋر شارائىتى شۇنداقلا ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئايرىم ئېقىم سۈپىتىدە راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ ئېھتىياجى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى[6]. چۈنكى، 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا خاس بىر يۆنىلىش تەرزىدە راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان تەسەۋۋۇپىي ئەسەرلەرنى چۈشىنىش، مۇتالىئە قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن خەۋەردار بولماق كېرەك ئىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتا« لىسسانۇتتەير » نىڭ رولى زور ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ئەدىب موللا سىدىق يەركەندى«ھەيرەتۇل ئەبرار»نىڭ ئورنىغا «لىسسانۇتتەير » نى ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى نەسرىيلەشتۈرگەن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردە موللا سىدىق يەركەندىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپقا بولغان مايىللىقىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان.

يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈركى، موللا سىدىق يەركەندىنىڭ « لىسسانۇتتەير » نى «نەسرىي خەمسە» گە كىرگۈزۈشىدە، ئەدىبنىڭ ئىدىيەسىدىكى تەسەۋۋۇپقا بولغان قىزىقىش ۋە بۇ ئەسەرگە بولغان مايىللىق ۋە قايىللىق ئاساسىي رول ئوينىيالا قالماي، بەلكى يەنە ئەسەرنىڭ قۇشلار سۆھبىتى ئارقىلىق ، نەۋائىينىڭ پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئىنساپ، ئىرپان، دۆلەت، ئىتتىپاقلىق، گۈزەللىك، ئىلىم ـ مەرىپەت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى، كۆزىتىشلىرىنىڭ سىمۋوللۇق يوللار بىلەن مۇئەييەن ۋەقەلىكلەر ئاساسىدا بايان قىلىنغان سۈژەتلىك داستان بولغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ تەرەپمۇ بەلگىلىك رول ئوينىغان بولۇشى ئېنىق.

مەلۇمكى، موللا سىدىق يەركەندى«خەمسە» نى نەسرىيلەشتۈرۈشتە ئاساسلىقى ئاۋامنى ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەندۈرۈش، نەۋائىي «خەمسە»سىدىكى چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بىلەن جانلىق تىلنى ئورگانىك ھالدا ماسلاشتۇرۇپ، نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئاۋامغا چۈشىنىشلىك قىلىپ يەتكۈزۈپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ جەھەتتە « لىسسانۇتتەير » نىڭ سۈژەتلىك داستان بولۇش سۈپىتى بىلەن ، مۇرەككەپ پەلسەپىۋى ـ دىداكتىك داستان«ھەيراتۇل ئەبرار» غا نىسبەتەن ئوقۇرمەنلەرنى بەكرەك قىزىقتۇرۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن ئەدىب نەۋائىينىڭ يۈكسەك ئىستېداتى ۋە ئىجادىي مېھنىتىگە چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قاراپ، ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئىستىلىنى ساقلىغان ھالدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتى بىلەن ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك نەسرىيلەشتۈرۈپ چىققان.

تۆۋەندە موللا سىدىق يەركەندىنىڭ «لىسسانۇتتەير » نى نەسرىيلەشتۈرۈش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا «لىسسانۇتتەير » نىڭ نەسرىي نۇسخىسى[7] بىلەن نەۋائىينىڭ نەزمىي ئەسىرى« لىسسانۇتتەير »[8] داستانى ئارىسىدىكى قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك، يېزىش ئۇسلۇبى ۋە ۋەقەلىك جەھەتتىكى پەرقلەر ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرىي بايان قىلىش جەھەتتىكى ماھارىتىنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.

نەزمىي ۋە نەسرىي ئەسەر « لىسسانۇتتەير » نى سېلىشتۇرۇشتىن بۇرۇن، شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، نەۋائىي نەزمىي ئەسىرى « لىسسانۇتتەير » نىڭ بىزدە نەشرگە تەييارلىنىپ «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان نەزمىي نۇسخىسى بىلەن تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نەزمىي نۇسخىسىدا قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

(1) نەۋائىينىڭ « لىسسانۇتتەير » داستانىنىڭ ئىلمىي تەنقىدىي تېكىستى شەرەفىدىن ئىشانخوجايېۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1965 ـ يىلى تاشكەنتتە ئەسلى چاغتايچە يېزىلىشى بويىچە نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئەنە شۇ نۇسخا 3598 بېيت، 193 بابدىن تەشكىل تاپقان. «بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندا بولسا 190 باب بار بولۇپ، 191 ـ بابى 190 ـ بابنىڭ ئاخىرىغا قوشۇۋېتىلگەن ھەم بۇ بابنىڭ 15 بېيىتى كەم قالغان، 192 ـ 193 ـ بابلار يوق.

(2) ئۇنىڭدىن باشقا تېكىستتە مىسرالارنىڭ چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى ئۇچراپ تۇرىدۇ. دەسلەپكى سېلىشتۇرۇشتا ھەرقايسى بابلاردىن بولۇپ جەمئىي 13بېيىتنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا مىسرالارنىڭ ئورنى ئالمىشىپ قېلىش، ئالدىنقى بابنىڭ ئاخىرىدىكى بېيىتنىڭ كېيىنكى بابقا قوشۇلۇپ قېلىشى، شۇ بابنىڭ ئۆزىدىكى بېيىتلارنىڭ ئورنى ئۆزئارا ئالمىشىپ، بېشىنىڭ ئاخىرىغا، ئاخىرىنىڭ ئوتتۇرىغا بولۇپ قېلىشى ، شۇنداقلا بېيىتلار ئىچىدىكى مىسرالارنىڭ ئۆز- ئارا ئالمىشىپ قېلىش ئەھۋاللىرى ئۇچراپ تۇرىدۇ.

(3) «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى نەزمىي نۇسخىنىڭ ئەسەر ئاخىرىدىكى 10 بېيىت تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان نەزمىي نۇسخىدا يوق. بۇ ئەھۋاللار بىزدە ساقلىنىۋاتقان قول يازمىدا شۇنداق كۆچۈرۈلگەنمۇ ياكى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدىكى ئەھۋالمۇ، بۇ بىزگە نامەلۇم. تۆۋەندە ئەسەرنىڭ نەزمىي ۋە نەسرىي نۇسخىلىرىنى سېلىشتۇرۇش نەتىجىسىگە ئۆتىمىز.

## 1.قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى

نەۋايىنىڭ « لىسسانۇتتەير » داستانى 3598 بېيىتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 193 بابتىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ[9]، ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقەددىمە(1- 13 بابلار)، ئاساسىي قىسىم (14—172بابلار) ۋە خاتىمە (173— 193 بابلار) دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. داستاننىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بويىچە، ئاللانىڭ ئاسمان- زېمىننى يارىتىشتىكى مۆجىزىلىك ھېكمەتلەر، ياخشىلىق- يامانلىقنىڭ كىشلەرگە ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتلىرى ئوبرازلىق ئوخشىتىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ، كېيىنكى 12 كىچىك ماۋزۇدا، ئاللاغا ھەمدۇ- سانا، رەسۇلۇللاغا بېغىشلانغان نەئىتلەر، رەسۇلۇللانىڭ مىراجغا چىققىشى، چاھارىيارلارنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى بايانلىرى ھەمدە ئاخىرىدا فەرىدىددىن ئەتتارغا ئېيتىلغان مەدھىيەلەردىن كېيىن، ئاساسىي ۋەقەلىككە ئۆتىدۇ. داستان ۋەقەلىكى 13-ماۋزۇدىن باشلاپ رەسمىي باشلىنىپ، 188- ماۋزۇدىن كېيىن خاتىمە ئورنىدا، يەنە ئاسمان- زېمىننىڭ يارىتىلىش ھېكمەتلىرى، قۇشلارنىڭ سۇمرۇغ دەرگاھىغا بېرىش جەريانىدا ھۇدھۇد (ھۆپۈپ)نىڭ ئۇلارغا باشچىلىق قىلغانلىقى قاتارلىق بايانلار بىلەن داستاننى ئاخىرلاشتۇرۇپ داستاننىڭ باشلانمىسىدىكى بايانلار بىلەن ماسلاشتۇرۇلىدۇ.

موللا سىدىق يەركەندىنىڭ نەسرىي ئەسرى «لىسسانۇتتەير » بولسا 173 ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان بولۇپ بىرىنچى ماۋزۇسىدىلا، ئەسەر ئاساسىي ۋەقەلىككە ئۆتۈپ، ئاساسىي ۋەقەلىككە ئانچە چوڭ تەسىرى بولمىغان مەزمۇنلارنى يەنى، نەۋايى ئەسىرىدىكى مۇقەددىمە ئورنىدىكى مەزمۇنلار — كىچىك ماۋزۇ ۋە ئاخىرىدىكى خاتىمە قاتارلىق مەزمۇنلار قىسقارتىلغان بولۇپ، نەۋايىنىڭ :

فەيز يەتكەچ ئول مەئنادىن ماڭا،

تاپتى نەزمىم بەلگۇ «فانىي»دىن ماڭا[10].

(ئۇ مەنىلەردىن ماڭا پەيز ۋە ئىلھام يەتكەچكە، بۇ تىلدا يازغان شېئىرلىرىمدا «فانىي» تەخەللۇسى ماڭا نىشانە بولدى)[11] . دېگەن بېيىتىدىلا ئەسەرنى تاماملىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئەدەب نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكى بويىچە، مەزمۇن جەھەتتىن يېقىن بولغان بەزى كىچىك ماۋزۇلارنى چوڭ بىر ماۋزۇغا يىغىنچاقلاپ (مەسىلەن، نەۋايى ئەسىرىدىكى 175-،176-،177- ماۋزۇلار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ماۋزۇ، 187-، 188-ماۋزۇلار بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ماۋزۇ قىلىنغان)، بۇ ئارقىلىق نەسرىي ئەسەرنىڭ قائىدە — قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا ئەسەر قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىچە خاس قۇرۇلما ئۆزگىرىشى ياساپ ئەسەرنىڭ نەسرىيلىك خۇسۇسىيىتىنى نامايان قىلغان.

## 2. يېزىلىش ئۇسلۇبى

موللا سىدىق يەركەندى شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەرنى ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىپ، ئۆز دەۋرىدىكىلەردىن باشقىچە يول تۇتۇپ، ئەسەر تىلىنى ئاغزاكىلاشتۇرۇپ ۋە راۋانلاشتۇرۇپ، يېزىش

www.uyghurkitap.com

ئۇسلۇبىنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىپ، ئەينى دەۋر ۋە كېيىنكى دەۋر پروزا تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. تۆۋەندە مىساللار بىلەن قاراپ باقايلى:

نەزمىي: نى گۇلۇ گۇلشەن ئىدى، نى قەسرۇ تەخت،
نى يانىدا مەھۋەشى فىرۇزە بەخت.

«قەلەندەر قارىسا، ئەتراپىدا گۇلىمۇ يوق، گۇلشەنىمۇ يوق، يېنىدا ئاي يۈزلۈك گۈزەلىمۇ يوق ئىدى»[12] .

نەزمىي: فانىيا، ئىشق ئىچرە فانىي بويلە بول،
بولمىسا سەبرۇ شىكىبىڭ بۇيلە ئۆل.

«ئەي فانىي! ئىشق ئىچىدە ئەنە شۇنداق پانىي بول. ئەگەر سەۋرى تاقىتىڭ تۈگىگەن بولسا، ئەنە شۇنداق ئۆل»[13].

ئەدىب يۇقىرىقىدەك بىر قىسىم شېئىرىي مىسرالارنى ئەينەن بېرىشتىن باشقا، يەنە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، نەزمىي نۇسخىدىكى 158 ـ، 161 ـ، 163 ـ، 165 ـ، 167 ـ 169 ـ، 171 ـ، 172 ـ ماۋزۇلاردىكى مۇناجات قىسمىنى، مۇناجات ژانىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ۋە بەدىئىيلىكىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، نەسرىيلەشتۈرمەي ئەسلىدىكى شېئىرىي شەكلىدە بەرگەن.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەدىب نەۋايىنىڭ بەزى شېئىرىي مىسرالىرىنى نەسرىيلەشتۈرمەي ئۆز ئەينى بېرىش ئارقىلىق، نەۋايىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە نۇقسان كەلتۈرمىگەن ئاساستا، ئۇنىڭ بەدىئىي ئىستىپداتى ۋە ماھارىتىدىن مەلۇمات بەرگەن :

دېدى: «ئايا نى جەمائەتتۇر بۇ خەيل؟
كىم ئېرۇرلار مىلك بەلاغا مۇبتەلا،
ئۇل بەلادىن بەھرە تاپماي، غەيرى لا».
بىسەرۇ سامانۇ سەرگەردان بارى،
قەدردە تۇفراق ئىلە يەكسان بارى.
يوق ھەقارەتدىن ئۇلاردا ئۆزگە ھېچ،
ئۇل ھەقارەتدىن كۆرۈنمەي كۆزگە ھېچ[14].

«...سورىدى: ھەي، مىڭ بالا ـ قازاغا مۇپتىلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر بەھرە ئالالمىغان، پەرىشان ۋە سەرگەردان بولغان، قەدىر ـ قىممەت جەھەتتە تۇپراق بىلەن تەڭ بولغان، بۇ قەدەر كۆپ خارلىقلارغا دۇچار بولۇپ، ھاقارەتتىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىگەن بۇ قانداق جامائەت؟!»[15] .

شەھ ھەرىمى ئىززىتىڭ پايانى يوق،
ھەر گەدا مەھرەملىقى ئىمكانى يوق[16].

«...ئۇ شاھنىڭ ئىززەت ۋە ئۇلۇغلۇق ھەرىمىنىڭ پايانى يوق، بۇ ھەرەمگە مەھرەم بولۇشقا ھېچ كىشىنىڭ ئىمكانى يوق. تەلەپكارلار ئۆمۈر بويى بۇ يولدا جان پىدا قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ بەخت ۋە دۆلەتكە يېتەلىشى مۇشكۇل»[17].

يۇقىرىقى مىساللاردا كۆرسىتىلگىنىدەك، بەزى مۇرەككەپرەك شېئىرىي مىسرالارنى قۇرمۇ ـ قۇر، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئەمەس، بەلكى نەسرىي ئەسەرلەرگە خاس بولغان «سۆز ـ جۈملىلەردىكى تەكرارلىقتا يول قويماسلىق» ئاساسىدا، شېئىرىي مىسرالارنى مەزمۇن بويىچە گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوشۇپ، ئۆز ـ ئارا بىرلەشتۈرۈپ كېڭەيتىپ ئىپادىلەپ، يېزىش ئۇسلۇبى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يول تۇتقان.

### 3. تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكى

تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، ئەدىب جانلىق تىلدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، چاغاتاي ئەدەبىي تىلى بىلەن جانلىق تىلنى ئورگانىك ھالدا ماسلاشتۇرۇپ، ئەسەر تىلىنى بېيىتقان. مەسىلەن:

«مۇھەببەت سىرلىرىدىن سۆز ئاچقۇچىلار ئۆز قەلىمىدىن مۇنداق گۆھەرلەرنى تۆكتى...»[18]؛ «مەنە سىرلىرىدىن بىشارەت بەرگۈچىلەر مۇھەببەت سەھىپىسىگە گۆھەر چاچقۇچى رەقەملەرنى مۇنداق يازدى...»[19]؛ «... جەندە كىيگەن بۇ دەرۋىش جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى...»[20].

مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، ئەدىب خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئاممىباب سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئەسەرنىڭ مەزمۇندارلىقى ۋە ئاممىباپلىقىنى ئاشۇرۇپ، خەلق ئارىسىغا تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولۇپ،

بۇنداق قۇرلار ناھايىتى كۆپ.

كەلدى مەئمۇرىغە ئۈمىدى ۋىسال ،
ئاسىيۇ جافىسىغە بىيمۇ نەكال.
ھېچقايىسى قەۋم ئارا يوق بۇيلە شاھ،
ئانسىز ئۆلغانلارغە يۈزمىڭ دەردۇ ئاھ[21].

« ...ئۇ پەرمانلىرىنى بېجا كەلتۈرگۈچىلەرگە ۋىسالدىن ئۈمىد بېرىپ، ئاسىي ۋە جاپاكارلارغا ئازابتىن خەۋەر بېرىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قۇشلار ئارىسىغا شاۋقۇن- سۈرەن چۈشتى. ھەربىرسىنىڭ كۆڭلىدە تەشۋىش ۋە ھاياجان پەيدا بولدى. بۇ قوۋم ئىچىدە ھەرقانداق بىر جانىۋار ئۇ پادىشاھنى بىلمەي، غەپلەتتە يۈرسە، ئۇنىڭ يۈزمىڭ دەرد-ئەلەمگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلدى».. [22]

ساڭا ھالەتكىم قىلۇرسەن كۆپ خۇرۇش،
بىلكى بار ئول نەۋئىكىم ئول سەبزە پۇش[23].

« ئەمما بۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمىدى. ئەي غاپىل، ساڭا ئاشۇ غاپىل شەيىخكە ئۇچرىغان كىشى ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قەدرىنى بىلمىسەڭ ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، نالە- پىغان قىلغان بىلەن پايدا تاپالمايسەن» [24].

ئاقىبەت بارىن چۇ سالىب كەتكەسەن،
نېتىلەر ئول قەۋم، سەنكىم نېتكەسەن[25].

« ...ئاقىۋەت سەن يەنىلا ھەممىنى تاشلاپ، بۇ دۇنيادىن كېتىسەن. ئۇلار جاپا-مۇشاققەتلەرنى چېكىپ،خەزىنە-دەپىنلەرنى توپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە بىرىگىمۇ ئىگە بولالماي، ئۇ دۇنياغا كەتتى، سېنىڭ ئاقىۋىتىڭمۇ ئەنە شۇنداق بولدۇ....»[26].

يۇقىرىقىدەك، نەزمىي نۇسخىدىكى چۈشىنىش بىر قەدەر تەس بولغان شېئىرىي مىسرالاردىكى ئابستراكت مەنىلەرنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك سۆز- ئىبارىلەرنى قوشۇش ئارقىلىق، يەنى ئاستىغا سىزىلغان كونكرېت جۈملىلەر ئارقىلىق مۇۋاپىق جايغا ئىشلىتىپ، مەزمۇنىنىڭ چۈشىنىشلىكلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئەسەر مەزمۇنىدىن ئاددىي خەلقنى مەنپەئەتلەندۈرۈش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن.

يۇقىرىقىلاردىن سىرت ئەدىب يەنە ئوخشىتىش، نەقىل كەلتۈرۈش ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە، ئەسەردىكى پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارنى، ھېكمەتلىك مەنىلەرنى چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، مىسال ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسرالارنىڭ يەشمىسىنى كۆرەيلى:

ئەرگە خۇلقۇ فىئل ئېرۇر زىبۇ جەمال،
ياڭى زەركەش ھۇللەسىدۇر ئەسكى شال[27].

« ......بۇ ھەقتە ئۇلۇغلار: ‹زىبۇ - زىننەت ۋە كىيىم بىلەن ماختىنىش ئاياللارنىڭ ئادىتى› دېگەن. ئەر كىشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە زىننىتى ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى ئەمەل بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇلار يېڭى زەرباپ توندىن كونا پالاسنى ئەلا بىلىدۇ»[28].

سىز تۇشۇپ ئول شاھدىن بىھەد بەئىد،
ئول يەقىنراق سىزگە مەئىن ھەبلۇل ۋەرىد.
ھەر كىشى بولسە تىرىك ئاندىن يىراق،
ئول تىرىكلىكدىن ئۆلۈم كۆپ ياخشىراق[29].

«سىلەر ئۇ شاھتىن بەكمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن، ئەمما ئۇ سىلەرگە ئىنتايىن يېقىندۇر. بۇ خۇددى ئۇلۇغ ئاللانىڭ: ‹ بىز ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ گۆرەن تومۇرىدىنمۇ يېقىن (جېنىدىنمۇ بەكرەك يېقىن) › دېگەن ئايىتىنىڭ مەزمۇنىدەك ئەھۋال. مەسىلەك ئىگىلىرى بۇنداق مەرتىۋىنى ‹ قۇربىيەت ›(يېقىنلىق) دەيدۇ. مۇلاھىزە قىلىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى شۇكى، بۇ باسقۇچتا مەسىلەك ئىگىلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ئىچكى ئازاب، ۋىجدانىي سوراق پەيدا بولىدۇ. بۇنداق مەرتىۋىگە يەتكەنلەرنى تەرىقەت ئەھلى دەپ ئاتايدۇ. كىشىگە تىرىكلىك ئالىمىدە بۇنداق مەرتىۋىدىن بىخەۋەر ۋە يىراق بولۇشتىن كۆرە ئۆلۈم ئەۋزەلرەكتۇر»[30].

بۇنداق مىساللاردىن كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئېنىقكى، ئەدىب بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەسەردىكى تولۇپ - تېشىپ تۇرغان ھېكمەت ئۈنچىلىرىنى، سەنئەت گۈزەللىكلىرىنى نامايان قىلىپ بەرگەن.

## 4. خۇلاسە

ئومۇمەن، «لىسسانۇتتەير» نەۋايى دۇنيا قارىشى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيەسىنىڭ مۇجەسسەم ئىپادىسى بولۇپ، موللا سىدىق يەركەندى ئەسەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنى قايتا ئىجاد قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«لىسسانۇتتەير» چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەزمۇنى، تەسىرلىك ھېكايەتلىرى ۋە گۈزەل بەدىئىي ئۇسلۇبى بىلەن كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقان ئەسەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئەدەب بۇ ئەسەرنى نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىشتا يالغۇز تىل سەنئىتى جەھەتتىكى ئىپادىلەش ماھارىتىگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئەسەردىكى غايىۋى يۆنىلىش، پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي قاراشلارنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىشنىڭ ئاساسى بولغان تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى تولۇق چۈشىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قارىشى، مەنىۋى دۇنياسى، كىشىلىك ھاياتتىن يىغقان مول تەجرىبە - ساۋاقلىرى شۇنداقلا يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاۋامغا يەتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىنى نامايان قىلغان.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «لىسسانۇتتەير» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نەسرىيلەشتۈرۈلۈپ «نەسرىي خەمسە» گە كىرگۈزۈلۈشى ئەدىبنىڭ «نەسرىي خەمسە» نى يارىتىشىدىكى زور مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە نەۋائىينىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى، مەنىۋى ئالىمىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار:

[1] بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن قاراڭ: ھ. فىكرەت « ‹قۇتادغۇبىلىك›دىكى تەسەۋۋۇپىي ئىدىيەلەرنىڭ ئىپادىلىرى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1997- يىللىق 2-سان؛ ي.ئې.بېرتېلس: «سۇپىزم ۋە سۇپىستىك ئەدەبىيات»، موسكۋا، 1965- يىل؛ ك. تالىپوۋ « ‹قۇتادغۇبىلىك›-دەۋر ئەينىكى»، «كوممۇنىزم توغى»، 1988 يىل،29-،30- ئىيۇل سانلىرى؛ م.س. فومكىن «يۇسۇف بالاساغۇنىينىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› ئەسىرىدىكى سۇفىستىك موتىفلار توغرىسىدا»، «سوۋېت تۈركولوگىيەسى»، 1990-يىل، 5-سان؛ سائادەت چاغاتاي: « ‹قۇتادغۇبىلىك›دىكى ئودغۇرمىشنىڭ كىشىلىكى»، «تۈرك تىلى تەتقىقاتى يىللىق توپلىمى-بەللەتەن1967»؛ روبېرت دانكوف: « ‹قۇتادغۇبىلىك›نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ مۇقەددىمە ۋە ئىزاھلىرى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلاردىن تاللانغان تەرجىملەر»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.
[2] بۇ ھەقتە كەڭراق مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: ھ. فىكرەت: «خوجىلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ۋە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 2000- يىلى، 1-،2 -،3-سانلار.
[3] زەلىلىي: «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف»، «زەلىلى دىۋانى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1985- يىلى؛ مۇھەممەد سادىق قەشقەرىي: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989- يىلى؛ مۇھەممەد سىدىق رەشىدى:«ئەۋلىيالار سۇلتانى- تۇرانلىق ۋەلىيلەر»، تاشكەنت، 1995- يىلى؛ مەزكۇر تەزكىرە ھەققىدىكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن قاراڭ: ھ. ھەمدوف: «ئەجدادلار ساۋىقى- ئەقىل قايرىقى»، تاشكەنت، 1998 - يىلى، 79-90- بەتلەر؛ ئى. ئاستانەقۇل ئاققورغانىي: «فەرغانىلىك ۋەلىيلەر»، تاشكەنت، 2001- يىلى، 27-38 -بەتلەر.
[4] تەتەببۇ ـ نەزىرە دەپمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىلەردىن بىرى بولۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى دوراش، يەنى ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، تېمىلارنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈپ، شۇلارنىڭ يولىدىن مېڭىش شەكلى بىلەن ئەسەر يارىتىش ھادىسىسىنى كۆرسىتىدۇ.
[5] ئىبراھىم ئىبىن يۇسۇف خوتەنى: «مەنتىقۇت تەير»، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995- يىلى؛ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئۈچۈن قاراڭ: ھ. فىكرەت: «فەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا تەسىرى»، «بۇلاق»، 2002- يىلى، 1-سان.
[6] بۇ ھەقتە قاراڭ: ھ . فىكرەت: «ئۇيغۇر تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە»،«شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 2008-يىللىق 3- سان.
[7] موللا سىددىق يەركەندى: ««لىسسانۇتتەير»» ، «بۇلاق» ، 1993 -يىللىق 3-، 4- سانلار.

[8] ئەلىشىر نەۋائىي: «لىسانۇتتەير» ،«بۇلاق»، 1994-يىللىق 1-، 2 - سانلار.

[9] شەرىپىدىن شەراپوۋ: « ‹لىسانۇتتەير› ھەققىتى»، 1998-يىلى، تاشكەنت، 24-بەت.

[10] ئەلىشىر نەۋايى: «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق»، 1994- يىلى 2- سان، 95- بەت.

[11][12][13][26]موللا سىدىق يەركەندى: «لىسانۇتتەير»،«بۇلاق»، 1993-يىلى 4-سان، 88-، 13-، 46-،10-، بەتلەر.

[14][16][25] ئەلىشىر نەۋايى: «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق»، 1994- يىلى 2- سان، 81-، 31-، 40-،

[15][19] موللا سىدىق يەركەندى: «لىسانۇتتەير» ، «بۇلاق»، 1993-يىلى 4-سان، 68-69-، 6- بەتلەر.

[17][18][20][22][24][28][30] موللا سىدىق يەركەندى: «لىسانۇتتەير» ، «بۇلاق»، 1993-يىل 3-سان، 68-، 40، 41-، 13-، 22 -، 29-، 9- بەتلەر.

[21][23][27][29] ئەلىشىر نەۋايى: «لىسانۇتتەير»، «بۇلاق»، 1994- يىلى 1- سان، 95-، 102-،108-، 91-بەتلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

........................................................................................................................

## تەھرىر ئىلاۋىسى:

قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن ئابدۇراھمان باقى ئەپەندى تەمىنلىگەن «قەشقەردە ساقلىنىۋاتقان تارىخ ۋە تەزكىرىگە ئائىت قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي كاتولوگى» ناملىق ماقالىدە، 12 -ئەسىردىن 19-ئەسىرگىچە ئارىلىقتا كىلاسسىك يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن، نۆۋەتتە قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە تەزكىرىسىگە ئائىت ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، قاچان، نەدە، كىم تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ياكى كۆچۈرۈلگەنلىكى، ساقلىنىش ھالىتى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ماقالىنى ژۇرنىلىمىزدا 2011-يىللىق 1-ساندىن باشلاپ بوش قالغان بەتلەرگە مەزمۇن پۈتۈنلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان ئاساستا پارچىلاپ بەرمەكچىمىز. مۇشۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تەتقىقاتىنى مەلۇم ئۈچۈر بىلەن تەمىنلەش ئاپتورنىڭ ۋە بىزنىڭ ئۈمىدىمىز.

### ئەسھابۇلكەھف تەزكىرىسى

ئەسەر تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 216 بەت. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مۇھەممەد سادىق قەشقەرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت شەكلىدە يازغان.

تۆرلۈك دىنىي، تارىخىي رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان«ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى تەزكىرىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، ئاساسلىقى «ئەسھابۇلكەھف» ھەققىدە ئېيتىلغان بەزى كۆز قاراشلارغا قارىتا ئۆزىنىڭ دەلىل ئىسپاتلىق ، پاكىتلىق قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئەسەردە، ئەسھابۇلكەھفنىڭ تارىخى، «ئەسھابۇلكەھف» دەپ ئاتالغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ «ئاللانى ئىزدەش» تىن ئىبارەت قىسمەتلىرى، تا قىيامەتكىچە تاغ غاردا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا يېتىپ، قىيامەتتە ئويغىنىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار دىنىي ئەقىدە قارىشى بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ تەزكىرە «ئەسھابۇلكەھف» توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە قارا سىيا بىلەن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما بولۇپ، كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 13×21 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 9×15.5 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق. ھەربىر بەتتە 13 قۇر خەت بار، بەزى بەتلىرىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، تولۇق، ياخشى ساقلانغان، ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ0 34 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا.

www.uyghurkitap.com


第 32 卷第 1 期 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 32-يىللىق 1-سان
2011 年 3 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2011-يىلى 3-ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 01_020_16


# مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسىدىكى «مەدەنىيەت» ئۇقۇمى ھەققىدە*


ساۋۇت پاۋان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)



**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئانتروپولوگىيەنىڭ مۇستەقىل بىر پەنگە ئايلىنىشى ۋە خىلمۇ-خىل ئىنسانلار توپىنىڭ مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى، دەپ تونۇشى جەريانىدا، ئانتروپولوگلار مەدەنىيەتنى ھەر خىل نۇقتىدىن تەتقىق قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتكە بەرگەن ئېنىقلىمىسىمۇ پەرقلىق بولدى. XX ئەسىر ئانتروپولوگلىرى ھەقىقەتەنمۇ مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا ئېنىقلىما بېرىش بىلەن ئالدىراش ئۆتتى. ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى ئانتروپولوگلار بولسا مەدەنىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن ئاساستا ئۇنى ئۆگىنىلگەن، توپ ئەزالىرى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، ھەم ھەر بىر كىشى مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل، دەپ قېلىپلاشتۇردى. مانا شۇلارنىڭ قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇش ئاساسىدا ئۆزىمىزدىكى مەدەنىيەت ئاتالغۇسى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسلىق نىشانىدۇر.

**摘要:** 人类学在成为一门独立的学科并把了解不同群体的文化定为自己的最终目标的过程中人类学家从不同的角度研究和解释文化。20 世纪人类学家确实忙于给文化下定义。当今的人类学家基本上认为文化是后天习得的、群体成员共享的、使他们有别于他人的并且每一位人成为完整社会人所不可缺少的。本文旨在介绍他们的各种主张的基础上反思我们所使用的文化的定义。

**Abstract:** Anthropologists have studied cultures from diverse points and interpreted it in various ways during the process, before anthropology becoming an independent discipline and anthropologists regarded understanding cultures of different as their ultimate goal. Obviously, the 20th century's anthropologists have been busy with defining the meaning of culture. Contemporary anthropologists almost agree that culture is acquired, shared by each members of the group, largely responsible for group-level differences, and necessary to make individuals into complete persons. In this paper, by introducing their main viewpoints on culture, the author reflected the meaning of cultures we are using in our context nowadays.



كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H0          ماتېرىيال بەلگىسى: A


## 1. مۇقەددىمە

«مەدەنىيەت» سۆزى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان تولىمۇ تونۇش سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تارقىلىش دائىرىسى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن ئادەتتىكى تەشۋىقات

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 1- ئاينىڭ 14- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.


**ئاپتور:** ساۋۇت پاۋان(1968-يىلى1-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، دوكتور. شىنجاڭ مىللەتلىرى تارىخى، كۇلتۇرى ۋە ئانتروپولوگىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

چاپلىمىلىرىغىچە كېڭەيگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىم مەدەنىيىتى، فولكلور مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى، ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتى، چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى، ئات مەدەنىيىتى، يولچىلىق مەدەنىيىتى، تېرىم مەدەنىيىتى، بوستانلىق مەدەنىيىتى قاتارلىقلار تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە تېما سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىپ[1]، ئوقۇرمەنلەرگە خىلمۇ-خىل مەدەنىيەت ئوبيېكتلىرىنى ئىزاھلىغان بولسا، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇچراپ تۇرىدىغان «مەدەنىيەتلىك شەھەر ئاھالىسىدىن بولايلى، مەدەنىيەتلىك يولۇچىلاردىن بولايلى، مەدەنىيەتلىك ساياھەتچىلەردىن بولايلى...» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارمۇ كىشىلەرگە ھەر ۋاقىت «مەدەنىيەت»نى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. بەزى ئاتالغۇلار ھەتتا كىشىلەرگە«مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرقانداق بىر سۆزگە قوشۇپ، يېڭى ئاتالغۇ ياسىغىلى بولىدىغان بىر سۆز ياسىغۇچى«قوشۇمچە»گە ئايلىنىپ قالغاندەك تۇيغۇمۇ بېرىپ قويىدۇ.

بىز ھەردائىم ئۆزىمىزنى«دۇنيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشقان» دەپ پەخىرلىنىشكە كۆندۈرگەن. شۇڭا، بىز ھەر قېتىم «مەدەنىيەت»ئاتالغۇسىنى ئۇچراتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۇقۇمى بىزگە تولىمۇ چۈشىنىشلىكتەك، ھەممىمىز ئۇنى ھېس قىلالايدىغاندەك تۇيغۇغا دەرھاللا كېلەلەيمىز. ئەمما «مەدەنىيەت» نىڭ زادى قانداق بىر ئۇقۇمدا قوللىنىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باققانلىرىمىز بەلكىم تولىمۇ ئاز بولۇشى مۇمكىن. غەيرەتجان ئوسمانىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «مەدەنىيەت»دېگەن بۇ سۆز ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن بولۇپ، «ماكانلاشماق»، «ئولتۇراقلاشماق»، «شەھەر» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان «مەدىنە» سۆزىدىن كەلگەن. ئەمما بۇ سۆزنىڭ قايسى دەۋرلەردە قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئاساس يوق[2]. ئاپتور يەنە قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «مەدەنىيەت» سۆزىگە ماس كېلىدىغان «ئەردەم» سۆزى مەۋجۇت بولۇپ، كلاسسىك ئەسەرلەردە «پەزىلەت، ئەخلاق، قابىلىيەتلىك، قىممەتلىك» مەنىلىرىدە قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ[3].

بىزگە تونۇش بولغىنىدەك، ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى كىشىلەرنىڭ ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرنىمۇ بىر-بىرىگە ئۇچراشتۇردى. دۇنيا ساياھەتچىلىكى، خەلقئارالىق سودا، دۆلەتلەر ئارا كۆچمەنلىك، مىللىي سۈركىلىش قاتارلىق ساھەلەردە، خەلقلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلەنمەكتە. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسىگە بولغان قىزغىنلىقى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قوشۇنىمۇ كۈندىن-كۈنگە زورايماقتا. چۈنكى، ئۇ بىزگە باشقا مەدەنىيەتلەرنى چۈشىنىشنىڭ ۋە ئۇلاردىن ھوزۇرلىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىدۇ، بىزدىن باشقا خەلقلەرگە ئۆزىمىزنى مەركەز قىلغان مىللەتچىلىك پوزىتسىيەسى بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىقنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. خۇددى ج. پىپولس بىلەن گ.بېيلى (J. Peoples, G. Bailey) قاتارلىق ئانتروپولوگلار تەشەببۇس قىلغاندەك، دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنى شۇۋىنىزملىقنى تۈگىتىش بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى تونۇپ يېتىش ھەم ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىشتۇر[4]. مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە سەۋەبلەر بىلەن مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسىنىڭ ئورنى ئۆزلۈكسىز ئۆرلەپ، ئانتروپولوگىيە ئىلمىدىكى ئەڭ چوڭ ساھەگە ئايلاندى.

مەدەنىيەت ئانتروپولوگلىرىنى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇۋاتقان بىر-بىرىنى كەمسىتىش، خاتا چۈشىنىش، مىللىي توقۇنۇش، چېكىدىن ئاشقان شوۋىنىزملىق قاتارلىقلارنى ئازايتىش ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇۋاتقانلار، دەپ قاراشقا بولىدۇ[5]. ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ھەرقايسى مىللەت، ئېتنىك تۈركۈم ۋە ئىرققا تەۋە كىشىلەرنىڭ رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىرى. ئۇلار تەتقىق قىلغان ياكى قىلىۋاتقان «مەدەنىيەت»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زادى قانداق نەرسە؟ ئۇلار «مەدەنىيەت» ئۇقۇمىغا قانداق ئېنىقلىما بەرگەن؟ مانا مۇشۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئاساسىدا كەسپداشلار ۋە ئوقۇرمەنلەر بىلەن «مەدەنىيەت» ئۈستىدە پىكىرلىشىش مەزكۇر ماقالىنىڭ مۇددىئاسى. تەنقىدىي پىكىر ـ تەكلىپلەرنى تەتقىقات سۈپىتىنى ئۈستۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ـ دەپ قارايمەن، ئەلۋەتتە.

## 2. مەدەنىيەت (كۇلتۇر؟)

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، XX ئەسىر ئانتروپولوگىيەسىنىڭ يەككە مەركىزىي ئىدىيەسى «مەدەنىيەت» (Culture) سۆزىدۇر[6]. ئىنگلىز تىلىدىكى Culture سۆزى لاتىن تىلىدىكى پېئىل Colare نىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى Cultura دىن كەلگەن بولۇپ، ئېتمولوگىيەلىك مەنىسى يېزا ـ ئىگىلىك ئىشلىرىدىكى تۇپراقنى«ئۆزلەشتۈرۈش ياكى مۇنبەتلەشتۈرۈش»(cultivation) سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «كۆڭۈل بۆلۈش، ھالىدىن خەۋەر ئېلىش» چۈشەنچىسىنى بېرەتتى. قەدىمكى روما كىشىلىرى دېھقانچىلىقنى ئەڭ ئىلغار بولغان «مەدەنىي» (cultural) پائالىيەت ـ دەپ قارىغان[7]. شۇڭا بۇ سۆز تۇپراق (Agro) بىلەن بىرىكىپ «يېزا ـ ئىگىلىك» (Agriculture)، باغ (Hortus) بىلەن بىرىكىپ باغۋەنچىلىك (Horticulture) مەنىسىنى بېرىدىغان ئاتالغۇلارنى ھاسىل قىلغاندى. XVII ئەسىردىكى ئىنگلىز تىلىدا culture سۆزى ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتى مەنىسىنى ئىپادىلەشتە ئورتاق قوللىنىلىدىغان سۆزگە ئايلانغان.XVIII ئەسىردە بولسا تېخىمۇ كەڭ مەنىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئىلمىي ئاتالغۇغا تەرەققىي قىلغان[8]. س. بېنخابىب (S. Benhabib) ئېيتقاندەك، غەرب مودېرنىزمى، كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكى، ئىلمىيلاشقان دۇنياقاراش شۇنداقلا بيۇروكراتلىق مەمۇرىي باشقۇرۇش «مەدەنىيەت» نىڭ يىلتىز مەنىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. گېرمان تىلىدا كۇلتۇر (Kultur) ئاتالغۇسى XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تارىخ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن بولسا، ئىنسانىيەت خىلمۇ ـ خىل پەرقلىق مەدەنىيەتلەرگە ئايرىلغاندىن كېيىن، تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە شۇنداقلا كۆپلۈك شەكىلدە ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. ھەتتا ئىجتىمائىي پەنلەر (Geisteswissenschaften) ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىنى مەدەنىيەت پەنلىرى (Kulturwissenschaften) ئاتالغۇسى ئىگىلىگەن[9].

مەدەنىيەت ئاتالغۇسى ئۆزىنىڭ XIX ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى تارىخىدا تولىمۇ مۇرەككەپ ھەم پەرقلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان تۈسنى ئالدى. بىرىنچىدىن، مەدەنىيەتنىڭ بىرلىك مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەم باھالىغىلى بولىدىغان «ئىنسانىيلىق» ئۇقۇمى؛ مەدەنىيەت ـ بىر ئادەم مۇكەممەل ئەخلاق ئىگىسىگە ئايلىنىش ئۈچۈن ئېرىشىشى شەرت قىلىنغان قورال. مەسىلەن، بەزى كىشىلەر باشقىلاردىن مەدەنىيەتلىكرەك، چۈنكى ئۇلار كۆپرەك مەدەنىيەت ئۆگەنگەن. يەنە بەزى ئىنسانىي مەھسۇلاتلار يەنى ئوبرازلىق سەنئەت، مۇزىكا، ئەدەبىيات باشقا مەھسۇلاتلاردىن مەدەنىيرەك. ئىككىنچىدىن، كۆپلۈك مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەم نىسپىي بولغان «ئانتروپولوگىيەلىك» ئۇقۇمى؛ مەسىلەن، دۇنيا ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتلەرگە بۆلۈنگەن. ھەر بىر مەدەنىيەت ئۆز ئىگىلىرىگە نىسبەتەن قىممەتلىك. ھەرقانداق بىر شەخس ئۆزى ياشاۋاتقان ئالاھىدە مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئوخشاشماسلىق ئۇلارنىڭ مىللىي ياكى ئىرقىي كىملىكى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقى بىلەن چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك[10]. ئانتروپولوگىيە ساھەسىدە بولۇپمۇ 1940 ـ 1950 ـ يىللىرىدىكى ئامېرىكا ئانتروپولوگلىرى «مەدەنىيەت» كە «ھەقىقىي، توغرا» ئېنىقلىما بېرىش ئۈچۈن زور كۈچ سەرپ قىلدى.ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى ئانتروپولوگلارنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى بولغان «مەدەنىيەت»ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى باشقا ساھەلەردىن ئايرىپ چىقىشقا مەركەزلەشكەن ئىدى. ئانتروپولوگلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «يۇقىرى قاتلام مەدەنىيىتى» بىلەن «ئاممىباب مەدەنىيەت» نىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى

ئۇستىدە ئىزدىنىش، شۇنداقلا بىر خەلق تۇپىنى باشقىلاردىن «بەكرەك مەدەنىيەتلىك» دېيىش پۈتۈنلەي بىمەنىلىك.دەپ قارالدى[11].

## 3. «مەدەنىيەت»نىڭ ئېنىقلىمىسىغا نەزەر

ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگلاردىن ئا.كروبېر بىلەن س.كلاكخون (A. Kroeber, C. Kluckhohn) 1952-يىلى «مەدەنىيەت ئۇقۇمى ۋە ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسىغا تەنقىدىي باھا» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ئانتروپولوگىيە ساھەسىدە مەدەنىيەتكە بېرىلگەن 162 خىل ئېنىقلىمىنى تونۇشتۇرغان. بەزى ئېنىقلىمىلار بىر-بىرىگە تولىمۇ ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، ئاپتورنىڭ يەكۈنى يەنىلا «مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئانتروپولوگلار بىرلىككە كەلگەن ئېنىقلىما مەۋجۇت ئەمەس» دېگەندىن ئىبارەت[12]. مەزكۇر ئەسەرگە ئاساسلانغاندا، ئانتروپولوگلارنىڭ «مەدەنىيەت»ئۇقۇمىغا بەرگەن ئېنىقلىمىلىرىمۇ تارىخنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنگەن: «مەدەنىيەت»نىڭ كۆپ مەنبەلىك ئۇقۇمدىن ئانتروپولوگىيەلىك ئۇقۇمغا ئايلىنىش باسقۇچى؛ ئامېرىكا ئانتروپولوگلىرى «مەدەنىيەت»ئۇقۇمىغا بەس-بەستە ئېنىقلىما بېرىشكەن باسقۇچ، يەنى XXئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلى؛XXئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى «مەدەنىيەت»نى«سىمۋول ۋە مەنە» دەپ ئىزاھلايدىغانلارنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە سۇسلىشىشىدىن ئىبارەت.

### 1) خېردېردىن بوئاسقىچە ـ مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى ئىزاھلىرى

ئا.كروبېر بىلەن س.كلاكخوننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، «مەدەنىيەت» سۆزىنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك مەنىسى ئەڭ بۇرۇن ئې.ب.تايلور (E. B. Tylor) تەرىپىدىن 1871-يىلى چۈشەندۈرۈلگەن، لېكىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە باشقىلارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىيالمىغان ئىدى[13]. گ.ستوكىڭ ئۇلارنىڭ بۇ خىل قارىشىغا قوشۇلماستىن، تايلورنىڭ ئېنىقلىمىسى ئۇنچە دەبدەبىلىك ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان ئانتروپولوگىيەسى ئۇقۇمىغا ئىگە ئېنىقلىمىنىڭ مەنبەسىنى بوئاسنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، دېگەن تەشەببۇسنى ياقلايدۇ[14]. س. خان (C. Hann) ۋە باشقىلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، مەدەنىيەتنىڭ كۆپلۈك ئۇقۇمىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، خىلمۇ-خىل مەدەنىيەتلەرنى بىلىش جەھەتتىن، شۇنداقلا ئېتىكا جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنلەر ئارىسىداXVIII ئەسىردىكى گېرمانىيەلىك ج.گ. خېردېر، (J. G. Herder) ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن[15]. خېردېرنىڭ نەزەرىدە، ئوخشاش بولمىغان خەلقلەر خۇددى يەككە شەخسلەردەك بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئاددىيلا بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، بىز ياشاش ئۇسۇلى ياكى ئادەتلىرى، ئېھتىياجلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر تەركىبىي قىسمىنى چۈشىنىشتە قىينالمايمىز[16].

خېردېرنىڭ تەشەببۇسىنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز ئۇنىڭ مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى تىلغا ئالغانلىقى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭمۇ كۆپ خىللىقىنى مەدھىيىلىگەنلىكىدە. يەنى«بىز مەلۇم بىر خەلق ياكى مەدەنىيەت ئەزالىرىنى باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باھالىيالمايمىز ھەم باھالىماسلىقىمىز كېرەك، شۇنداقلا مەلۇم بىر مەدەنىيەت تۇپىنىڭ باشقا بىر غەيرىي مەدەنىيەتكە لايىقلىشىشىنى تەلەپ قىلماسلىقىمىز كېرەك» دېگەندىن ئىبارەت[17]. گەرچە خېردېر مەدەنىيەت ئۇقۇمى تەتقىقاتىغا زور تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، ئۇ 1803-يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مەدەنىيەتنىڭ ئېنىقلىمىسى قالايمىقان بولۇپ كەتتى ھەم ئەتراپلىق تەتقىقاتمۇ قىلىنمىدى. ئەكسىچە مەدەنىيەت ئاتالغۇسى ئەنگلىيە مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالدى. تايلور «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دېگەن كىتابىنىڭ بىرىنچى بېتىدە «كەڭ دائىرىلىك ئېتنوگرافىيەلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت ياكى مەدەنىيەتلىك (culture or civilization) مۇرەككەپ بىر گەۋدە بولۇپ، ئۇ بىلىم، ئېتىقاد، ئەخلاق، قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەت، شۇنداقلا ئادەم جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ھەرقانداق ئىقتىدار ۋە ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ يازغان ئىدى[18]. بىراق، گ. ستوكىڭ (G. Stocking) بۇ خىل ئېنىقلىمىنى دىگەندەك قوللىماستىن، «تايلورنىڭ مەشھۇر ئېنىقلىمىسى ھازىرقى زامان ئانتروپولوگىيەسىدىكى ئۇقۇمنىڭ ئىپتىداسى،- دىگەندىن كۆرە، ئەنگلىيەدىكى مەدەنىيەت تەنقىدچىلىكى ئەنئەنىسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىغان ياخشىراق» دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرىدۇ[19].

گەرچە تايلور تىلغا ئالغان«مۇرەككەپ بىر گەۋدە» ئۇقۇمى خىردىرنىڭ تەلىماتىغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، تايلور ئېيتقان «مەدەنىيەت»ھەربىر كىشىدە بار بولغان يەككە ھادىسە. شۇڭا كېيىنكىلەر ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسىدىن پايدىلانغاندا، ھامان كېيىنكى «مەدەنىيەتلىك (civilization) » سۆزىنى قىسقارتىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن. خىردىر ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەتنىڭ كۆپلۈك ئۇقۇمى بىلەن ھازىرقى زامان ئانتروپولوگىيەلىك ئۇقۇمنى بىر-بىرىگە ئۇلىغۇچى ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئانتروپولوگ ف.بوئاس (F. Boas) بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئامېرىكا ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ئارىسىدا يېگانە ئورۇندا تۇرىدۇ. 1898-يىلى، بوئاس ئۆزىنىڭ ئامېرىكىنىڭ غەربىي شىمال قىرغاقلىرىدىكى يەرلىك خەلقلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن برىتانىيە جەمئىيىتىگە بەرگەن دوكلاتىدا، ئىنسانلارنى تۆرگە ئايرىشنىڭ فىزىكىلىق ئالاھىدىلىك، تىل ۋە مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇ يەنە ئەپسانىلەرنىڭ ھەرقايسى تۇپلار ئارىسىدا بىر-بىرىدىن قانداق قوبۇل قىلىنىدىغانلىقى ياكى قانداق ئورتاق بەھرىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، «شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، بىز ھەرقايسى قەبىلىلەردىن توپلىغان ئەپسانىلەر ئۆز ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولماستىن، بەلكى سىرتتىن كەلگەن ماتېرىياللارنىڭ جۇغلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى تۈسىنى ئالغان. بۇ ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۆز يېتى قوبۇل قىلىنغان، ئاندىن قوبۇل قىلغان خەلقلەرنىڭ خاراكتېرىگە لايىقلاشتۇرۇلۇپ ئۆزگەرتىلگەن بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن» دىگەن قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ[20].

بوئاسنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قالدۇرغىنى مەدەنىيەتنىڭ ئانچە تولۇق بولمىغان نەزەرىيەسى ياكى ئېنىقلىمىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى XX ئەسىر ئامېرىكا ئانتروپولوگلىرىنى ئالدىراش قىلىۋەتكەن بىر قاتار مەسىلىلەر بولدى. بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتنىڭ كۆپلۈك ھەم نىسپىيلىك ئېنىقلىمىسى ئىلمىي ئىرقچىلىق بىلەن شوۋىنىستىك تەدرىجىي تەرەققىياتچىلىققا يەنە بىر تاللاش يولىنى ئاتا قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەتنى تارىخىي جەرياننىڭ توپلانمىسى،- دەپ قاراش كېرەكمۇ، ياكى ئۇنى مەلۇم بىر خەلقنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇكەممەل بىر گەۋدە،- دەپ قاراش كېرەكمۇ دېگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بىسىقمىدى.

## 2) بوئاستىن كېيىنكى مۇنازىرىلەر

بوئاسنىڭ شاگىرتلىرى شۇنداقلا شاگىرتلىرىنىڭ شاگىرتلىرى مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىق نەزەرىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دۇنيا مەلۇم بىر ئابستراكت «مەدەنىيەت»تىن ئەمەس بەلكى نۇرغۇنلىغان «مەدەنىيەتلەر» دىن تەركىب تاپقان،- دېگەن ئىدىيەنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار ھەتتا «مەدەنىيەتلەر» ھايۋانلارنىڭ خاسلىقى بولماستىن، بەلكى تېگى-تەكتىدىن ئىنسانىيەتكە خاس بايلىق، شۇنداقلا ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ تۈپكى پەرقى بولۇپ، ئۇنىڭ بىيولوگىيەدە يىلتىزى يوق،- دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. ر. بېنېدىكت (R. Benedict) ئىلمىي ئىرقچىلىققا قىلغان ھۇجۇمىدا مەدەنىيەتكە مۇنداق ئېنىقلىما بەرگەندى. «مەدەنىيەت-- ئۆگەنگەن ئادەت (behavior) نى ئىپادىلەيدىغان جەمئىيەتشۇناسلىق ئاتالغۇسى؛ ئادەت-ئادەمدە تۇغۇلۇشتىلا بار نەرسە ئەمەس، ھەرە ياكى چۈمۈلىگە ئوخشاش كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ئادەتمۇ ئەمەس، بەلكى ھەر بىر يېڭى ئەۋلاد چوڭلاردىن قايتىدىن ئۆگىنىدىغان نەرسە.

ئىنسانلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆگەنگەن ئادەتلەرگە تايىنىپ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇلارنىڭ باشقا جانلىقلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشىقا تامامەن ھەقلىق ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى. ئۇلار مەدەنىيەت ياراتقۇچى ھايۋانلار»- دەپ ئاتىلىشى كېرەك » [21].

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بوئاس تەرەپدارلىرى XIX ئەسىردىكى تەدرىجىي تەرەققىياتچىلاردىن روشەن پەرقلەنمەيتتى. بېنېدىكت مەدەنىيەتنىڭ كۆپ خىللىقىنى ھەمدە مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىردەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن. بۇ خىل تەشەببۇس ئانتروپولوگلارنىڭ مەلۇم بىر مەدەنىيەتنىڭ روھى، ئەخلاقى، ئېستېتىكىسى ۋە ھېسسىي خاراكتېرلىرىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. مەدەنىيەت ۋە خاراكتېر ئېقىمىنىڭ پەيدا بولىشىغا ئەگىشىپ، ئې. ساپىر (E. Sapir) غا ئوخشاش بەزى ئانتروپولوگلار شەخسىي (يەككە) خاراكتېردە ئىپادىلەنگەن مەسىلىلەرگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ساپىرنىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنىڭ «ھەقىقىي ئىزى» جەمئىيەتتە بولماستىن،بەلكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئۆز-ئارا ھەرىكىتىدە، شۇنداقلا شۇ ئۆز-ئارا ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغان ئاڭدا ئىپادىلىنىدۇ. «ھەقىقىي مەنادىن ئېلىپ ئېيتقاندا،ھەر بىر كىشى ئاز بولغاندىمۇ ئۆزى تەۋە بولغان توپنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بىر تارماق مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ» [22] .

بوئاس تەرەپدارلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيەلىرى ئوخشاشلا باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. نەتىجىدە مەدەنىيەتكە بېرىلگەن ئېنىقلىمىلارمۇ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە مەيدانغا چىقىپ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى بېيىتتى. ئا.ر. رادكلىف-براۋن (A.R. Radcliffe-Brown) «بىز شەخسلەرنىڭ سۆزلەش ئۇسۇلى، شۇنداقلا ئىلگىرىكى ھەرىكەتلىرىنىڭ ماددىي مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئادەت شەكىللىرىنى كۆزىتەلەيمىز. بىراق بىز بىر ‹مەدەنىيەت› نى كۆزىتەلمەيمىز، چۈنكى بۇ تولىمۇ رېئاللىقى بولمىغان ئابستراكت سۆزدۇر» [23] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويسا، م.ج. خېرسكوۋىتس( M. J. Herskovits) «مەدەنىيەت» نى «ئېتىقاد، ئادەت، بىلىم، قائىدە-نىزام، قىممەت قارىشى، شۇنداقلا مەقسەت قاتارلىق مەلۇم بىر خەلقنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر ئاساسىي قۇرۇلما» دەپ چۈشەندۈردۇ[24]. شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىزاھلاشلار تاكى 1952-يىلىغىچە خىلمۇ-خىل يوللار ئارقىلىق نامايان بولۇپ تۇردى. شۇ يىلى كرۆبېر بىلەن كلاكخون «مەدەنىيەت»ھەققىدىكى بارلىق ئېنىقلىمىلارنى توپلاپ، ئۇلارنى ئالتە كاتېگورىيەگە ئايرىدى. ئۇلار تەسۋىرىي كاتېگورىيە، تارىخىي كاتېگورىيە ( ئەنئەنىنى تەكىتلىگۈچىلەر)، قېلىپ كاتېگورىيەسى (قائىدە-نىزام ياكى قىممەت قارىشىنى تەكىتلىگۈچىلەر)، پىسخىك كاتېگورىيەسى (ئۆگەنگەن نەرسە ياكى ئادەتنى تەكىتلىگۈچىلەر)، قۇرۇلما كاتېگورىيەسى ( ئۇسلۇب ياكى شەكلىنى تەكىتلىگۈچىلەر)، ئىرسىيەت كاتېگورىيەسىدىن ئىبارەت[25].

ئانتروپولوگ ۋ.خ. گۇدىناف(W. H. Goodenough) مەدەنىيەت ھەققىدىكى يۇقىرىقىدەك ئېنىقلىمىلارنى ئادەتنىڭ قېلىپى بىلەن ئادەتنى قېلىپلاشتۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم پەرقنى غۇۋالاشتۇرىۋەتكەنلىك،- دەپ كۆرسەتتى[26]. گۇدىنافنىڭ سۆزىچە ، ئانتروپولوگلار ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنى ئىشلەتكەندە، ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدا قاتراپ يۈرگەن. بىرىنچىدىن، مەدەنىيەت مەلۇم توپ ئىچىدىكى تۇرمۇش قېلىپىنى، يەنى مەلۇم ئىنسان توپىنىڭ ئادەتلىك تەكرارلىنىدىغان ھەرىكەت شۇنداقلا ماددىي ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت مۇشۇ دۇنيادىكى كۆرگىلى بولىدىغان ھادىسىلەر ۋە ئىشلار كاتېگورىيەسىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىدىن، مەدەنىيەت ئىنسان توپى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە ۋە تۇيغۇلىرىنى شەكىللەندۈرۈش، ھەرىكەتلىرىنى فورمۇلالاشتۇرۇش،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆز تاللىشىنى قارار قىلىش جەھەتلەردە ئاساسلىنىدىغان بىلىم ۋە ئېتىقادتىن تەشكىللەنگەن سىستېمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەدەنىيەت ئېتىقادىدا، مەدەنىيەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ئىپادىلەيدۇ[27].

## 4. «مەدەنىيەت»كە بولغان تەنقىدىي نەزەرىيەلەر

1960 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئانتروپولوگلارنىڭ نەزەرى مەدەنىيەتنى ئادەت ياكى قېلىپلاشقان يۈرۈش ـ تۇرۇش، ـ دەپ قاراشتىن، مەدەنىيەتنى ئىدىيەۋى سىستېما ياكى سىمۋوللۇق مەنىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى، ـ دەپ تەكىتلەشكە يۆتكەلدى[28]. نەتىجىدە ھەر بىر مەدەنىيەت ئورتاقلىققا ئىگە روھىي ئىپادىلىنىشلەردىن تەركىب تاپقان، ـ دەپ چۈشىنىلدى. ۋەكىللىك سالاھىيەتكە ئىگە ئانتروپولوگلاردىن د. شنايدېر (D. Schneider) نىڭ قارىشىچە، «مەدەنىيەت» ئىنسانلار ياشاۋاتقان ۋە ئۆزلۈۋاتقان مەلۇم بىر جەمئىيەتتە ئەكس ئەتكەن ھاياتلىقنىڭ رېئاللىقى دەپ قارالغان بارلىق ئېلېمېنتلاردىن تەشكىل تاپقان[29]. بۇ خىل قاراش بويىچە ئېيتقاندا، مەدەنىيەت رېئاللىقنىڭ ئىپادىلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇقۇملاشقان قۇرۇلما بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز لوگىكىسىغا ئاساسەن ھەر بىر ھەرىكەتنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، يېتەكلەش، تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ. مەدەنىيەت جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇددىئا بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەم ئۇنىڭ تەكشۈرلۈكىنى ساقلايدۇ. جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئۆلچىمىدىن ھالقىغان قىلىق ـ مەدەنىيەتسىزلىكنى ئىپادىلەيدىغان غەيرى، بىنورمال، ناچار قىلىق، ـ دېيىلىدۇ.

بىراق، شنايدېردىن كېيىنكى ئون نەچچە يىل مابەينىدە، مەدەنىيەت ئۇستىدىكى نەزەرىيەلەر ئانتروپولوگلار ئارىسىدا تېخىمۇ قىزغىن مۇنازىرەلەرنى ھەتتا گۇمانلارنى قوزغىدى. گۇمانىي نەزەرىيەلەرنى قوللىغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق دەلىلى بولسا، «مەدەنىيەت ـ چەكلىمىلىك، ئوخشاش تىپلىق، بىردەكلىك، مۇقىملىق ھەمدە قۇرۇلمىنى ئەسلىتىدىغان ئۇقۇم. لېكىن ئىجتىمائىي رېئاللىق بولسا كۆپ خىللىقلىقى، زىددىيەتلىكلىكى، توقۇنۇشچانلىقى، ئۆزگىرىشچانلىقى ھەمدە شەخسىي ھەرىكەتچانلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن» دېگەندىن ئىبارەت. مەزكۇر گۇرۇھقا مەنسۇپ ئانتروپولوگلاردىن ئا. ئاپپادۇراي (A. Appadurai) «مەدەنىيەت» دېگەن ـ بۇ ئاتالغۇ قاراماققا تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ باراۋەر بولمىغان بىلىم بىلەن پەرقلىق سالاھىيەتتىن ئىبارەت پاكىتلىرىغا ئاشكارا قارشى تۇرىدىغان ئورتاق بەھرىمەن بولۇش، قوللاش، چەكلەش دېگەنلەرگە ئالاھىدە ئىمتىياز ئاتا قىلىۋاتقاندەك، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەنە شۇ چەتكە قېقىلغان ياكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنىۋاتقانلارنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە رولىغا ئەھمىيەت بېرىشكە توسالغۇ بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنمەكتە»[30] دېسە، ج. فرىدمان (J. Frriedman) تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، "مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ كىشىگە خاتا تۇيغۇ بېرىدىغان ئەڭ خەتەرلىك تەرىپى بولسا، ئۇ خەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا، مۇددىئانىڭ نەتىجىسى كۆرۈلىدىغان ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ رىقابەتلىك مەيدانىدىن ئىبارەت ئىنتايىن ئېگىز ـ پەس سورۇننى تۈزلىمەكچى»[31] دەپ چۈشەندۈردى.

مەدەنىيەت ئۇقۇمى ھەققىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ئانتروپولوگلار بىلەن ئۇلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىۋاتقان خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر كۆپتۈرۈلۈپ، خەلق ئانچە مۇھىم بولمىغان ئورۇنغا تۇرغۇزۇلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئىككىسىنىڭ ئېتنوگرافىيەلىك ئۇچرىشىش مۇساپىسىنى يىراقلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئانتروپولوگلارنىڭ مۇنداق مۇتلەق ناتونۇشلارنىڭ مۇتەخەسسىسى، تەرجىمە قىلغۇچىسى ھەتتا ھەقىقىي ياراتقۇچىسى بولۇشتەك ئىمتىيازلىق ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ت. ئىنگولد (T. Ingold) بۇ ھەقتە توختىلىپ، «مەدەنىيەت دېگەن بۇ ئۇقۇم ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانلارنىڭ شارائىتىنى كۆزىتىدىغان ‹بىز› بىلەن بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئوبيېكتىمىز بولغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ۋە ئادەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ‹باشقا خەلقلەر› ئوتتۇرىسىدا تۈپتىن بۆلۈنۈش ياساپ، ئارىمىزنى يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئويناۋاتىدۇ»[32] دېسە، ر. م. كىزىنگ (R. M. Keesing) «بىزنىڭ مۇنازىرىمىزنىڭ

ماھىيىتى بىزنىڭ مەدەنىيەتكە قانداق ئېنىقلىما بېرىشىمىز بىلەنلا خاراكتېرلەنمەستىن، بەلكى بىزنىڭ ئىمتىيازلىق پېنىمىزنىڭ باشقىلارنىڭ پەرقلىقلىقىنى تەسۋىرلەشكە قىزىققانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ[33]، بىر قىسىم ئانتروپولوگلارنىڭ مەدەنىيەتكە ئېنىقلىما بېرىشىنى ئۆزلىرى بىلەن ئۆزگىنىڭ مەدەنىيەت پەرقىنى تەكىتلەيدىغان، شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ كۆمۈلۈپ قالغان تويلارنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇۋاتقانلىق تۆھپىسىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان پۇرسەت قىلىۋالغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

## 5. ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسىدىكى «مەدەنىيەت»ئۇقۇمى

مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيەسى ئۆزتەرەققىياتى جەريانىدا مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا خىلمۇ-خىل نۇقتىدىن چىقىش قىلىپ ئىزاھات بەرگەن بولسىمۇ، بەزى ئۇقۇملار بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ ، ئەكسىچە بىر-بىرىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ھازىرقى زامان ئانتروپولوگلىرى بىردەك قوشۇلغان مەدەنىيەت ئېنىقلىمىسى نۇرغۇنلىغان ئانتروپولوگلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرى ئاساسىدا خۇلاسىلەنگەن بولۇپ، كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدىغانلاردىن ئې.دۇركخايم (E.Durkheim)[34] ، م.مائۇس (M.Maus)[35]، بېنېدىكت[36]، م.مىد (M.Mead)[37]، ج.ستۇئېرد (J.Steward)[38] ، ل.ۋايت (L.White)[39]، م.فرىد (M.Fried)[40]، م.خارىس (M.Harris)[41]، س.تايلېر (S.Tyler)[42]، خ.كوڭكلىن(H.Conklin)[43]، س.ئورتنېر (S.Ortner)[44]، م.روسالدو (M.Rosaldo)[45]، م.دوگلاس (M.Douglas)[46]، س. گېرتس (C.Geertz)[47] قاتارلىقلار بار.

بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى مەدەنىيەت تۆۋەندىكىدەك بەش خىل ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

(1) مەدەنىيەت جەمئىيەتتە ئۆگىنىلگەن قىلىق(ئادەت) لاردىن تەركىب تاپقان. كىشىلەر تۇغۇلۇشى بىلەنلا مەدەنىيەتنى بىلىپ تۇغۇلغان ئەمەس. بىز ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ئۆگىنىشنى تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ باشلايمىز. مەدەنىيەت ئۆگىنىش توختاۋسىز بىر جەريان بولۇپ، بۇ جەريان پەقەت بىز ئۆلگەندە ئاخىرلىشىدۇ.بىراق، بىزنىڭ ئۆز مەدەنىيەت توپىمىزنىڭ لاياقەتلىك بىر ئەزاسىغا ئايلىنىش جەريانىمىز دەل بىزنىڭ بالىلىق دەۋرىمىزدۇر.

مەدەنىيەتنى جەمئىيەتتە ئۆگىنىلگەن،-دېگىنىمىز مەدەنىيەتنىڭ ئەجدادتىن-ئەۋلادقا ئۆتۈشى ئىرسىيەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ،- دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلغانلىقىمىزدۇر. مەدەنىيەت ھەرگىزمۇ ئىنسانىنىڭ بىئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدە بىر تەركىبىي قىسمى بولماستىن، بەلكى ئادەم تۇغۇلغان توپ ئىچىدە چوڭ بولۇش جەريانىدا باشقىلاردىن ئۆگىنىدىغان نەرسە. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ (ئىرقىي پەرقىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) بىيولوگىيەلىك پەرقى، ئۇلار ئارىسىدا ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇ ۋە ئىش-ھەرىكەت جەھەتتە مەۋجۇت بولغان پەرقلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھەرقانداق بىر ئىنسان بالىسى ھەرقانداق بىر ئىنسان توپىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىشكە تامامەن قادىر. بۇ خۇددى ھەرقانداق بىر بوۋاقنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان ھەرقانداق بىر توپنىڭ تىلىنى ئۆگىنەلىگەندەكلا بىر ئىش. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت پەرقى بىلەن بىيولوگىيەلىك پەرق بىر-بىرى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز.

مەدەنىيەتنى جەمئىيەتتە ئۆگىنىلگەن،-دېگىنىمىز يەنە كىشىلەر مەدەنىيەتنى ئۆز ئالدىغا تەجرىبە ياكى سىناق قىلىش ئارقىلىق ئۆگەنمەيدۇ،-دېگەنلىكتۇر. باللار مەدەنىيەتنى ئاساسەن كۆزىتىپ، دوراپ، ئالاقىلىشىپ ۋە تەپەككۇرىغا تايىنىپ ئۆگىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ باشقا ئۇمۇرتقىلىق ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى ئادەمنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە باشقىلارنى دوراش ئارقىلىق ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقىدا. مەسىلەن يېمەك-ئىچمىكىمىزنى ئېلىپ ئېيتساق، بىز ھەرگىزمۇ خىلمۇ-خىل يېمەكلىكلەرنى تېتىپ كۆرۈپ، ئاندىن خىلمۇ-خىل تېبىبىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق يېمەكلىكنىڭ بەدىنىمىزدىكى تەسىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، بىزگە تېتىغان پايدىلىق يېمەكلىكلەرنى تاللاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىشقان ئەمەسمىز. ئەكسىچە، بىز ئائىلىمىز ۋە مەدەنىيىتىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە لايىقلاشقانمىز. شۇڭدىلا بىز نۇرغۇن بەدەل تۆلەشتىن ساقلىنالايمىز. ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتنى مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان تەجرىبە-سىناققا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتكە تايىنىپ ئۆگىنىشىنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكلىرى بار. بىرىنچىدىن، جەمئىيەتتە ئۆز تۈپىنىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن ئالاقىلىشىش جەريانىدا ئۆگەنگەندە، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن مەنپەئەتدار بولالايدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەرقانداق بىر ئەۋلاد ئېرىشكەن مەدەنىيەت كېيىنكى ئەۋلادقا مىراس بولىدۇ، كېيىنكى ئەۋلادمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىغا قالدۇرىدۇ. نەتىجىدە، بىر ئەۋلاد ئىگە بولغان بىلىم ۋە ئادەتلەر كېيىنكى ئەۋلاد ئۈچۈن يوشۇرۇن بايلىق ھېسابلىنىدۇ (ئەلۋەتتە چۈشۈپ قېلىش ياكى ئالمىشىش ھادىسىلىرىمۇ ھەر بىر ئەۋلادتا كۆرۈلىدۇ). مۇشۇنداق جەريان ئارقىلىق بىلىم ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد جۇغلىنىدۇ، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ھايات تۇرالىشىمىز دەل بىزنىڭ بۇرۇنقى ئەجدادلار جۇغلىغان بىلىمگە مىراسخور بولۇپ ياشىغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر[48].

(2) مەدەنىيەت كوللېكتىپنىڭ بولۇپ، مەلۇم تۈپنىڭ ئەزالىرى ئۇنىڭدىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ يەردىكى تۈپ ئۇقۇمى تولىمۇ تۇتۇق بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي بىزنىڭ قىزىقىشىمىزغا باغلىق. مەسىلەن، غەرب مەدەنىيىتى، شەرق مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، بۇددا مەدەنىيىتى... دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلاردا شۇ خىل مەدەنىيەتكە مەنسۇپ تۈپلار تولىمۇ زوردۇر. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تارىم مەدەنىيىتى سانى تولىمۇ ئاز كىشىلەر تۈپى ياراتقان مەدەنىيەتتۇر. مەدەنىيەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى خىل شەرتتىن ئاز دېگەندە بىرىنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ؛ بىرىنچىدىن، كىشىلەر ئۆز-ئارا ئالاقىلەشكەندە بىر-بىرىنى توسالغۇسىز چۈشىنەلىشى، بىر-بىرىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ نېمە مەنا بىلدۈرىدىغانلىقىنى بىلەلىشى كېرەك. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار «ئۆيگە كىرىڭ» دېگەن سۆزنى كۆپىنچە تەكەللۇپ ئورنىدا ئىشلىتىمىز، بۇ ھەممىمىزگە ئايان، لېكىن باشقا مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەر كۆپىنچە بۇنى خاتا چۈشىنىۋالىدۇ. ئىككىنچىدىن، كىشىلەردە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت كىملىكى (cultural identity) بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئۆزلىرىنى ۋە ئۆز مەدەنىيىتىنى باشقا تۈپلاردىن ۋە باشقا مەدەنىيەتتىن پەرقلىق... دەپ تونۇشى كېرەك. ئورتاق مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان كىشىلەر كۆپىنچە ئوخشاش بىر جەمئىيەتتە ياكى ئورتاق بىر تېررىتورىيەدە ياشاۋاتقان، ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان، باشقا جەمئىيەت ۋە باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئورتاق كىملىك تۇيغۇسى بولغان كىشىلەردۇر.

(3) مەدەنىيەت تۈپنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىدىغان بىلىمى... دېمەكتۇر. ئانتروپولوگلار مەدەنىيەت بىلىملىرى... دېگەن سۆزنى مەلۇم تۈپنىڭ ئېتىقادلىرى، تۇيغۇلىرى، بەلگىلىمىلىرى، ئۆلچەملىرى قاتارلىقلارنى ئوبيېكتىپ ياكى پۈتۈنلەي توغرا... دېگەن مەنىدە ئىشلەتمەيدۇ. كەسپىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئانتروپولوگلار مەلۇم تۈپنىڭ بىلىمىنىڭ توغرىلىقى ياكى قىممىتىگە باھا بەرمەيدۇ. ئەڭ مۇھىمى مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ئەمەس، بەلكى شۇ مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيەت بىلىملىرى ئارقىلىق ئۆز-ئارا چۈشىنەلەيدىغان ھەم باشقىلار قوبۇل قىلالايدىغان ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلالىغانلىقىدا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇشۇ پائالىيىتى ئارقىلىق ھايات كەچۈرۈپ، ئەۋلاد قالدۇرالىغانلىقى ھەم ئۆز مەدەنىيىتىنى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرەلىگەنلىكىدە. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مەدەنىيەت بىلىملىرى كىشىلەرنى ئۆز ئەتراپىدىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئىنسانلار باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش بىيولوگىيەلىك مۇھتاجلىققا ئىگە. ئۇلار ياشاش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇشتا تايىنىدىغان يېتەرلىك يېمەكلىك ۋە مۇۋاپىق شارائىتقا، شۇنداقلا باشقا پسىخولوگىيەلىك ئامىللارغا مۇھتاج. ھايۋانلار ئۆز مۇھىتىغا بىيولوگىيەلىك جەھەتتە ماسلىشىش ئارقىلىق ياشىسا، ئىنسانلار ئۆز مۇھىتىغا مەدەنىيىتى ئارقىلىق ماسلىشىپ ياشايدۇ[49]. مەدەنىيەت ئۆز-ئۆزىمىزنى بېقىشتىكى ئاساسلىق قورالىمىزدۇر. شۇڭا ئىنسانلار تۈپى خىلمۇ-

خىل بىلىم ۋە تېخنىكىلارنى بەرپا قىلىپ، ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن ئېھتىياجلىق ئېنېرگىيەگە ئېرىشىپ ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار ياراتقان بىلىم ۋە تېخنىكا مەدەنىيەتنىڭ يادروسى سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولىدۇ. مەدەنىيەت ئارقىلىق لايىقلىشىش بىيولوگىيەلىك لايىقلىشىشقا قارىغاندا ئالاھىدە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىنسانلار مەدەنىيەت بىلىملىرى ئارقىلىق ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەم تېز ھەم ئاسان ھەل قىلالايدۇ. باشقا جانلىقلارنىڭ بىيولوگىيەلىك ماسلىشىشى بولسا تولىمۇ ئاستا بولىدۇ. مەسىلەن، پاكىز سۇدا ياشاۋاتقان بېلىق ناۋادا سۇ سانائەت ئەخلەتلىرى بىلەن بۇلغانسا، تاسادىپىي گېن ئۆزگىرىشى پەيدا قىلالمىغان ئەھۋالدا ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بېلىق ھەرگىزمۇ بۇلغانغان سۇدا قانداق ياشاشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئەمما ئىنسانلار بۇلغانغان مۇھىتتا ياشاشنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئۇلار مۇھىتنى ساپلاشتۇرىدىغان تەدبىرلەرنى تاپالايدۇ، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتەلەيدۇ، بىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىش قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزى ياشىغان تەبىئىي مۇھىتقا لايىقلىشىپ، بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى دەل ئۇلارنىڭ رەڭگا-رەڭ مەدەنىيەت ياراتقانلىقىدىن ھەمدە شۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋارىسلىرىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن، سۇ قۇرۇلۇشىدىكى مۆجىزە بولغان كارىزنى شۇ مۇھىتقا ماسلىشىپ، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئېھتىياجى چۈشكەن ئەجدادلىرىمىز كەشىپ قىلغان. بىزنىڭ بۇ قارىشىمىز ئانتروپولوگىيەنىڭ مۇھىم ئېقىملىرىدىن بولغان مەدەنىيەت ئېكولوگىيەسى، مەدەنىيەت ماتېرىيالىزمى، يېڭى تەدرىجىي تەرەققىياتچىلىق، يېڭى ماركسىزم، ئىجتىمائىي بىيولوگىيە قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيەلىرىگە تايىنىدۇ[50].

مەدەنىيەت بىلىملىرى يەنە توپنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش جەريانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىجتىمائىي مۇھىت ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن بىر-بىرىگە تايىنىدىغان كىشىلەر توپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى شۇنداقلا بۇ توپنىڭ ئەتراپىتىكى باشقا توپلار بىلەن شەكىللەندۈرگەن بىر قاتار مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى تەبىئىي مۇھىت بىزنى ھاياتلىق ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان يېمەكلىك ۋە باشقا بايلىقلار بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، ئىجتىمائىي مۇھىت بىزگە شۇ بايلىققا ئېرىشىپ، ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆگىتىدۇ. كىشىلەر بۇ بايلىققا بەزىدە ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئېرىشسە، بەزىدە رىقابەت ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتقا لايىقلىشىش ھەققىدىكى ماقال-تەمسىللىرىدىن «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگىنى رىقابەتنى تەشەببۇس قىلسا، «پادىشاھ كۆندۈزنى كېچە دېسە، كۆڭنى ئاي دېگۈلۈك»، « زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق» دېگەنلىرى پايدا-زىياننى ھېسابلاپ ئاندىن ئاقىلانە قارار چىقىرىشنى ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ.

مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ دائىرىسى تولىمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر خەلقنىڭ ئېتىقادى، قاراشلىرى، دۇنياغا بولغان پەرەزلىرى ۋە باشقا روھىي ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا مەدەنىيەت بىلىملىرىگە قارىغاندا، مىزان (norms)، قىممەت قارىشى (values)، سىمۋول (symbols)، رېئاللىقنى تۈرگە ئايرىش (classification of reality) ۋە دۇنيا قاراش (world view) تىن ئىبارەت بەش ئامىل مەلۇم توپنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ مۇھىم. مىزان-مەلۇم توپقا نىسبەتەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان قاراش ياكى بەلگىلىمىلەر بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك شارائىتتا قانداق ھەرىكەت قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، توي مۇراسىملىرىمىزدا نەغمە-ناۋا قىلىپ تەبرىكلەيمىز، مۇسىبەتتە بولسا ھازا تۇتۇپ قايغۇمىزنى ئىپادىلەيمىز. ئەگەر بىرەرسى بۇ ئىككى خىل سورۇندىكى ئىش-ھەرىكەتنى ئالماشتۇرۇۋالغان بولسا، بىز چوقۇم ئۇنى نورمال كىشى،- دېمەيمىز. چۈنكى، مىزان-كىشىلەر بىردەك قوبۇل قىلغان ھەم بويسۇنۇشى شەرت قىلىنغان ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇپ، باشقىلار مەلۇم بىر كىشىنىڭ ھەرىكىتىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ئۆلچەمگە قانچىلىك بويسۇنغانلىقىغا قاراپ باھا بېرىدۇ. ئەگەر بىرسى مۇنداق ئۆلچەمنى قايتا-قايتا بۇزىۋەرسە، توپنىڭ باشقا ئەزالىرىنىڭ سەلبىي ئىنكاسىغا ئۇچرايدۇ[51].

www.uyghurkitap.com

قىممەت قارىشى.-مەلۇم خەلقنىڭ ئۆزلىرى ۋە ئۆز جەمئىيىتى تەلپۈنىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ياكى تۇرمۇش نىشانىغا بولغان قارىشىنى بىلدۈرىدۇ. بىزنىڭ قىممەت قارىشىمىز بىزنىڭ مۇددىئايىمىزغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. سىمۋول بولسا مەلۇم نەرسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۇنى ئىپادە قىلىدىغان ياكى مەلۇم نەرسىنى ئەسلىتىدىغان ماددا ياكى قىلىقتۇر. خۇددى مىزان ۋە قىممەت قارىشىغا ئوخشاش، سىمۋولمۇ مەدەنىيەت ئەزالىرىغا ئورتاق بولغان مەنىگە ئىگە. مەدەنىيەت ئەزالىرى يەنە ئەتراپىدىكى مەۋجۇت كىشىلەر ۋە نەرسىلەرگە نىسبەتەنمۇ ئورتاق بولغان تونۇشقا ئىگە، مۇشۇ تونۇشىغا ئاساسەن ئادەملەر ۋە تەبىئىي مۇھىت خىلمۇ-خىل تۈرلەرگە ئايرىلغان.بىز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى تۇغقان، يات خەق، دوست، خىزمەتداش، يۇرتداش، دىنداش دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىيمىز. ھەتتا يېمەكلىكلەرنىمۇ يېگىلى بولىدىغان-بولمايدىغان،- دەپ ئايرىيمىز. ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئايرىش ئۇسۇلى بولىدۇ.مەسىلەن، مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىيلار چوشقا گۆشىنى ھارام،- دەپ قارايدۇ، ھىندى دىنىدىكىلەر بولسا كالىنى مۇقەددەس بىلىپ، كالا گۆشى يېمەيدۇ.

ئىنسانلار دۇنيانى تۈرلەرگە بۆلۈپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭغا مەنە ئاتا قىلغان. ھەر بىر مەدەنىيەتكە مەنسۇپ توپ ئۆز دۇنياسىنى ھەر خىل ھېكايە-چۆچەك، ئەپسانە-رىۋايەتلەر بىلەن بېزىگەن. مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر، ئەپسانىلەر، دىنىي رىۋايەتلەر ھەرگىزمۇ ئاددىي ھېكايىلەر ئەمەس، ئۇلار بىزدە ناھايىتى كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلالايدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆز دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەخلاق ئېتىقادى ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا ھەم ئۆلۈشكە رازى. مەسىلەن، دىنىي سىمۋوللۇق نەرسىلەرنى بۇزۇش ۋە كۆيدۈرۈشكە ئوخشاش ھەرىكەتلەر مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسىگە قىلىنغان ھاقارەت بولۇپ، شۇ مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ دەرھال ھەم كەسكىن ئىنكاسىنى قوزغايدۇ. ئانتروپولوگ گېرتس ئېيتقاندەك، ئىنسانلار ئۆزى توقۇغان تور ئىچىدە ياشايدىغان ھايۋاناتتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر مەدەنىيەت-بىر خەلق ئۆزلىرى توغرىلىق ئۆزلىرىگە ئېيتقان بىر ھېكايىدۇر[52].

مەلۇم خەلق مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتنى چۈشەندۈرۈش ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن.

(4) مەدەنىيەت قىلىق(ئادەت) نىڭ قېلىپىدۇر. بىزگە مەلۇمكى، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەتكە مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ قىلىقلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ھەتتا ئوخشاش مەدەنىيەت تۈپرىقىدا ئۆسكەن كىشىلەرنىڭ قىلىقلىرىمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن، كىشىلەر ئەر-ئايال، قېرى- ياش، باي-كەمبەغەل، ئاتا- ئانا، پەرزەنت،- دېگەندەك ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي كىملىك (سالاھىيەت) كە ئىگە. مەلۇم بىر سالاھىيەتلىك كىشىگە مۇۋاپىق كەلگەن قىلىق باشقىلارغا مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن. «ئۆچكىنىڭ ئوچۇق تۇرسا ھېچگەپ يوق، قوينىڭ ئېچىلىپ قالسا ھويت-ھويت» دېگەن تەمسىل دەل مۇشۇ خىل مەدەنىيەت ئۇقۇمىنىڭ مىسالىدۇر. ئىككىنچىدىن، شەخسنىڭ قىلىقى (ھەرىكىتى) سورۇن ياكى شارائىتقا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. مەسىلەن بىر ئەرنىڭ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئايالى، پەرزەنتى، خىزمەتدىشى، خوجايىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەردىكى قىلىقلىرى ھەرگىزمۇ ئوخشاش شەكىلدە ئىپادىلەنمەيدۇ. خۇددى «خالادا ئەيىب بولمىغان ئىش خامانىدا ئەيىب» دېگەنگە ئوخشاش. ئۈچىنچىدىن، ھەر بىر ئادەم ھامان باشقىلاردىن مەلۇم جەھەتتە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ھېسسىي ئىنكاسىمىز، ھادىسىلەرگە بولغان قارىشىمىز، غىدىقلىنىشقا بولغان تەسىرىمىز قاتارلىقلار ئوخشاش بولمايدۇ. تۆتىنچىدىن،مەدەنىيەتنىڭ قىلىققا بولغان ئۆلچىمى داۋاملىق ئېنىق بولۇپ كەتمەيدۇ، ئېنىق بولغان تەقدىردىمۇ كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا مەدەنىيەت ئۆلچەملىرىگە قارىغۇلارچە ئەمەل قىلىپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر بىرەر ئىش قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ پايدىسى ۋە ئېھتىماللىق ئاقىۋىتىنى ئويلاپ، ئاندىن ئۆزى مۇۋاپىق،- دەپ قارىغان ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلىدۇ.

گەرچە مەلۇم مەدەنىيەت توپىدىكى يەككە ئەزانىڭ قىلىقلىرىدا مۇرەككەپلىك ۋە بىردەكسىزلىك كۆرۈلسىمۇ، شۇ توپ بىردەك بويسۇنىدىغان مىزان ياكى

قىلىپ بولىدۇ. مەدەنىيەت ئەمەلىيەتتە بىزنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ ۋە بىزنىڭ قىلىقلىرىمىزغا چېگرا ياساپ بېرىدۇ.چېگرادىن ھالقىغان كىشىلەر ھامان قىلىقسىز،ـ دەپ قارىلىدۇ ھەمدە جامائەتنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش، ئۆلۈمنى قانداق ئۇزىتىش، ئاتا-ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىق مەدەنىيەت ھادىسىلىرىدە بىزنىڭ ناھايىتى ئېنىق بەلگىلىمىلىرىمىز بار.

(5) مەدەنىيەت تۇرغۇن ھالەتتە بولمايدۇ، ئۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئىچكى قىسىمدىن ياكى تاشقى بېسىمدىن كېلىدۇ.ئەمما بۇ ھەرقانداق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش قەدىمى ئوخشاش بولىدۇ،ـ دېگەنلىك ئەمەس، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ سۈرئىتى ئاستىراق بولۇشى مۇمكىن. مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى كۆپىنچە توقۇنۇش ۋە بېسىم شۇنداقلا تويىنىڭ رايىشچانلىقى ۋە ئۇيۇشۇشچانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزگە مەدەنىيەت ئەزالىرىنىڭ تاجاۋۇزى ۋە ئىنقىلاب قاتارلىق ھادىسىلەر مەدەنىيەتنى تېز ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئانتروپولوگلار مەدەنىيەت ئۆزگىرىشنى ئىسلاھ قىلىش (innovation)، ئىجاد قىلىش (invention) ۋە تارقىلىش (diffusion) نەزەرىيەلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ[53]. ئىسلاھ قىلىش-مەۋجۇت مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگەرگەن ھەم توپ ئەزالىرى قوبۇل قىلغان شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەۋجۇت مەدەنىيەت ئېپادىلىرىگە يەڭگىل ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجاد قىلىش--مەۋجۇت مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنى يۇغۇرۇپ، پۈتۈنلەي يېڭىچە مەزمۇنغا ئىگە قىلىش،ـ دېگەنلىكتۇر. ئىجاد قىلىش مەدەنىيەتنىڭ ماددىي قىسمى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ، يېڭى سەنئەت ئۇسلۇبى ۋە يېڭى ئىدىيەلەرمۇ مەدەنىيەتنىكى ئىجادىيەتكە مەنسۇپ. تارقىلىش بولسا مەدەنىيەت ئېلېمېنتلىرىنىڭ بىر مەدەنىيەتتىن يەنە بىر مەدەنىيەتكە تارقىلىش ھادىسىسى بولۇپ، ئانتروپولوگلار بەزىدە مەدەنىيەت ئارىيىتى (cultural borrowing) دەپمۇ ئاتايدۇ[54]. جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياكى جەمئىيەتلەر ئارا ئالاقە نەتىجىسىدە مەدەنىيەت ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ تۇرىسىمۇ، مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە ئۇچرىشى كۆپىنچە كەسكىن ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مانا بۇ مۇھىم سودا لىنىيەلىرى ئۈستىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ چەت، يېپىق رايونلاردىكى مەدەنىيەتكە نىسبەتەن تېز ئۆزگىرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىدۇر. لېكىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۇزاق ۋاقىت يېپىق تۇرغان توپ مەۋجۇت ئەمەس، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. شۇڭا، سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن خالىي «ساپ» مەدەنىيەتمۇ مەۋجۇت ئەمەس. شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى ھەرگىزمۇ تاق يۆنىلىشلىك بولمايدۇ.

## 6. خۇلاسە

ھازىرقى زامان ئانتروپولوگىيەسى مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنى مەلۇم توپنىڭ ئالاھىدە ياكى باشقىلاردىن پەرقلىق بولغان ئادەتلىرى ۋە ئېتىقادلىرىنى تەكىتلەش مەقسىتىدە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن بىز ئۇيغۇر مەدەنىيىتى،ـ دېگەندە، ئۇ بىز بىردەك ئىگە بولغان ھەم بىزنى باشقا مىللەت ياكى توپتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ھەرقانداق ئادەت ۋە ئېتىقادلىرىمىزنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت-ئۆگىنىلگەن، توپ ئەزالىرى ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، ئۇلارنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، ھەم ھەر بىر كىشى مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئامىل.

كەسپداشلار بىلەن ئورتاقلىشىشقا ئىنتىلىدىغان يەنە بىر مەسىلە ئىنگلىز تىلىدا ئايرىم-ئايرىم ئېپادىلەنگەن ۋە خەنزۇ تىلىمۇ پەرقلىق قوبۇل قىلغان culture (文化) سۆزى بىلەن civilization (文明) سۆزى. مەزكۇر ماقالىدە culture ھەققىدە توختالدىم ھەم ئۇنى مەدەنىيەت،ـ دەپ ئالدىم. بىراق ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن ئالغاندا، تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن بۇ سۆز civilization گە دەل كېلىدۇ.

چۈنكى بۇ سۆزمۇ شەھەرلىشىش،شەھەرلىكلەر. دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ دۇنيا تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار ئىلگىرى مېسوپوتامىيە، نىل دەرياسى ۋادىسى، ھىندى دەرياسى ۋادىسى ۋە خۇاڭخې(ياشىل ئۆگۈز) ۋادىلىرىدا تېخنىكىلىق دېھقانچىلىق بارلىققا كېلىپ، مۇرەككەپ بولغان سىياسىي ئورگانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ماددىي ئاساس تىكلىگەن. يەر تېرىغۇچىلار ئولپان ياكى باج تاپشۇرۇش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى بولغان ئەمەلدارلار، ئەسكەرلەر ۋە دىنىي خادىملارنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىگەن. نەتىجىدە بىز «مەدەنىيەت»(civilization) دەپ ئاتىغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتە مۇرەككەپ بولغان ئورگانلار بارلىققا كەلدى. بۇ مەدەنىيەتلەردىكى ھۆكۈمرانلىقنىڭ مۇنتىزىم ھەم مۇكەممەل شەكلى دۆلەت ئىدى.[55] گ.ۋ.گوڭ (G. W. Gong) «مەدەنىيەت» بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا دۇنيانى مەدەنىيەتلىك، ياۋايى ۋە مەدەنىيەتسىز. دەپ ئايرىشنىڭ ئۆلچىمىگە ئايلىنىپ قالغان. دېيدۇ[56]. ئۇنىڭدىن باشقا مەدەنىيەت. باشقا كىشىلەر بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان شۇنداقلا ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان ماددىي قىممەت قارىشى ۋە ئادەتلەرنى كۆرسىتىدۇ[57]. گوڭنىڭ تەكىتلىمەكچى بولغىنى دەل مەدەنىيەت ئاتالغۇسىنىڭ ياۋايىلىق بىلەن قارىمۇ-قارشى مەنىدە ئىشلىتىلگەنلىكىدۇر.

مەدەنىيەت بىلەن كۇلتۇرنىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى تاشقى كۆرۈنۈش بىلەن ئىچكى ماھىيەت، كەڭ دائىرىلىك بىلەن چوڭقۇرلۇق، شەخسىيەتچىلىك بىلەن كوللېكتىۋىزملىقنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسى مەنا جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. كۇلتۇر ئارىيىتى ھەممە خەلقتە ئورتاق كۆرۈلىدىغان ھادىسە، بىزنىڭ مەدەنىيەت سۆزىمىزنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ ئىسپاتى. شۇڭا ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىمىز ۋە پەرقىمىزنى كۇلتۇر سۆزى بىلەن ئىپادىلەپ زامانىمىزدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەر بىلەن ئورتاقلاشساق، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى مەدەنىيەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى سانىساق تېخىمۇ ياخشى بولارمىكىن. دەپ قارايمەن.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] بۇ ھەقتە يېزىلغان كىتاب ۋە ماقالىلەر خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئېلىش بىرئاز قۇلايسىز بولغاچقا، تۆۋەندىكى ئەسەرلەرگە قاراڭ.

①ئابدۇكېرىم رەخمان: «20-ئەسىر ئۇيغۇر ماددىي فولكلور مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 5-ئاي نەشرى. «ئەزىزانە قەشقەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2009-يىلى 9-ئاي نەشرى.

②ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002-يىلى 2-ئاي نەشرى. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى 8-ئاي نەشرى.

③غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىلى 7-ئاي نەشرى.

④«قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2007-يىلى 5-ئاي نەشرى.

⑤ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۇملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى 7-ئاي نەشرى. « تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىلى 3-ئاي نەشرى.«ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى، 2006-يىلى 7-ئاي نەشرى.

⑥ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتى تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي نەشرى.

⑦ئابدۇبەسىر شۈكۈرى: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئات مەدەنىيىتى ھەققىدە»، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 1993-يىللىق 4-سانى.

[2][3].غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە»، 359-368 بەتلەر.

[4] Peoples, J. G. and Bailey G. 2000. *Humanity: An Introduction to Cultural Anthropology* (fifth edition),

USA , Wadsworth/Thomson Learning, p.10

[5] Ericksen, T. H. 2004. *What is Anthropology?* London, Pluto Press, pp. 3-5

[6] Barnard A. and Spencer J. 2000. *Culture*, in Barnard A. and Spencer (eds.), *Encyclopedia of Social and Cultural Anthropology*, London & New York, Routledge, pp. 136-142. And Rapport N. and Overing J. 2000. *Social and Cultural Anthropology: The Key Concepts*, London & New York, Routledge, pp. 92-101

[7] Benhabib S. 2002. *The Claims of Culture : Equality and Diversity in the Global Era*, Princeton University Press, p.2

[8]Williams, R. 1983. *Keywords: A Vocabulary of Culture and Societies*, London: Flamingo. In Encyclopedia of Social and Cultural Anthropology.

[9]Schlesier, Renate. 1996. *Zauber der Unschärfe: Ein Plädoyer für einen Wandel der Fächer*. Die Zeit, November 22.

[10] Barnard A. and Spencer J. 2000. *Culture*, in Barnard A. and Spencer (eds.), *Encyclopedia of Social and Cultural Anthropology*, London & New York, Routledge, pp. 136-142.

[11]Peoples, J. G. and Bailey G. 2002. *Essentials of Cultural Anthropology*, USA, Wadsworth/Thomson Learning, p.15

[12]A. L. Kroeber and C. Kluckhohn. 1952. *Culture: A Critical Review of Concepts and Definitions*. Cambridge, MA: Harvard University Press.

[13]A. L. Kroeber and C. Kluckhohn. 1952. *Culture: A Critical Review of Concepts and Definitions*. Cambridge, MA: Harvard University Press.

[14]Stocking, G. 1968. *Franz Boas and the Culture Concept in Historical Perspective*, in G. Stocking, Race, *Culture, and Evolution: Essays in the History of Anthropology*, New York: Free Press.

[15]Hann, C. 2003. *The Anthropology of Eurasia in Eurasia*, Max Planck Institute for Social Anthropology, Working Papers, No.57

[16]Herder, Johann Gottfried von, 1774. *Yet Another Philosophy of History*, in Berlin, Isiah, 1976. Vico and Herder. *Two Studies in the Histoy of Ideas*, London: Hogarth, p. 188

[17]Barnard A. and Spencer J. 2000. *Culture*, in Barnard A. and Spencer (eds.), *Encyclopedia of Social and Cultural Anthropology*, London & New York, Routledge, pp. 136-142

[18]Tylor, E. B. 1871. Primitive Culture, London: John Murray, vol. I, p.1

[19]Stocking, G. 1968. *Franz Boas and the Culture Concept in Historical Perspective*, in G. Stocking, Race, *Culture, and Evolution: Essays in the History of Anthropology*, New York: Free Press.

[20]Boas, F. 1898. *Summary of the Work of the Committee in British Columbia*, in Stocking G. (ed.). 1982. *A Franz Boas Reader: The Shaping of American Anthropology*, 1883-1911, Chicago: University of Chicago Press, p.96

[21]Benedict, R. 1943. *Race and Racism*, London: Scientific Book Club, pp. 9-10

[22]Sapir, E. [1932] 1949. *Cultural Anthropology and Psychiatry*, in E. Sapir, *Culture, Language and Personality: Selected Essays*, Berkeley: University of California Press, p.151

[23] Radcliffe-Brown, A. R.1940. *On social structure*, in Journal of the Royal Anthropological Institute of

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



Great Britain and Ireland, 70:2

[24] Herskovits, M. J. 1948. *Man and his Works*, New York: Knopf, p.154

[25]Kroeber A. L. and Kluckhohn C. 1952. *Culture: A Critical Review of Concepts and Definitions. Cambridge*, MA: Harvard University Press.

[26]Goodenough, W. H. 1961. *Comment on Cultural Evolution*, Daedalus 90: 521

[27] Keesing, R. M and Strathern A. J. 1998. *Cultural Anthropology; A Contemporary Perspective*, p. 16

[28]Rapport N. and Overing J. 2000. *Social and Cultural Anthropology: The Key Concepts*, London & New York, Routledge, pp. 92-101

[29]Schneider, D. 1976. *Notes toward a Theory of Culture*, in K. Basso and H. Selby (eds.), *Meaning in Anthropology*, Albuquerque: University of New Mexico Press, p. 206

[30]Appadurai, A. 1996. *Modernity at large: Cultural dimensions of globalization*. Minneapolis: University of Minnesota Press, p.12

[31] Friedman, J. 1994. *Cultural identity and global process*. London: Sage, p.207

[32]Ingold, T. 1993. *The art of translation in a continuous world*, in Gisli Palsson ed. *Beyond boundaries: Understanding, translation, and anthropological discourse*, London: Berg, p. 212

[33]Keesing, R. M. 1994. *Theories of culture revisited*, in Robert Borofsky ed. *Assessing cultural anthropology*, New York: McGraw-Hill, p.303

[34]Durkheim, E. 1961. *The Elementary Forms of the Religious Life*, New York: Collier (Originally published 1915).

[35]Maus, M. 1990. *The Gift: Form and Reason of Exchange in Archaic Societies* (W. D. Halls,Trans.). New York: WW. Norton (Originally published 1924).

[36]Benedict, R. 1961. *Patterns of Culture*, Boston: Houghton and Mifflin (Originally published 1934).

[37]Mead, M. 1971. *Coming of Age in Samoa*, New York: Morrow (Originally published 1928).

[38]Steward, J. 1972. *The Theory of Culture Change: The Methodology of Multilinear Evolution*, Urbana: University of Illinois Press.

[39]White, L. A. 1949. *Energy and the Evolution of Culture*, in L. A. White (ed.), *The Science of Culture* (pp. 363—393). New York: Farrar, Straus and Cudahy.

[40]Fried, M. 1967. *The Evolution of Political Society*, New York: Random House.

[41]Harris, M. 1990. *The Rise of Anthropological Theory: A History of Theories of Culture*, New York: Harper.

[42]Tyler, S.A. (ed.) 1969. *Cognitive Anthropology*, New York: Holt, Rinehart and Winston.

[43]Conklin, H.C. [1962] 1969. *Lexical Treatment of Folk Taxonomies*, in S.A. Tyler (ed.) *Cognitive Anthropology*, New York: Holt, Rinehart and Winston.

[44]Ortner, S. B. 1984. *Theory in Anthropology since the Sixties*, in *Comparative Studies in Society and History* 26: 126-66.

[45]Rosaldo, M. 1974. *Woman, Culture and Society: A Theoretical Overview*, in M. Rosaldo and L. Lamphere (eds) *Woman, Culture and Society*, Stanford: Stanford University Press.

[46]Douglas, M. 1970. *Purity and Danger*. Baltimore: Penguin.

[47]Geertz, C. (ed.). 1973. *The Interpretation of Cultures*, New York: Basic Books.

[48]Peoples, J. G. and Bailey G. 2000. *Humanity: An Introduction to Cultural Anthropology* (fifth edition), USA, Wadsworth/Thomson Learning, p.17

[49]Nanda, S. and Warms, R. L. 2002. *Cultural Anthropology* (Seventh Edition), USA, Wadsworth/Thomson Learning, p.73

[50]Moore, H. L. 1999. *Anthropological Theory at the Turn of the Century*, in Moore, H. L. (ed.), *Anthropological Theory Today*, UK: Polity Press.

[51]Peoples, J. G. and Bailey G. 2000. *Humanity: An Introduction to Cultural Anthropology* (fifth edition), USA, Wadsworth/Thomson Learning, p.23

[53]Nanda, S. and Warms, R. L. 2002. *Cultural Anthropology* (Seventh Edition), USA, Wadsworth/Thomson Learning, p.79

[53]Nanda, S. and Warms, R. L. 2002. *Cultural Anthropology* (Seventh Edition), USA, Wadsworth/Thomson Learning, pp.87-89

[54]Maxwell R. 2000. *Cultural Studies*, in Gary Browning, Abigail Halcli and Frank Webster (eds.), *Understanding Contemporary Society: Theories of the Present*, London: SAGE Publications Ltd.

[55]Peoples, J. G. and Bailey G. 2000. *Humanity: An Introduction to Cultural Anthropology* (fifth edition), USA, Wadsworth/Thomson Learning, p.98

[56]Gong, G. W. 1984. *The Standard of 'Civilization' in International Society*, Oxford: Clarendon Press, p.55

[57]Benhabib S. 2002. *The Claims of Culture : Equality and Diversity in the Global Era*, Princeton University Press, p.2

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

.........................................................................................

## تەزكىرەئى ئىمام ھۈسەيىن ( ئىمام ھۈسەيىن تەزكىرىسى )

ئەسەر بىر قىسىم 84 بەت، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان.

پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۈسەيىن توغرىسىدىكى تەزكىرە كىتاب بولۇپ، ئىمام ھۈسەيىننىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. كىتابتا ئىمام ھۈسەيىننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئۆز ئاكىسى ئىمام ھەسەن بىلەن بىللە قىلغان جەڭ ـ پائالىيەتلىرى ھەمدە ئۇنىڭ « كەربالا ئۇرۇشى » دا مەككە مۇشرىكلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە تۇتۇلغان ماتەم قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

كىتابنىڭ بەزى جايلىرىدا شېئىرىي پارچىلار بېرىلگەن بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىنى ۋە ئىمام ھۈسەيىننىڭ تەرجىمىھالىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى بار.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، يېپىلىق تۈپلەنگەن. سىياھ رەڭگى قارا، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجىمى 12.5×17 سانتىمېتىر ، يان سىزىقى يوق. ھەر بىر بەتتە 9 قۇر خەت بار، بەزى بەتلىرىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى ـ مۇقاۋىسى يوقالغان، باش قىسمى ۋە ئاخىرقى قىسمى يوقالغان. ھازىرقى قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ041 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

www.uyghurkitap.com



ماقالە نومۇرى: 10 ـ 036 ـ 01 (2011) 5878 ـ 1005

# كۇسەن تاشكېمىر رەسىم سەنئىتىنىڭ هازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە*

## ئابلەت مەخسۇت، ئابدىلىم ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەتلىك لايىھەلەش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئۈرۈمچى، 830046 )

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە، كۇسەن تاشكېمىر رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، تام سىزما سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئۇنى ئاسراش تەدبىرلىرى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر بايان قىلىنىدۇ. كۇسەن تاشكېمىر سىزما سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە گۈللەنگەن مەزگىلى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىر سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە كېيىن يەنە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنى بېيىتقانلىقىدەك تارىخىي جەريان تونۇشتۇرۇلىدۇ، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە، كۇسەن بۇددا رەسساملىق سەنئىتىنىڭ قەدىمكى يىپەك يولىغا كۆرسەتكەن تەسىرى، قەدىمكى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيىتىنىڭ بۇ جايدا ئۇچرىشىپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى، كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ غەربىي يۇرت مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي تەركىبىي قىسمى بولۇش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلغانلىقى، كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**本文阐述了龟兹石窟绘画的艺术特点、壁画艺术的残损和对它进行保护的措施等一系列现状问题，介绍了龟兹石窟绘画艺术诞生与鼎盛时期对中原石窟艺术产生的影响和后来中原石窟艺术又丰富了龟兹石窟艺术的历史过程，指出在不同的历史时期，龟兹佛教绘画艺术中心对古代丝绸之路产生的影响，古印度、中亚、中国和西方多种文化在这里交汇，互相影响，龟兹石窟是西域文化最重要的基本组成部分，同时又十分注意中原文化的影响，论述了龟兹文化在中华民族文化宝库中的价值。

**Abstract:** In this paper, the author illustrated the artistic features, the fall and the present preservations of the Kusen grottoes painting, and introduces the origin and thriving period and the mutual influences between the Kusen grottoes and the Central Plains grottoes arts. In different historical periods, as a communications center, the cultures of ancient India, Central Asia and many Western cultures are all melted here. They influence and absorb from each other. As one of the most important and basic parts of the West Region, the Kusen grottoes, pays

---

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
بۇ ماقالە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دوكتورلار پەن تەتقىقاتىنى باشلاش فوند تۈرى (نومۇرى: 07020428089) «جۇڭگو غەربىي يۇرت كۇسەن تام رەسىملىرىنىڭ كومپيۇزىتسىيە ئالاھىدىلىكى ۋە ماتېرىيال ياسىشى ئۈستىدە مۇلاھىزە» نىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىسى.

**ئاپتورلار:** ئابلەت مەخسۇت (1968 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، سەنئەتشۇناسلىق دوكتورى، سەنئەت ئاساسلىرى ئوقۇتۇشى ۋە سەنئەت ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئابدىلىم ئابدۇرېھىم (1962 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن، مۇھەررىر.

special roles to the influence of the Central Plains; and the author proved that the Kusen culture is a gem in the treasure house of Chinese culture.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J192 ماتېرىيال بەلگىسى: A

شىنجاڭ ئۇزاق تارىختا ۋە مول مەزمۇنلۇق تەسۋىرىي سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، كۆپ خىل دىن بۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ۋە ئايرىم-ئايرىم ھالدا ھەرقايسى مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ مەھسۇلاتى، دىنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەھسۇلاتى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ گۈللىنىدۇ ياكى خارابلىشىدۇ[1]. كۇچا يەنى قەدىمكى كۇسەنىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى مەنىسى كوچا دېگەنلىك بولۇپ، ياۋ شىخۇڭ «كۇسەن بۇددىزمى ۋە تاشكېمىرى» دېگەن ماقالىسىدە: «كۇچا ناھىيەسى 2000 يىل ئىلگىرى ئارىيانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان قەدىمكى كۇسەن بەگلىكىنىڭ ئورنىدۇر. كۇسەن بەگلىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە خەن، تاڭ سۇلالىلىرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە، غەربىي رايوندىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى چوڭ بەگلىكلەردىن بىرى ئىدى» دەپ يازغان. بىز بۇددا دىنى تارىخى ھەمدە كۇسەن بۇددا خارابىلىرىدە ساقلىنىپ قالغان ھەيكەللەر، تام سىزمىلىرى قاتارلىقلاردىن بۇ دەۋردىكى رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۈكسەك سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز، ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ تارىخىي دەۋردىن ئۇچۇر بېرىدىغان بىر تۈركۈم بۇددىزم تاشكېمىر سىزما سەنئىتى نۇقتىلىرى بار بولۇپ، ئاسارئەتىقە سۈپىتىدە قوغدالماقتا.

## 1. «كۇسەن تاشكېمىر سىزمىلىرى» ئاتالغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى

تاشكېمىر نامى قەدىمكى ھىندىستاندىن كىرگەن. ھىندىستاندا ئەڭ دەسلەپ قېزىلغان بۇددا تاشكېمىرى مىلادىيەدىن 3 ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە دائىر ئاجانتا تاشكېمىرىنى كۆرسىتىدۇ[2]. خەن شياڭ، جۇ يىڭرۇڭ «كۇسەن تاشكېمىرلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئاجانتا تاشكېمىرى (Ajanta Caves) ھىندىستان بويىچە ئەڭ بۇرۇن ياسالغان تاشكېمىر بولۇپ ، بۇددىزم تاشكېمىرلىرىنىڭ باشلانمىسى ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازغان. ئۇلار يەنە بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىن كۇسەنگە كىرىشى بىلەن كۇسەن خەلقى ئاجانتا تاشكېمىرىنىڭ قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاشكېمىرلىرىنى ياساشقان دەپ قارىغان. بىز كۇسەن تاشكېمىرلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغىنىمىزدا، بۇ تاشكېمىرلەرنىڭ ياسىلىشىنىڭ بىر خىل بولماستىن، كۆپ خىللىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدا نۇرغۇن تارىخىي دەۋرگە تەئەللۇق رەسساملىق سەنئىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرەلەيمىز. گەرچە دەسلەپكى چاغدىكى كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتى قەندىھار (Gandhara) رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن بەدىئىي ئوبرازلار، ئەكس ئەتكەن سەنئەت قارىشى، ئىپادىلەنگەن بەدىئىي ئۇسلۇب، بەدىئىي ماھارەت ھەمدە سەنئەت ۋاستىلىرىنىڭ بىر قىسمى قەندىھار سىزما سەنئىتىدىن كەلگەن بولسىمۇ، بىراق كۇسەن خەلقى، ئۇلارنى يەرلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە بەدىئىي ئۇسلۇب بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىچە بىر خىل رەسساملىق سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بۇ دەل كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىدۇر[3].

كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتە گەپنى ئۇنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋە گۈللەنگەن مەزگىلىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## 2. كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى، گۈللەنگەن دەۋرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋە گۈللەنگەن مەزگىلى، ئۇنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلار كۇسەن بۇددىزم تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدۇر.

### 1) كۇسەن بۇددىزم تاشكېمىر رەسساملىقىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە گۈللىنىش دەۋرى

بۇددا دىنىنىڭ كۇسەنگە كىرگەن ۋاقتى توغرىلىق ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» دا: «بۇددا دىنى مىلادىيە بىرىنچى ئەسىردە (شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ مىڭدى يىللىرى) جۇڭگوغا تارقالغان، بۇددا دىنى ھىندىستاندىن شىمالغا ئاساسلىق ئىككى لىنىيە بىلەن تارقالغان، ئالدى بىلەن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى قەندىھاردىن باشلىنىپ، پامىر ئېگىزلىكى ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەن، خېشى كارىدورى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، ئاندىن چاۋشيەن، ياپونىيە ۋە ۋيېتنامغا كىرگەن» دېيىلگەن[4]. ۋېي چاڭخۇڭ ئەپەندى «غەربىي دىيار بۇددا دىنى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «مىلادىيەدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى بۇددا دىنى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا ھەمدە ئافغانىستان قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان، مىلادىيەدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى خېشى كارىدورى ئارقىلىق ئىلى دەرياسىدىن ئۆتۈپ پامىرنىڭ غەربىدىكى چوڭ ياۋچىلارغا تارقالغان، بۇ جايلاردىكى ئاھالىلەر تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان» دەپ يازغان[5]. بۇ پىكىرگە ئاساسلانغاندا، بۇددا دىنىنىڭ ھىندىستاندىن كۇسەنگە تارقىلىشقا ئەگىشىپ، كۇسەن خەلقى ئاجانتا تاشكېمىرى قائىدە-تۈزۈملىرىنى ئۆلگە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تاشكېمىرلىرىنى ياسىغان ۋە تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنى ياراتقان بولىدۇ. بۇددا دىنى مىلادىيەدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى ياكى مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە كۇسەنگە كىرگەندىن كېيىن، بىر مەزگىللىك تارقىلىشتىن كېيىن ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى تەدرىجىي كۆپىيىپ، ئاندىن كېڭەيگەن بولۇشى مۇمكىن[6]. بۇ جەريان خېلى ئۇزۇن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە كۇسەن بۇددا دىنىنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىگە كىرگەن[7]. بۇ پىكىر بويىچە بولغاندا، بىز بىرقەدەر ئىشەنچلىك ھالدا مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، كۇسەن بۇددا دىنى رەسساملىقى گۈللىنىش مەزگىلىگە كىرىشكە باشلىغان دېيەلەيمىز. «كۇسەن تاشكېمىرلىرى» دە خاتىرىلىنىشىچە: مىلادىيە 790 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىدىقۇت كۇسەننى ئىشغال قىلغان ھەمدە كېيىن ئۇيغۇرلار كۇسەنگە كىرگەن. بۇ جايلاردا بۇددا كۈجە-ئىسرىقلىرى ئىزچىل كۆيۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ مالىمانچىلىقلاردىن كېيىن بۇددا دىنى كۇسەندە گۈللىنىشتىن خارابلىشىشقا يۈزلەنگەن. شۇڭا كۇسەن بۇددا دىنى تاشكېمىرلىرى داۋاملىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1000 يىللارچە گۈللىنىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىلگىرى-كېيىن خارابلاشقان[8].

### 2) كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، بۇ تەسىر ھىندىستاننىڭ بۇددا سەنئىتى ۋاستىسىدە كىرگەن[9]. گەرچە كۇسەن مەدەنىيىتى قەندىھار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق، كۇسەن سەنئەتكارلىرى ئۇنى ئۆز مەدەنىيىتىگە ماسلاشتۇرغان، ئۆزگەرتكەن، ئۇنى ئۆز رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە سەنئەت ئۇسلۇبى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يېڭى بىر خىل كۇسەن رەسساملىق سەنئىتىنى، ئۆزگىچە خاس تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. كۇسەن تاشكېمىر رەسىملىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساسلىقى: رەسىم ئەسەرلىرىنىڭ كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسى، بۇددا ھېكايىلىرىنىڭ تىپما ئالاھىدىلىكى، پېرسوناژلارنىڭ قىياپىتى، سىزىقلىق ئىپادىلەش ۋە رەڭلەرنىڭ قوللىنىلىشى قاتارلىق بىرقانچە جەھەتتىن قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

(1) رەسىم كومپوزىتسىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى: بىز كۇسەن تام رەسىملىرىنىڭ ئاساسىي كومپوزىتسىيەسىنى چوڭ جەھەتتىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئۇنىڭ رومبا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز، كۇسەن سەنئەتكارلىرى رومبا شەكىللىك دائىرىگە تۇرمۇش ھېكايىلىرى ۋە بۇددا دىنىي ھېكايىلىرىنى رەسىملەشتۈرۈپ سىزىپ چىققان. رەسىملەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى كۆپىنچە تاغ، دەل-دەرەخلەر بولغان. ئاندىن ئوخشاش بولمىغان ھېكايە كۆرۈنۈشلىرىنى رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەرنىڭ ئىچىگە سىزىپ چىققان ۋە نۇرغۇن رومبا شەكىللەرنى بىر پارچە رەسىم ئىچىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئارقىلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ مول تەسەۋۋۇرغا يېتەكلىگەن. بۇ رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەردە دەرەخ بىلەن تاغنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى خىلمۇ-خىل بولۇپ، ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەسىلەن، تاغ ئارىسىغا دەرەخ سىزغاندا ئاۋۋال بىر قەۋەت تاغ سىزىۋېلىپ، بىر قەۋەت دەرەخ قىستۇرۇپ سىزىلغان، يەنە بىر قەۋەت تاغ سىزىۋېلىپ ئۇنىڭغا بىر قەۋەت دەرەخ سىزىلغان، مۇشۇنداق تەكرارلىنىش ئارقىلىق، تاغدا دەرەخ، دەرەخلەر ئارقىسىدا يەنە تاغ شەكىللەندۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا بۇت ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا بولسا تەلىم ئېلىۋاتقان بۇتساتۋالاردىن ئىككىسى، تۆت ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ نوم ئاڭلىغۇچىلار ۋە بۇدساتۋالارنىڭ ئوبرازى سىزىلغان بولۇپ، چوڭقۇر مەنا ئۇنۇمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ رومبا شەكىللىك كاتەكچىلەر بىر خىل زىننەتلىك، نەقىشلىك رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس سەنئەت ئېستېتىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىنغان.

(2) بۇددا رەسىملىرىنى سىزىش ۋە پېرسوناژلار ھالەتلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ئالاھىدىلىكى: ① كۇسەن تام رەسىملىرىدىكى بۇتلاردا بۇت بېشىنىڭ چوققىسىغا قارا رەڭلىك قاپارتما چىقىرىپ سىزىلغان بولۇپ، بۇ خىل چاچ شەكلى بۇددا نوملىرىدا تەسۋىرلەنگەندىكىدىن پەرقلىنىدۇ، بۇددا نوملىرىدا بۇتنىڭ چېچى بۈدرە بولىدۇ، بۇ ھىندىستاننىڭ بۇت رەسىمى جەھەتتىكى ئۆلچەملىك ئوبراز ھېسابلىنىدۇ[10]. كۇسەن تام رەسىملىرىدىكى بۇتلارنىڭ مۇسكۇللىرى تولغان، يۇمىلاق يۈز، پۇت-قوللىرى بېجىرىم-قاۋۇل، بېلى ئىنچىكە، يەلكىسى كەڭ، كۆكرىكى تۈز، بەدەن بۆلەكلىرىنىڭ نىسبىتى ماسلاشقان، كۆزلىرى بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە كەلتۈرۈلگەن، قۇلىقى ئىنتايىن ئۆزگىچىلىككە ئىگە، قۇلاق مۇنچىقىنىڭ ئۈستى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، كۆرگۈچىگە قۇلاق يۇمشىقىدىن تارتىپ تۆۋەنكى قىسمىغىچە ھالقىسىماندەك تەسىر بېرىدۇ (بۇمۇ ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇزۇن ھالقىنى ياقتۇرۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب[11])، رەسىمدىكى بۇتنىڭ كىيىملىرى جەھەتتە، ھىندىستان بۇددا سەنئىتىدە بۇتنىڭ كىيىملىرى كۆپىنچە يۇنان پاسونىدىكى ئۇزۇن چاپان ياكى ھىندىستانچە ئوڭ يېڭى يوق چاپان كىيدۈرۈلگەن بولىدۇ، بۇددا سەنئىتى كۇسەنگە كەلگەندىن كېيىن بولسا، كۇسەندە قوش ياقىسى تۆۋەنگە قارىتىلغان كىيىم شەكلى بارلىققا كەلگەن، بۇ خىل كىيىملەر يىپەك يولى ئارقىلىق دۇنخۇاڭ، يۇنگاڭغا كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەردىكى بۇت رەسىملىرىدىمۇ قوش ياقىلىق، ياقىسى تۆۋەنگە قارىغان كىيىملەر كۆرۈلگەن[12].

② كۇسەن تام رەسىملىرىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار ئوبرازى ساكيامونى، بۇتساتۋا، ھۆر قىزلار، سودىگەرلەر ۋە مەتلۇبچىلار( Harirya供养人) دىن ئىبارەت ؛ كۇسەن سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، تام رەسىملىرىدىكى ئوبرازلارنىڭ يۈزى كۆپىنچە ناھايىتى يۇمىلاق قىلىپ سىزىلغان، قاش، كۆز، بۇرۇن، ئېغىزى بىر جايغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن، كۆزى چوڭ، ئەمما قارىچۇقى يوق بولۇپ، كىشىگە بىر خىل غەيرىي تەسىرات بېرىدۇ، كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىم پېرسوناژلىرىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، كالپۇكى قېلىنراق بولۇپ، ئاغزى ئومۇمەن ئوچۇق قىلىپ سىزىلغان، مەسىلەن قىزىل تاشكېمىرى 205 نومۇرلۇق كېمىردىكى سول تەرەپ تامغا سىزىلغان بۇددا رەسىمى ئەنە شۇنداق. كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە نۇرغۇن يالىڭاچ ئوبرازلار بار، بولۇپمۇ يالىڭاچ ئەرلەر رەسىمىنى ھەممە يەردە دېگۈدەك

كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ كۇسەن تاشكېمىر تام رەسىملىرىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى.

(3) سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى: كۇسەن تاشكېمىر تام رەسىملىرىنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى سىزىقتا تەسۋىرلەش ئۇسۇلى پېرسوناژلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ قاتلاقلىرىنى قوش سىزىق بىلەن ئىپادىلەش ئىدى، بۇ ئېھتىمال ئىران سەنئىتىدە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن[13]. بۇ ئۇسۇل ئىران رەسساملىقىدا كۆرۈلۈپلا قالماستىن، ئىران ھەيكەلتىراشلىقىدىمۇ دائىم كۆرۈلىدۇ. بىراق، بۇددا سەنئىتىنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدە يارىتىلغان خاس سىزىش ئۇسلۇبى بولسا «تۆمۈرنى ئېگىپ سىم تالا چىقىرىدىغان» (屈铁盘丝) سىزىق ۋە ئويما-قاپارتما ئارىلاش ئۇسلۇب (凹凸晕染法) تىن ئىبارەت، بۇ قەدىمكى ھىندىستاننىڭ سىزىش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، «ئويما-قاپارتما ئۇسۇلى» دەپمۇ ئاتالغان. بىراق، كۇسەن تاشكېمىر رەسىملىرىدىكى رەڭدە ئويما-قاپارتما ئىپادىلەش ئۇسۇلى ناھايىتى ئۆزگىچىلىككە ئىگە، يەنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق سېلىشتۇرما قىلىنىپ، بىر تەرەپنىڭ رېڭى قېنىق بېرىلگەن ياكى يېنىك-ئېغىرلىقنى كەسكىن پەرقلەندۈرىدىغان رەڭلەر قوللىنىلغان، يەنە بىر تەرەپكە يەڭگىل رەڭ، يەنە بىر تەرەپكە ئېغىر رەڭ بېرىلگەن، بۇ ئىككى خىل رەڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا رەڭ بېرىلمەي رۇشەن ئويما-قاپارتما ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدىغان قىلىنغان. ئۇنىڭدا جىسىملارنىڭ ئىچكى-تاشقى كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلىگەندە، بىر سىزىقتىلا سىزىۋېتەمەستىن، قايتا-قايتىلاپ سىزىلغان سىزىق تەسۋىرىنى بەرگەن، شۇنداقلا يەنە ئىستېرېئولۇق ئويما-قاپارتمىنى ئىپادىلەيدىغان رەڭ بېرىش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىلغان[14]. بۇنىڭ بىلەن مۇقىم بىرلا سىزىقلىق تەسۋىرلەشكە ئوخشىمايدىغان سىزىق گۈزەللىكى ھاسىل بولغان. بۇنى كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق ماھارىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيىتى، شۇنداقلا جۇڭگو رەسساملىقىدا رەڭ ئارقىلىق تەسۋىرلەش جەھەتتىكى كاتتا يېڭىلىق دېيىشكە بولىدۇ.

(4) رەڭ ئىشلىتىش ئۇسۇلى: كۇسەن تاشكېمىرلىرىدىكى تام سىزمىلىرىدا، مەيلى بالدۇرقىلىرى ياكى كېيىنكى مەزگىلدىكىلىرى بولسۇن، كۆك رەڭ ۋە يېشىل رەڭنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن كۆپ، قىزىل رەڭنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىنتايىن ئاز. بۇ بوياق ماتېرىياللىرى دەسلەپكى چاغلاردا ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن شىنجاڭ رايونىغا كىرگۈزۈلگەن، ئوتتۇرا مەزگىلدىن باشلاپ، يەرلىك خەلق ئۆزلىرىنىڭ بوياق ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپ چىقارغان[15]. تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كۆك رەڭ ماتېرىيالىنىڭ كۆك ئۇيۇلتاش، كۆك تاش بوياق ۋە كۆك بوياق ئىكەنلىكىنى؛ يېشىل رەڭ ماتېرىيالىنىڭ يېشىل تاش بوياق بىلەن مىس خلورىد ھىدروكسىدتىن تەركىب تاپقانلىقىنى؛ قىزىل بوياق ماتېرىيالىنىڭ بولسا ئاساسلىق قىزىل سېغىز رەڭ، قىزىل لاك ۋە قوغۇشۇن سۇرۇختىن تەركىب تاپقانلىقىنى؛ كۇسەن رەسساملىقىدا باشتىن-ئاخىر قىزىل لاك بىلەن قوغۇشۇن سۇرۇخ ئاساس قىلىنغانلىقىنى، قىزىل سېغىز توپا رەڭنىڭ ئىشلىتىلمىگەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن[16].

تام رەسىملىرىدىكى ئاق رەڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكىسى، ئوتتۇرا ياكى ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكىسى بولسۇن گەجنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ ئاق رەڭنىڭ ھەرقايسى تاشكېمىر رايونىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن، قېنىق قوڭۇر رەڭنىڭ ماتېرىيالىغا ھەربىر دەۋردە قېنىق قوڭۇر رەڭلىك قوغۇشۇن تۆت ئوكسىدى ئىشلىتىلگەن، بۇ ئەھۋال شىنجاڭنىڭ قەدىمكى تاشكېمىر تام رەسىم بوياقلىرىدا قوغۇشۇن سۇرۇخنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قوغۇشۇن سۇرۇخنىڭ رېڭى ئاسان ئۆزگىرىدىغانلىقتىن، موگاۋ تاشكېمىرى ۋە قىزىل تاشكېمىرىدىكى ھەرقايسى دەۋرلەرگە ئائىت تام رەسىم بوياقلىرىدا قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى قوغۇشۇن سۇرۇخ پۈتۈنلەي قېنىق قوڭۇر رەڭلىك قوغۇشۇن تۆت ئوكسىدىغا ئۆزگىرىپ كەتكەن، تام رەسىم بوياق ماتېرىيالىدا ھەقىقىي قېنىق قوڭۇر رەڭ ماتېرىيالى يوق، پەقەت ئىنتايىن ئاز مىقداردا تۆمۈر كۆكى رەڭلىرى بار[17].

## 3. كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا سەنئىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى

كۇسەن قەدىمدىنلا شەرق-غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچرىشىش جايى بولغان. ئۇ بۇددا تام رەسىم سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ شەرققە كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا بىز كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ لياڭجوۋ (ۋۇۋېي)، پىڭچىڭ (داتۇڭ) ۋە دۇنخۇاڭ تاشكېمىر سەنئىتىگە، قۇمتۇرا تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ كېيىن بەرپا قىلىنغان بۇددا تاشكېمىر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز[18].

بۇنىڭدىن باشقا، كۇسەن بۇددا دىنى كەشمىر ۋە قەندىھار بۇددا دىنى سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە خوتەن، قەشقەر، تۇرپان بۇددا سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بۇددا دىنىنىڭ ئىستىقامەتتىكى ئاۋالوكىتىسۋارا بۇدساتۋا، ئالتۇن مائىترىيا بۇددا قاتارلىقلاردا گەۋدىلەندۈرگىنى ماھايانا مەزھىپىنىڭ ئىپادىلەش شەكلى بولۇپ، ئۇ پەقەتلا ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىدىكى ئۆزگىچە ۋاستىنىڭ تەسىرىدۇر. بۇ تەسىر پەقەتلا رول جەھەتتىكى تەسىر بولۇپ، كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى بىلەن بىرلىشىپ يەنە ھىندىستان بۇددا سەنئىتىگىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ ئۆزئارا تەسىر ھادىسىسى تارىخىي رېئاللىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى[19].

لياڭجوۋ تاشكېمىر سەنئىتى، بولۇپمۇ دەسلەپكى مەزگىلدىكى تاشكېمىر بىناكارلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى ئۇسلۇبى، تام رەسىم سەنئىتى ئۇسلۇبى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئۇسلۇبى گەۋدىلەنگەن[20]. دۇنخۇاڭ تاشكېمىرى ياسىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى چاغدا ئۇنىڭدىكى بىناكارلىق سەنئىتى، ئويما-نەققاشلىق تەسۋىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىدا كۇسەننى ئاساس قىلغان غەربىي يۇرت مەدەنىيەت-سەنئىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندى «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابىدا: لياڭجوۋ ھەم دۇنخۇاڭنىڭ دەسلەپ ياسالغان تاشكېمىرلىرىدىكى ھەيكەللەردە بۇددالارنىڭ ھاياتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئوبرازلار ئادەمگە ئوخشىتىلغان، يۇمىلاق يۈز، پۇت-قول مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، بېلى ئىنچىكە، يەلكىسى كەڭ، كۆكرىكى تۈز، بەدەن بۆلەكلىرىنىڭ نىسبىتى ماسلاشقان، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان، بېشىغا ئېگىز باشكىيىم كىيگەن، مۈرىلىرى ئوچۇق، غەربىي دىيارچە كىيىم كىيگەن ھالەتتە ئىپادىلەنگەن، ئويما-قاپارتما ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇددا ھەيكىلىگە ئىستېرېئولۇق تۇيغۇ بەخش ئەتكەن، رەڭگى ئوچۇق بولۇپ، يەنە يالىڭاچ بۇددا رەسىملىرىمۇ بار، ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان پەرىشتىنىڭ ئوبرازىدا گۈزەل ھەم تەبىئىي بولغان كۇسەن رەسساملىق ئۇسلۇبى قوللىنىلغان ، دەپ يازغان[21].

چاڭئەن سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن خەلقئارالىق شەھەر بولۇپ، كۇسەن نەغمىسى، ئۇسسۇلى، تىياترى، تام رەسىملىرى، ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتىنى كەڭ تەرەققىيات مۇھىتى بىلەن تەمىنلىگەن ئىدى. لى يىنپىڭ ئەپەندى «قەدىمكى خوتەن رەسساملىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» دېگەن ماقالىسىدە «سۇجۇپ، ئاقارى ماندا ۋەكىللىكىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى، بۇددىزم رەسساملىقى بىلەن باشلانغان بۇددىزم بىناكارلىق سەنئىتى ۋە ھەيكەلتىراشلىق (ئويمىچىلىق) سەنئىتى، ۋىجرايا پۇچىنا بىلەن ۋىجرايا ئىراسانگا ياراتقان رەسساملىق سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەت-سەنئىتىدە نوپۇزلۇق ۋە سىرلىق ئورۇنغا ئىگە بولغان» دەپ يازغان[22]. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە كۇسەن سەنئىتىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى بىلەن بارلىققا كەلگەن لياڭجوۋ نەغمىلىرى ۋە تىياتىر سەنئىتى چاڭئەن، لوياڭلار ئارقىلىق جەنۇبقا ۋە دالى خانىدانلىقى، چاۋشيەن ھەم ياپونىيەدە ۋاستىلىك تەسىر پەيدا قىلغان. بۇ ھەقتە تارىخىي ھۆججەتلەردە خاتىرىلەر بار. كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى غەرب دۆلەتلىرىدىمۇ تەسىر پەيدا قىلغان[23]. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىر سەنئىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىلەن كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى بىربىرىگە ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن. جۇ يىگرۇڭ، ۋاڭ جيەنلىنلار «كۇسەن تاشكېمىرلىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ئەسىرىدە: «كۇسەن قۇمتۇرا تاشكېمىرىدىكى ‹ئالەمنى پاكلاش› مەزمۇنىدىكى تام رەسىمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خەنزۇلار رايونىدىكى ‹ئالەمنى پاكلاش› (净土变) تام رەسىمىنىڭ كۆچۈرۈپ كېلىنگەنلىكىدۇر» دەپ يازغان.

يۇقىرىقى بايانلارنى خۇلاسىلىگەندە، كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تاشكېمىر سەنئىتى كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنى تېخىمۇ بېيىتقان[24]. بىز بۇ خىل تارىخىي جەرياننى ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردە، كۇسەن سەنئەت مەركىزى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئەت مەركىزىنى ئاساس قىلغان ھالدا بولغان تەسىر قوبۇل قىلىش ۋە قايتا تەسىر (رادىياتسىيە) دېيەلەيمىز، بۇ ھال بۇندىن كېيىنكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنى تەقەززا قىلىدۇ.

## 4. كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشى ۋە ئۇنى قوغداش تەدبىرلىرى

كۇسەن تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشى كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغان ئىش بولۇپ، بۇنىڭغا ئۇنى شۇ جاينىڭ يەرلىك خەلقى ۋە سەنئەت ساھەسىنىڭ بىرقەدەر ئەتراپلىق، توغرا تەتقىق قىلمىغانلىقى ھەمدە بۇ سەنئەتنىڭ مۇكەممەلرەك ھالدا ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلمىگەنلىكى سەۋەب بولغان دېيىشكە بولىدۇ، بۇنى كونكرېت تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ:

(1) ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى. كۇسەن تاشكېمىر سەنئەت خەزىنىسى چەت ئەل ئاخېئولوگلىرىنىڭ «شەرق مەركىزى» نەزەرىيەسىنىڭ قۇربانى بولغان. «قىزىل تاشكېمىرىدىكى مەزمۇنلار ئومۇمىي خاتىرىسى» دە: «19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە، سۋېن ھېدىن، ستەيىن، پېللىئوت، زۇئىچو تاچيبانا، گېھمان، گرونۋېدېل، لېكوك، يەنگۇۋاڭ رۇي قاتارلىق چەت ئەللىك جۇغراپىيەشۇناس، ئارخېئولوگ، ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ قېزىش پائالىيەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇلار كۆپ قېتىم قەشقەر، خوتەن، كىروران، كۇسەن قاتارلىق جايلاردا بايلىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ياردىمىدە، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قازغان ھەمدە يەرلىك خەلقنى ئىشقا سېلىپ، قىياتاش رەسىملىرى ۋە تام رەسىملىرىنى، بۇددا ھەيكەللىرى ۋە تېپىلغان يازما ھۆججەتلەر، ياغاچ ئويمىلار قاتارلىق كۇسەننىڭ زور كۆپ قىسىم سەنئەت گۆھەرلىرىنى ئېلىپ كەتكەن، شۇنداقلا چەت ئەللىك ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئۇدا داۋام قىلغان ئوغرىلاش ھەرىكىتى كۇسەن تام رەسىملىرىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان»[25].

(2) تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغان. ئوت ئاپىتى، كەلكۈن، بوران، يەر تەۋرەش، قۇم، چاڭ-توزان قاتارلىقلار كۆپ يۈز بېرىپ تۇرىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدۇر. بۇ ھادىسىلەردە تاشكېمىرلەر ئۆلتۈرۈشۈپ كەتكەن، ھەيكەللەر بۇزۇلغان، قولىيازما ھۆججەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، تام رەسىملىرىنىڭ سويۇلۇپ چۈشۈپ كېتىشى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال ئىدى[26].

(3) كۇسەن ئويمانلىقىدا ئىسلاملىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا نۇرغۇن تام رەسىملىرى بۇزۇۋېتىلگەن. غەربىي يۇرت تاشكېمىرلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان يەنە بىر ئامىل يەرلىك خەلقنىڭ خۇراپىيلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تام رەسىمدىكى جانلىقلار ۋە ئادەملەرنىڭ كۆزى ۋە ئېغىزىنى جىجىپ ئۆچۈرۈۋېتىش كېرەككەن، بولمىسا كېچىدە ئۇلارغا جان كىرىپ زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن[27]. يۇقىرىدا كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىدىكى سەۋەبلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە كۇسەن تام رەسىملىرىنى قوغداش جەھەتتىكى بىرقانچە تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

كۇسەن تاشكېمىر رەسىم سەنئىتىنى قوغداش ناھايىتى مۇھىم تەتقىقات تېمىسى. كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە ئىزاھلاش جۇڭگو ھەتتا دۇنيا تاشكېمىر سەنئىتىنىڭ ئاچقۇچى. شۇڭا، كۇسەن تاشكېمىر رەسىم سەنئىتىنى قوغداش

تۆۋەندىكى بىرقانچە تەرەپتىن يۈكسەك ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك:

(1) تەبىئەت كۈچىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش لازىم. شىنجاڭ رايونى، بولۇپمۇ تەكلىماكان چۆللىنىڭ قۇم-بورىنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ناملىق كىتابتا: «قاراشەھەر، كۇچا، خوتەن قاتارلىق جايلاردا قۇم دېڭىزىدىكى تام رەسىملىرى سالونىنى ھەيۋەتلىك تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ يۇتۇۋېتىش ئېھتىماللىقى ھېلىمۇ مەۋجۇت» دېيىلگەن. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ تام رەسىملىرى سالونىنىڭ ئەتراپىغا بوستانلىقلارنى بەرپا قىلىش، دەريا-ئېقىنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قۇم-بورانىنىڭ زېمىنغا تاقابىل تۇرۇش لازىم.

(2) يەرلىك ۋە چەت ئەللىك «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئوغرىلىرى»دىن ھوشيار بولۇش كېرەك. ھازىر تاشكېمىر رەسىملىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئوغرىلايدىغان ئەھۋاللار ئاساسىي جەھەتتىن يوق، ئەمما پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق ۋاستىلىرى تېخىمۇ «تەرەققىي قىلىپ» كېتىشى مۇمكىن، شۇڭا كۇسەن رايونى تاشكېمىرلىرىدىكى رەسىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈش جەھەتتە قوغداش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

(3) دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ گۈزەل سەنئەت رەسىم ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش، ساقلاش، تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى يۇقىرى ساپالىق، يۇقىرى تېخنىكىغا ئىگە تەتقىقاتچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشى تولىمۇ زۆرۈر، بىز ھازىر تەتقىق قىلىۋاتقان زور كۆپچىلىك تاشكېمىر رەسىم سەنئىتى ئەسەرلىرى چەت ئەللىك ئارخېئولوگلاردىن گىرۇنۋېدېل، لېكوك ۋە ۋولتېر سىمىت قاتارلىق 3 كىشى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنغان نەتىجىلەر بولۇپ، رەسىم سەنئىتى جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بەزىلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر[28].

(4) رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە كەسپىي تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىش كېرەك. كۇسەن تام رەسىملىرى تاشكېمىرنىڭ تېمىغا سىزىلغان رەڭلىك رەسىملەردۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تام رەسىملىرىنىڭ سىيۇلۇپ چۈشۈپ كېتىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، دۆلەت كۇسەن تام رەسىملىرىنى رېمونت قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ھەمدە نەچچە قېتىم چوڭ كۆلەملىك رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى، ئەمما ئوبراز يارىتىش، بېرىلگەن رەڭلەر ئەسلى ئەسەرنىڭ ئۇسلۇبىغا ماس كەلمەسلىك قاتارلىق كۆپلىگەن كەسپىي تېخنىكىلىق ھادىسىلەر كۆرۈلدى. كۇسەن مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق، شۇڭا يۇقىرى سەۋىيەلىك كەسپىي تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىق قىلىش ۋە رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش، كەڭ كۆلەملىك تۈزەش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر[29].

(5) كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى چوڭ بىر ئىلىم ساھەسى، بىز بۇ جەھەتتىكى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشىمىز، ئەۋلادلارغا بۇ سەنئەتنىڭ تارىخىي ۋە ئېستېتىكىلىق قىممىتىنى تونۇتۇشىمىز لازىم. «قىزىل تاشكېمىرى مەزمۇنلىرى ئومۇمىي خاتىرىسى» دە: «ھازىر كۇسەن تام رەسىملىرى زور تۈركۈملەپ چەت ئەللەرگە ئېقىپ كېتىۋاتىدۇ، بەزىلىرى لوندون، بېرلىن، توكيودا، بەزىلىرى ئامېرىكىنىڭ نېلسون مۇزېيىدا، بەزىلىرى پارىژدىكى سىغنۇچ مۇزېيىدا، روسىيەنىڭ سانكت-پېتېربۇرگ مۇزېيىدا، يەنە بىرقىسمىلىرى بولسا شەخسلەرنىڭ قولىدا» دەپ يېزىلغان. بىز چوقۇم خەلقئارالىق ھەمكارلىق ئارقىلىق كۇسەن تاشكېمىر سەنئىتى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشىمىز، ئىمكانقەدەر ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، چەت ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلگەن تام رەسىم ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، ئەسلى ئورنىغا چۈشەندۈرۈش بېرىشىمىز، بۇ قىممەتلىك مىراسنى دۇنيانىڭ تاشكېمىر سەنئىتى تارىخىي تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك مەدەنىيىتى، مول ۋە رەڭگارەڭ سەنئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەزىنىسىدە كۇسەنىنىڭ قەدىمكى تاشكېمىر سەنئەت ئەسەرلىرى مەشهۇر. جۇڭ گاۋ «غەربىي يۇرت سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ناملىق ئەسىرىدە، «غەربىي يۇرت (شىنجاڭ) تارىختىن بۇيان ، ئىككى خەن ، سۇي، تاڭ ، يۈەن سۇلالىسى ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە تۆت قېتىملىق چوڭ كۆچۈش-قوشۇلۇشنى باشتىن كۆچۈردى ، بۇ تۆت دەۋر غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈش، چوڭ سىڭىشىشىدىكى مۇھىم مەزگىل ھېسابلىنىدۇ، ھەربىر دەۋردىكى بىرلىشىش جۇڭخۇا مىللىتى ئىكەنلىكىنى تونۇش ئېڭىنى يەنىمۇ يۇقىرى قاتلامدىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بىر گەۋدە ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى» دەپ يازغان. شىنجاڭدا ئىلگىرى-كېيىن پەيدا بولغان بىرقانچە خىل دىن بىزگە ئۆزگىچە تاشكېمىر رەسىم سەنئىتى مىراسلىرىنى قالدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە كۇسەن تاشكېمىر رەسىم مىراسلىرى بىرقەدەر مۇھىم ئورۇنغا ئىگە، شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قول ھۈنەرۋەنچىلىكى، بولۇپمۇ گۈزەل سەنئىتى شۇ جايدىكى توپلار ۋە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماي، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدىكى چۈشىنىش ۋە ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى[30]. شۇڭا كۇسەن رەسىم سەنئىتى دۆلىتىمىزنىڭ رەسىم سەنئىتى تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، كۇسەن خەلقى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاش، ئۆزگىچە، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە رەسىم مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئۆز مەنىۋىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىم ئىجادىيەت نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. كۇسەن خەلقىنىڭ تاشكېمىر رەسىملىرىنى قەدىمكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرى دېيىشكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، غەربىي يۇرت ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنىڭ رەسىم سەنئىتىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ھەم ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ دەلىلى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] ن.ۋ.دياكونوۋا (رۇسيە): «شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخى»، 210-بەت، سەنئەت نەشرىياتى، 1958-يىلى، رۇسچە نەشرى، سانكت-پېتېربۇرگ.

[2][3] جون ماشېل (ئەنگلىيە): «قەندىھار بۇددا سەنئىتى»، شۇ جيەنيىڭ تەرجىمىسى، 3-، 111-بەتلەر، شىنجاڭ گۈزەل-سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى،1999- يىلى ، خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

[4] لۈي ۋېي: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبەلىرى» 24-بەت، 1979-يىلى، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، شاڭخەي.

[5] ۋېي چاڭخۇڭ: «غەربىي يۇرت بۇددا دىنى تارىخى»، 20-بەت، 1998-يىلى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

[6] سۇ بىخەي: «غەربىي يۇرت تارىخ-جۇغراپىيەسى»، 268-بەت، 1998-يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[7] ك.ن. رېرخ (رۇسيە): «ئاسىيا كىندىكى» ،1985-بەت، 1992-يىلى، رۇسچە نەشرى، سانكت-پېتېربۇرگ.

[8] ئالبېرت فون لېكوك (گېرمانىيە): «شىنجاڭ يەر ئاستى مەدەنىيەت بايلىقلىرى»، 22-بەت، 2003-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، مۇھەممەت ئېلىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، ئۈرۈمچى.

[9] ستەيىن: «غەربىي دىيار ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى»، شياڭ دا تەرجىمىسى، 88-بەت، جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى ۋە شاڭخەي كىتابخانىسى بىرلىشىپ نەشر قىلغان، 1987-يىلى، شاڭخەي.

[10] چاڭ رېڭشيا: «ھىندىستان ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا گۈزەل سەنئەت تارىخى»، 24-بەت، شاڭۋۇ نەشرىياتى، 1993-يىلى خەنزۇچە نەشرى، شاڭخەي.

[11][12][13][14] س. م. دۇدىن (روسيە): «جۇڭگو غەربىي رايون تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى»،

[11][12][13][14] س. م. دۇدىن (روسىيە): «جۇڭگو غەربىي رايون تاشكېمىر رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئېپادىلەش ئالاھىدىلىكلىرى»، 83-، 85-، 89-، 90-بەتلەر، 1917-يىلى، پەن-تېخنىكا نەشرىياتى رۇسچە نەشرى، موسكۋا.

[15][16][17] ئوتانى (ياپونىيە): «يېڭى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى»، 321-، 336-، 352-بەتلەر (ئىككى توم)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى، 161323-ئىندېكس.

[18][19][20][21] [23][24] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ،388-، 390-، 393-، 395-398 - 401-بەتلەر، 1998-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

[22] لى يىنپىڭ: «قەدىمكى خوتەن رەسساملىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، شىنجاڭ گېزىتى، 1990-يىلى 1-سان، خەنزۇچە.

[25] گ. ئا . پۇگاچېنكوۋا (رۇسىيە): «ئوتتۇرا ئاسىيا سەنئىتىدىن ئوچېرىك» ،112-بەت، 1982-يىلى، پەن-تېخنىكا نەشرىياتى رۇسچە نەشرى، موسكۋا.

[26] ۋۇ شىنخۇا: «ستەيىن»، توختى تىللا تەرجىمىسى، 269-بەت، 2003-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، ئۈرۈمچى.

[27] س. پ. ئولدېنبۇرگ (رۇسىيە): «مىڭئۆي بۇددالىرى» (1-توم)، 57-بەت، 1992-يىلى، سەنئەت نەشرىياتى، سانكت-پېتېربۇرگ.

[28] لى جۈن، دىڭ مياۋ: «سۈين ھېدىن»، توختى تىللا تەرجىمىسى، 35-بەت، 2000-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى.

[29][30] ئابلەت مەخسۇت: «جۇڭگو غەربىي رايون تام رەسىم سەنئىتى»، 2-توم، 161-، 165-بەتلەر، 2008-يىلى، سەنئەت نەشرىياتى، رۇسچە نەشرى، سانكت-پېتېربۇرگ.

[31] ياۋ شىخۇڭ: «كۇسەن بۇددا دىنى ۋە تاشكېمىر» [M]، كۇسەن مەدەنىيىتى تەتقىقاتى، 2006 -يىلى نەشرى.

[32] خەن شياڭ، جۇ يىڭرۇڭ : «كۇسەن تاشكېمىرلىرى» [M] ئۈرۈمچى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1996-يىلى نەشرى.

[33] ۋاڭ جېڭپىڭ، لوۋ جۈنخىنلار تۈزگەن «دۇنيانىڭ ئومۇمىي تارىخى» (قەدىمكى زامان قىسمى 1- توم) [M]، جېجياڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1994-يىلى،خەنزۇچە نەشرى.

[34] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» [M] ئۇيغۇرچە، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 -يىلى نەشرى.

[35] جۇ يىڭرۇڭ، ۋاڭ جيەنلىن: «كۇسەن تاشكېمىلىرى ھەققىدە» [M]، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2006 -يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

[36] جۇڭ گاۋ: «غەربىي يۇرت سەنئىتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» [M]. ئۈرۈمچى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت-فوتو سۈرەت نەشرىياتى، 2000 -يىلى، خەنزۇچە نەشرى.

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

www.uyghurkitap.com



**ماقاله نومۇرى:** 1005 ـ 5878 (2011) 01 ـ 046 ـ 09

# شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيتى ۋە تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

## ئابدۇشۈكۈر ئوسمان

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى سىياسىي ۋە ئاممىۋى باشقۇرۇش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك شىنجاڭ قۇرۇش، زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي تەقەززاسىغا ماس ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپى شۇنىڭدەك شىنجاڭنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى. بۇ ماقالىدە، ئېلىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت بەرپا قىلىشتىكى تەجرىبىلىرى ۋە شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايون قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك شىنجاڭ بەرپا قىلىش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىلدۇ.

**摘要：** 开发和发展人力资源、把新疆建成人力资源大区是构建顺应时代发展趋势的和谐社会的需要，也是做强新疆的长期性战略抉择。本文以我国构建人力资源强国为历史背景，以发达国家构建人力资源核心竞争力为借鉴，以新疆人力资源开发中存在的问题为切入点，探讨构建人力资源大区的措施。

**Abstract:** Exploring and developing human resources, building strong human resources with XJ characteristics meet the needs of the scientific concept of development and the harmonious society, which is also a long-term strategic choice of the implement of fast paced development of XJ. Based on the background of building strong human resources, by using the experience of building the core competitiveness of human resources in developed countries for reference, the author expounded in-depth the effective measures of building strong human resources in XJ .

**كىتابلارنى جۈملىگە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F061**　　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: «مائارىپنى ئالدىن راۋاجلاندۇرۇپ، ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ مائارىپ ئىشلىرىنى ھالقىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئومۇمىيۈزلۈك ماسلاشتۇرۇپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ تەلىپى. دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەلىك تاللىشى. ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئۆگىنىشچان جەمئىيەت قۇرۇش ئېلىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرى. بۇ پارتىيە 17 ـ قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىچكى

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** ئابدۇشۈكۈر ئوسمان (1971 ـ يىلى 12 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ئىدىيە ـ سىياسىي تەربىيە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2020-يىلى 2000-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاپ ئېشىپ يۇقىرى بولغان ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزدىكى، شۇنداقلا ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت بەرپا قىلىشىمىزدىكى ئاچقۇچ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، نوپۇس جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە 17- قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىشىمىز كېرەك.

## 1. چەت ئەللەرنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش تارىخىي تەجرىبىلىرى

2001-يىلى 5-ئايدا يولداش جياڭ زېمىن دۇنيا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى قۇرۇلۇشى يۇقىرى دەرىجىلىكلەر سۆھبەت يىغىنىدىكى سۆزىدە: « بۈگۈنكى دۇنيادا، ئىختىساسلىقلار قۇرۇلۇشى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدە بارغانسېرى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا،...ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشنى كۈچەيتىش، ئادەم كۈچى بايلىقى ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك مۇھىم ۋە جىددىي ۋەزىپە بولۇپ باقمىغان» دەپ كۆرسەتتى. ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش تارىخىي تەجرىبە-ساۋاقلارنىڭ چوڭقۇر يەكۈنى. بىر تەرەپتىن، يېقىنقى زاماندا جۇڭگو ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەتتىن تەدرىجىي ئاجىزلىشىش تارىخىنى باشتىن كەچۈرگەن. مىلادىيە 1890-يىللاردىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭگونىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدىكى ئىگىلىگەن سالمىقى ئىنتايىن زور بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ئىدى. بىراق، ئىنسانىيەت پەن-تېخنىكا ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلىغاندا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىر قاتار مەسىلىلەر تۈپەيلى، بىر ئىزدا توختاپ قىلىشقا باشلىغان. ئوخشاش تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدا، ئامېرىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ جۇڭگودىن ئېشىپ كەتكەن. 1800-يىلى ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىدا ئىگىلىگەن ئومۇمىي سالمىقى 1.8% گە كۆتۈرۈلگەن بولسا، 1913-يىلى 19.1% كە يەتكەن، جۇڭگو كەينى-كەينىدىن ئارقىدا قېلىۋەرگەن. جۇڭگونىڭ يېقىنقى دەۋرلەردە كۈنسېرى ئاجىزلىششىدا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەردىن باشقا، پەن - تېخنىكا سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشقا سەل قارالغانلىقىمۇ مۇھىم سەۋەب. يەنە بىر تەرەپتىن، يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشقان ئۈچ قېتىملىق سەكرەشنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدا بىرىنچى قېتىملىق سەكرەش ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيەدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى بولدى. 1820-يىلى ئامېرىكىنىڭ GDP سى ئەنگلىيە GDP سىنىڭ 73.3% گە توغرا كەلگەن بولسا، 1913-يىلى ئامېرىكىنىڭ GDP سى ئەنگلىيەنىڭكىدىن 5.5% ئېشىپ دۇنيادىكى GDP سى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتكە ئايلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتە، 1820-يىلى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەربىيەلىنىش مۇددىتى ئەنگلىيەلىكلەرنىڭكىنىڭ 87.5% گە توغرا كەلگەن بولسا، 1870 ـ يىلى% 88.3 كە كۆتۈرۈلگەن. 1913 ـ يىلى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ 91.2% كە يەتكەن[1]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرىچە GDP سىنىڭ ئامېرىكىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى بولدى. 1950-يىلى ياپونىيەنىڭ ئوتتۇرىچە GDP سى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرىچە GDP سىنىڭ 19.6% گە توغرا كەلگەن بولسا، 1992-يىلى

90.1% گە توغرا كەلگەن. 1913-يىلى ياپونىيەلىكلەرنىڭ تەربىيەلىنىش مۇددىتى ئامېرىكىلىقلارنىڭكىنىڭ 60.2% گە توغرا كەلسە، 1992-يىلى 82.4% كە كۆتۈرۈلگەن، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچى ئامېرىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئامېرىكا بۇ ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق شۇنى تونۇپ يەتتىكى، ياپونىيەنىڭ مائارىپى، بولۇپمۇ ئاساسىي مائارىپى ئامېرىكىنىڭكىدىن كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ياپونىيەنىڭ خەلقئارادىكى رىقابەت كۈچىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۈچىنچى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك سەكرەش كورىيەنىڭ رىقابەت كۈچىنىڭ غەربىي ياۋروپادىن ئېشىپ كېتىشى بولدى. 1973-يىلى كورىيەنىڭ ئوتتۇرىچە GDP سى غەربىي ياۋروپادىكى 12 دۆلەتنىڭ 24.3% گە توغرا كەلگەن بولسا، 1992-يىلىغا كەلگەندە 57.5% كە يەتكەن. مائارىپ جەھەتتىن قارىغاندا كورىيەلىكلەرنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 55% ئەتراپىدا بولۇپ، باشقا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ تەرەققىيات سەۋىيەسى بىلەن تەڭلىشىپ قالغان[2].

بۇ ئۈچ قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەتلىك سەكرەش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتىكى ئەۋزەللىك، بۇ دۆلەتلەرنىڭ قالاقلىقتىن تەرەققىي قىلغان دۆلەتكە ئايلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

## 2. شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى

بىرىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش — ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. پارتىيە 17- قۇرۇلتىيى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزدى، بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ بەلگىسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ كاپالىتى. ئۇ تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىمەن قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلانغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كېيىنكى ئىككى تەرەپ ئادەم كۈچى بايلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەم كۈچى بايلىقى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، شىنجاڭنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشتا، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. بۇ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، ئىلمىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئاممىسىنى ئورتاق بەھرىمەن قىلىش ئۆز ئارا بىرلەشكەندىلا ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلىشىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش - ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ كاپالىتى. پارتىيە 17- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوتتۇرىچە ئومۇمىي قىممىتىنى 2020-يىلى 2000-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پەن - تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىشچان دۆلەت قۇرۇش كېرەك. بۇ ۋەزىپىنىڭ تاماملىنىشى ئىختىساسلىقلار باش قوشۇنىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق.ئۈچىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش— ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش قەدىمىگە ئۇيغۇنلىشىپ، خەلقئارادا رىقابەتكە پائال يۈزلىنىشنىڭ تەلىپى. يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيە 17- قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا:«خەلقئارا پەن-تېخنىكا بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىتنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يارىتىپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان ئالىملار ۋە پەن-تېخنىكا

باشلامچىلىرىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ، بىرىنچى سەپتە يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش پاراستى ئۇرغۇپ تۇرغان، ھەر جەھەتتىكى ئىختىساسلىقلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىش كېرەك»[3] دەپ كۆرسەتتى. دېمەك، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش دولقۇنىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى ئۇنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا باغلىق.

## 3. تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش جەھەتتىكى تەدبىرلىرى

ئامېرىكا، ياپونىيە ۋە ياۋروپا ئەللىرى ھازىرقى دۇنيادا ئىقتىسادىي تەرەققىياتى جەھەتتە كۈچلۈك، دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار ياساش سانائىتىگە، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولۇپ،ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ مۇھىم ئامىل— ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدۇر. تۆۋەندە بىز ياپونىيەنىڭ تەرەققىياتىنى ئاساس قىلىپ، بۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

ياپونىيە نۆۋەتتە ئامېرىكىدىن قالسىلا، دۇنيادىكى 2- چوڭ ئىقتىسادىي دۆلەت، ئۇ دۇنيا بويىچە ئىلغار ياساش سانائىتىگە، يېرىم ئۆتكۈزگۈچ قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە دۆلەت، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خەلق مائارىپى تەرەققىي قىلغان، نوپۇس سۈپىتى دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ پەن - تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى كۈچلۈك. ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن تارتىپ 2001 - يىلىغىچە بولغان تەرەققىياتىنى تېز سۈرئەتتە ئېشىش دەۋرى ( 1950- يىلدىن 60 - يىللارغىچە)، داۋاملىق ئېشىش دەۋرى (70- يىللاردىن 90 - يىللارنىڭ دەسلىپىگىچە) ۋە ئومۇميۈزلۈك تەڭشىلىش دەۋرى دەپ ئۈچ دەۋرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ دەۋرلەردە ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىپ بېرىشىنى ياپونىيەنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىدىن پايدىلىنىش سىياسىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ياپونىيە ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش جەھەتتە تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى ئۇنۇملۇك قوللانغان.

بىرىنچى، مائارىپ سىياستى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان مائارىپ سىياسىتىنىڭ ھەممىسى ئىختىساسلىشىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ياپونىيە ھۆكۈمىتى ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ پەن - تېخنىكا ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ كەسىپنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، جۇملىدىن تۆۋرۈك كەسىپلەردە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇنى ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش سىياستى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ ئۆزگىچە نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 2- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ياپونىيەنىڭ 1-، 2-كەسىپىدە قىلچە بۆسۈش بولمىغان، ھەتتا 3-كەسىپ ئاساسەن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياپونىيە ھۆكۈمىتى بۇ ھالەتنى ئۈچ قاتلام بويىچە ئۆزگەرتتى، يەنى تۆۋرۈك كەسىپلەرنىڭ قايتىدىن گۈللىنىشىنى تېزلەتتى، ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى قايتىدىن تەڭشىدى. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، بۇ ئۈچ قىيتىملىق تەڭشەش جەريانىدا، ياپونىيە ھۆكۈمىتى بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنى چىڭ تۇتتى. نەتىجىدە، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشنى ئاساس قىلغان مائارىپ سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش قۇرۇلمىسى ۋە دەرس قۇرۇلمىسىغا ئالاقىدار ئالىي مائارىپ ئىسلاھاتىنى نۇقتا قىلىپ چىڭ تۇتتى. مائارىپ مىنىستىرلىقى ئاكتىپ مالىيە سىياستىنى يولغا قويۇپ، سېلىنمىنى كۆپەيتتى. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنى تەبىئىي پەن بويىچە قوبۇل قىلىدىغان ئوقۇغۇچى سانىنى كۆپەيتىشكە

www.uyghurkitap.com



ئىلھاملاندۇردى، بۇ ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىختىساسلىقلار تەربىيەلەپ چىقىلدى.

ئىككىنچى، باشقا ئەللەردىن ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىش سىياسىتى. ياپونىيە ھۆكۈمىتى چەت ئەللىك ئىختىساسلىقلارنى ياپونىيەدە خىزمەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرى، ھەمكارلىق شەكلىدىكى ئالماشتۇرۇش سىياسىتى بولۇپ، خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ۋە ھەرخىل سۆھبەت يىغىنلىرى ئارقىلىق، چەت ئەللىك ئالىملارنىڭ ياپونىيەگە كېلىپ ئېكىسكۇرسىيە ۋە خىزمەت قىلىش، دوكلات بېرىش ۋە ساياھەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ياپونىيەگە جەلپ قىلدى.

ئۈچىنچى، ئاكتىپ مالىيە سىياسىتى. پۇل-مۇئامىلە سىياسىتىنى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، يۇقىرى ۋە ئەلا سۈپەتلىك تۇرمۇش شارائىتى، پەن-تەتقىقات شارائىتى ھازىرلاپ بېرىپ، چەت ئەللىك خادىملارنى جەلپ قىلدى. ھۆكۈمەت ئالىي مەكتەپلەر بىلەن دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چەت ئەللەردە تەتقىقات بازىلىرىنى قۇرۇپ، بۇ بازىلاردىكى ئىختىساسلىقلاردىن پايدىلىنىپ، چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە، ياپونىيەنىڭ ئىقتىسادى تېز ئاشتى، ئۇ ناھايىتى تېزلا دۇنيادىكى 2-ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى.

## 4. ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بېرى، شىنجاڭنىڭ رايون ئىقتىسادىدا ئالەمشۇمۇل تەرەققىياتلار قولغا كەلدى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشنىڭ ئاساسىي مۇھىتىدا غايەت زور ياخشىلىنىشلار بولدى. بىراق، تەبىئىي شارائىت چەكلىمىسى، ئىقتىسادىي ـ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئارقىدا قېلىشى، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئاددىي ھەم بىر خىللىقى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارنىڭ تەسىرىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشىدا تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر ساقلانماقتا:

1) ئادەم كۈچ بايلىقى جەھەتتە تۈزۈلمە مۇكەممەل ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش تۈزۈلمىسىدە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر بار. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇنى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىرىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى يېتىشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ۋە ئەندىزىسىدە ئىختىساسلىقلار دۆلەتكە تەۋە دېيىدىغان چۈشەنچە ئالاھىدە تەكىتلەنگەن. بۇ ئادەم كۈچى بايلىقى بىلەن ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ «قوش يۆلىنىشلىك تاللىشى» ۋە ئىختىساسلىقلارنىڭ مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى چەكلەپ، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولماقتا. ئىككىنچى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان نوپۇس، ئارخىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ئادەم كۈچى بايلىقىنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇشقا پايدىسىز. نوپۇس باشقۇرۇش تۈزۈمى ئاساسىدىكى نوپۇس تۈزۈلمىسى ئەمگەك كۈچىنىڭ نورمال يۆتكىلىشىنى چەكلەپ قويغانلىقتىن، شەھەر - يېزىلارنىڭ، رايونلار بىلەن رايونلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشى ۋە شەھەر- يېزىلارنىڭ پەرقى كېلىپ چىققان. نۆۋەتتىكى كادىرلار ئارخىپىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىختىساسلىقلارنىڭ ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارغا تايىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى تۆۋەن، قاپلىنىشى يېتەرلىك ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى راۋان بولمىغاچقا، ئىختىساسلىقلارنىڭ يۆتكىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرىغان. ئۈچىنچى، كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا توسالغۇ بولغان. ئوتتۇرا، شەرقىي رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، شىنجاڭ كارخانىلىرىنىڭ مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسى بىر خىللا بولۇپ، ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار بىر قەدەر كۆپ، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلارنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىمۇ

مۇئەييەن دەرىجىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتىدۇ. كارخانا باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش تۈزۈلمىسى قېلىپلاشمىغان. بۇ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەن بولۇشىغا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماكرو جەھەتتىن، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكى كارخانىلار بىلەن ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان كارخانىلار ئارىسىدا مۇۋاپىق يۆتكىلىشىنى چەكلەپ قويىۋاتىدۇ.

2) ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ سانى كۆپ، سۈپىتى تۆۋەن. شىنجاڭنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ نوپۇسنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولۇشى، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدىكى ئېشىش سالمىقىنىڭ بىر قەدەر مۇقىم بولۇشى تۈپەيلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ سانى ئاشقان، بىراق ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكى، بازارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلى، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەۋى قارىشىنىڭ قالاقلىقى تۈپەيلى، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ تەلەپكە ماسلىشالماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت. ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ سۈپىتى جەھەتتىن، شىنجاڭنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى تۆۋەن. بىرىنچى، شىنجاڭنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى يېتىشتۈرۈش مائارىپى مۇشۇ رايوننى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر ئاجىز. ئىككىنچى، يېقىندىن بېرى بىر قىسىم مۇنەۋۋەر مائارىپچىلار ئىچكى ئۆلكىلەرگە ۋە چەت ئەللەرگە كەتكەچكە، ئەسلىدىلا ئاجىز ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مائارىپى ۋە ئالىي مائارىپ تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتتى. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 2002- يىلى شىنجاڭنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىنىڭ ئوقۇش تارىخى جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %52.7 بولۇپ، مەملىكەت بويىچە كەينىدىن سانىغاندا 3- ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۈچىنچى ، شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ۋە كەسپىي تېخنىك قوشۇنى قۇرۇلۇشى مۇكەممەل ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى مەيلى سان ياكى سۈپەت جەھەتتە بولسۇن، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ.

3) شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ كەسپىي تېخنىكا قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىدىن قارىغاندا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىك خادىملىرى ئىچىدە يۇقىرى ئۇنۋان، يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى تۆۋەن، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي — ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2007- يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىر قەدەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت- ئوبلاستتىكى كەسپىي تېخنىك خادىملار 115 مىڭ 300نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، يۇقىرى ئۇنۋاندىكىلەر 3609 نەپەر ، تېخنىكلار ئومۇمىي سانىنىڭ %3.1 نى، ئوتتۇرا ئۇنۋاندىكىلەر 24595 نەپەربولۇپ، ئومۇمىي سانىنىڭ %21.3 نى ئىگىلىگەن. 2007-يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي تېخنىك خادىملار ئىچىدە، تولۇق كۇرستىن يۇقىرى ئوقۇش تارىخىدىكىلەر %30 نى، مەخسۇس كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەر %43.4 نى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئوقۇش تارىخىدىكىلەر %26.4 نى تەشكىل قىلغان[4].

4) مائارىپنىڭ تەرەققىياتى تەكشىسىز، كىشىلەرنىڭ تەربىيەلىنىش سەۋىيەسى تۆۋەن. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا ئەڭ چوڭ نەپكە ئېرىشىدىغىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولىدۇ. بۇ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش - بولماسلىقىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ھالبۇكى، تەبىئىي شارائىت، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش، ئىقتىسادىي ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەدەنىيەت ئاساسى، كىشلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيەسى، مىللەتلەر مەسىلىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، شىنجاڭنىڭ مىللىي مائارىپىدا يۇقىرى تەننەرخ ۋە تۆۋەن ئۈنۈم بىرلىكتە مەۋجۇت. بۇ مائارىپنىڭ تەرەققىياتىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاستتا، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مائارىپى سىلىنمىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى شۇ يەردىكى ئوقۇش يېشىدىكىلەرنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ بويىچە تەربىيەلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، يەنىلا تۆۋەن سەۋىيىدە بولۇپ، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئاساسى ئاجىز، تېخىمۇ مۇھىمى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت-ئوبلاستنىڭ «قوش تىللىق ئوقۇتۇش» قا زۆرۈر بولغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى«قوش تىللىق ئوقۇتۇش» ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ قويماقتا.

5) ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش سىلىنمىسى يېتەرلىك ئەمەس. ئۇزۇندىن بىرى، شىنجاڭنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشتا، ئاساسلىق مەبلەغ سالىدىغان ئورگانلارنىڭ مائارىپ سىلىنمىسى ئاز بولۇپ كەلدى. شىنجاڭدىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ سىلىنمىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى 6.2 ھەسسە بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك سىلىنمىسى 3.2 ھەسسە، ئېنېرگىيە سانائىتى سىلىنمىسى 8.8 ھەسسە، قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف سىلىنمىسى 5.9 ھەسسە ئاشقان، ھالبۇكى، مائارىپ سىلىنمىسى پەقەت 1.6 ھەسسە ئاشقان. شىنجاڭنىڭ مائارىپ سىلىنمىسىنىڭ 1985-يىلىدىن 2005-يىلىغىچە بولغان ئارلىقتا ئېشىشى تېز بولغان، بىراق 1985-يىلىدىن 2000-يىلىغىچە ئارلىقتا مائارىپ چىقىمىنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ بارغان، 2008-يىلى كۆرۈنەرلىك ئېشىش بولغان بولۇپ، GDP نىڭ 4.73% نى ئىگىلىگەن.

شىنجاڭنىڭGDPسى ۋە مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى(ئالدىنقى يىل بىلەن سېلىشتۇرۇلدى )

| يىللار | GDP (يۈز مىليون يۈەن) | GDP نىڭ ئېشىش سۈرئىتى(%) | يەرلىك مالىيەنىڭ مائارىپ چىقىمى (ئون مىڭ يۈەن) | يىللىق مالىيە مائارىپ خىراجىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى | مائارىپ خىراجىتىنىڭ GDP دا ئىگىلىگەن نىسبىتى(%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1985 | 112.24 | | 45641 | | 4.075 |
| 1990 | 261.44 | 1.33 | 74937 | 0.64 | 2.87 |
| 1995 | 814.85 | 2.12 | 187832 | 1.51 | 2.30 |
| 2000 | 1363.56 | 0.674 | 313538 | 0.69 | 2.29 |
| 2005 | 2604.14 | 0.909 | 726517 | 1.32 | 2.79 |
| 2008 | 4203.41 | 0.838 | 1992132 | 1.40 | 4.73 |

ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەسى: «2009-يىللىق جۇڭگو ئىستاتىستىكا يىلنامىسى»، جۇڭگو ئىستاتىستىكا نەشرىياتى، 2009-يىللىق خەنزۇچە نەشرى، 268-بەت.

## 5. شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇش تەدبىرلىرى

بىرىنچى، قاراشنى يېڭىلاپ، ئىلمىي ئادەم كۈچى بايلىقى قارىشىنى تىكلەش كېرەك. «ئادەم كۈچى بايلىقى-دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان بىرىنچى مەنبە». شۇڭا، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشنى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىدا ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمگەكنى، بىلىمنى، ئىختىساسلىقلارنى، ئىجادىيەتنى ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئىختىساسلىقلارنى ئومۇميۈزلۈك تەربىيەلەشنى

ئاساس قىلغان ئىختىساسلىقلار قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى ئىختىساسلىقلار قوشۇنى بەرپا قىلىپ، شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلمىي ئىدىيەۋى ئاساس ھازىرلاش لازىم.

ئىككىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆگىنىشچان شىنجاڭ بەرپا قىلىش كېرەك. ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە، ئاساسلىقى مائارىپقا تايىنىلىدۇ. يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيە 17-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا ئېنىق قىلىپ: «مائارىپ ـ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇلى، مائارىپ ئادىللىقى ئىجتىمائىي ئادىللىقنىڭ مۇھىم ئاساسى. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادەم تەربىيەلەشنى ئاساس قىلىش، ئەخلاق تەربىيەسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىكى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىش، كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ئالىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك»[5] دەپ كۆرسەتتى.بۇ بىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىشچان شىنجاڭ بەرپا قىلىشىمىزنىڭ ئاساسى.

ئۈچىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىغا ئالاقىدار قۇرۇلمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەم كۈچى بايلىقىنى يېتىشتۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى ياخشىلاش ئىنتايىن مۇھىم، ئادەم كۈچى بايلىقىنى يېتىشتۈرۈشتە بىز چوقۇم مائارىپ قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇشىمىز، مائارىپقا دۆلەتنىڭ سېلىنما سېلىشىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە، جەمئىيەتتىكى شىركەت، كان، كارخانا ئورۇنلىرى ۋە شەخسىيلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مائارىپ ۋە مەكتەپ ئورۇنلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ھالدا جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلىشىگە يول ئېچىپ بېرىشىمىز كېرەك.

تۆتىنچى. ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تارقىلىشىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇش كېرەك.

① ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تەقسىملىنىشىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇشىمىز زۆرۈر. ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ يېشى بىلەن كەسپىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىگە قارىتا، ياش، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيەلەش ۋە قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، ھەم بىلىملىك ، ھەم مەشغۇلات تېخنىكىسىغا ئىگە ياش ئىقتىدارلىق ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلىشىمىز كېرەك.

② ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ تەقسىملىنىشىنى ئەلالاشتۇرۇش كېرەك. ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ۋە يېزا-بازارلاردىكى تارقىلىش ئەھۋالىنى ياخشىلاشتا دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشىشىگە تايىنىلىدۇ. ئاساسلىقى 3-كەسىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ 1-، 2-كەسىپ ۋە ئەنئەنىۋى كەسىپلەردىن تەدرىجىي 3- كەسىپكە يۆزلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كارخانىلاردىكى مۇلازىمەت باشقۇرغۇچى خادىملار، كەسپىي تېخنىك خادىملارنىڭ يېزىلارغا يۈزلىنىشىگە يول ئېچىپ بېرىش، ئىختىساسلىقلارنىڭ بۇ جايلارغا يۆتكىلىشىنى تېزلىتىش لازىم.

قىسقىسى، شىنجاڭنىڭ نوپۇسى بىر قەدەر كۆپ، ئەمما ئادەم كۈچى بايلىقى كەمچىل رايون ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭنى ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتە كۈچلۈك رايونغا ئايلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1][2] تەن سۇڭخۇا: «ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ۋە ئىختىساسلىقلار جەھەتتە كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇش ئىستراتېگىيەسى»، دۆلەت مائارىپ مەمۇرىيەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2005-يىللىق 2-سانى، 31-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

[3][5]خۇ جىنتاۋ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلايلى»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەملىكەتلىك 17-قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى توپلىمى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 35- بەت.
[4] «2008-يىللىق شىنجاڭ يىلنامىسى»، شىنجاڭ يىلنامىسى تەھرىراتى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: مۇسا روزى**

---

## تەزكىرەتۇل-ئەۋلىيا

بۇ ئەسەر تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 180 بەت، پەرىدىددىن ئەتتار 13-ئەسىرنىڭ بېشىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان.

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئارىسىدا « ئەۋلىيا » دەپ ئاتالغان كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالى بايان قىلىنغان بىيوگرافىيەلىك ئەسەر بولۇپ، ئىسلام دىنى تارىخىدا «ئەۋلىيا» دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيىتىنى يېزىپ قالدۇرۇش ئارقىلىق، بىلىملىك، ئەخلاقلىق، باتۇر كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئۈرنەك قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئەسەردە، ئىمام جەئفەر سادىق، ئۇۋەيىس قەرنى، مالىك دىنار، مۇھەممەد ۋاسىئ، ھەبىب ئەجەم، ئەتەبە ئىبنى غولام، ئىبراھىم ئەدھەم، زۇنۇن مىسرى، بايەزىد بەستامى، ئابدۇللا مۇبارەك، ئەبۇ ئەلى شەقىق، ئىمام ئەئزەم، ئىمام شافىئ، سەلىم تۇسى، مەئاز، ئەبۇ تىراب، مەنسۇر ئەمار، ئەبۇ ياقۇب شەھرىيارى، ئەبۇلھەسەن قوشچى قاتارلىق 92 نەپەر كىشىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت مەلۇماتلار، ئۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، بىلىم ئېلىپ كامالەتكە يېتىشى، ئۇلارنىڭ «ئەۋلىيا» لىق كارامىتى، خىسلەتلىرى ئاجايىپ-غارايىپ توقۇلما، مۇبالىغە ۋە ئەپسانىلەر ئارقىلىق بايان قىلىنغان. قىسقىسى، كىتابتا ئىسمى ئاتالغان بۇ كىشىلەر ئادىمزاتتا تېپىلمايدىغان ئاجايىپ خىسلەتلەرگە ئىگە كارامەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرجىمە ئەدەبىياتى ژانىرى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

1852-يىلى يەكەننىڭ ئىشقۇل دېگەن يېرىدىكى رەھىم ئاخۇن تەرىپىدىن قارا سىياھ بىلەن سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلۈلگەن قولىيازما بولۇپ، يىپلىق تۇپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجىمى25.5 ×40 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 18.5×32 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق. ھەربىر بەتتە 25 قۇر خەت بار، بەزى بەتلىرىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق بولۇپ، مۇقاۋا ئۈستىدە نەقىش ۋە ئويما خەت بار، تېكىست ئىچىدىكى ھەر بىر باب قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان، نىشان تامغا بار. ئاخىرىدىكى بىرنەچچە بېتى يوق. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGOo 23 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

## تەزكىرەتۇل- ئەۋلىيا (ئەۋلىيالار تەزكىرىسى)

بۇ ئەسەر بىر قىسىم، 967 بەت. بۇمۇ پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ يۇقىرىدا تونۇشتۇرغان ئەسىرى بولۇپ، ھىجرىيە 1294-يىلى(مىلادىيە 1877-يىلى) نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن قارا سىياھ بىلەن سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، كىپىنەك شەكىللىك تۇپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 18×28 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، ھەربىر بەتتە 17 قۇر خەت بار، بەزى بەتلىرىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق بولۇپ، مۇقاۋا ئۈستىدە نەقىش ۋە ئويما خەت بار، تېكىست ئىچىدىكى ھەربىر باب قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلانماقتا. تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2010) 01_055_08

# شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

بەختىگۈل مۆمىن، گۈلپىيە ئابىت

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش كارخانا باشقۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل ،كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاساسى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىۋاتقان ۋە كارخانىلار تەرەققىياتى يۇقىرى ئۇنۇملۇك ئىختىساس ئىگىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇۋاتقان شارائىتتا، ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى ئەسلىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش ئەندىزىسى كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ماقالىدە ، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئانالىز قىلىنىپ، ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要：**人力资源管理是企业管理的重要因素，是企业发展的基础。在新疆少数民族民营企业不断发展壮大、企业发展与高素质人才息息相关的情况下，少数民族民营企业原有的人力资源管理模式已远不能满足企业发展的需要。本文主要分析目前新疆少数民族民营企业人力资源管理方面存在的问题并提出解决的方法。

**Abstract:** Human resources management is an important factor in enterprise management, and it is the foundation of enterprise development. With the development of the minority private enterprises in Xinjiang, and the enterprise development requires more high-quality personnel, but the original human resources management pattern of these enterprises has been far from meeting the needs of enterprise development. In this article, the author mainly analyses the current problems on human resources management in minority private enterprises in Xinjiang and proposes the solutions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: F123.9　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئېلىمىزدىكى غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيەسىگە دائىر تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى كۈنسېرى ياخشىلىنىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن رايونىمىزدا ھەر

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 10- ئاينىڭ 19- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتورلار:** بەختىگۈل مۆمىن(1984-يىلى 4-ئايدا تۇغۇلغان) ، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن-ئىقتىساد ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادشۇناسلىقى كەسپىنىڭ 2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى.
گۈلپىيە ئابىت (1966-يىلى تۇغۇلغان)، دوتسېنت. ئىقتىساد ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ساھە، ھەر كەسپلەردە بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى مەيدانغا كېلىپ، يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش ۋە ئاجىزلىقتىن زورىيىشتەك تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش روھى، شۇنداقلا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ تۈرلۈك ئەۋزەل سىياسەتلىرىنىڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىشى بىلەن كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ بەلگىلىك كۆلەم ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناۋاقتا.

ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى دېگىنىمىز، ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان ۋە باشقۇرىدىغان شىركەت باشقۇرۇش تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئاز سانلىق مىللەت ئىستېمالچىلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە ماركا ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ، ئوخشىمىغان ماركىلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن مىللىي پۇقراۋى كارخانىلار بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

بىر دۆلەت ياكى رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ماددىي بايلىق ۋە ئادەم كۈچى بايلىقىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇ دۆلەت ياكى شۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى شۇ دۆلەت ياكى شۇ رايوننىڭ قانچىلىك ماددىي بايلىققا ئىگە بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى قانچىلىك يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساس ئىگىلىرى بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ماددىي كۈچ بايلىقى، مالىيە كۈچى بايلىقى، ئۇچۇر بايلىقى ۋە ئادەم كۈچى بايلىقى قاتارلىق ئاساسلىق شەرت-شارائىتلاردىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە، ئەڭ ھالقىلىق بولغىنى ئادەم كۈچى بايلىقى، بۇ كارخانىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىدىكى شۇنداقلا رىقابەت ئەۋزەللىكىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ھالقا.

ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ۋە ئېچىش كارخانىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ئامىل ۋە مەركىزىي خىزمەت . بۇ بىر تەرەپتىن، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى ئەقلىي مەدەت ۋە روھىي كۈچ بىلەن تەمىنلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقنىڭ تونۇشىنى ۋە ئىدىيە-ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ۋە ھەل قىلىپ، كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، رىقابەت سەھنىسىدە پۇت تىرەپ تۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم.

## 1. رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر

ئومۇمىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا، رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مەلۇم تەرەپلەردە قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت، يەنى تەرەققىيات جەريانىدىكى تۆۋەن سەۋىيەلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى، قالاق ئىختىساس ئىگىلىرى قارىشى، مۇكەممەللەشمىگەن مائاش تۈزۈمى، ئۆز-ئارا ئالاقە ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ كەمچىللىكى، خادىملارنى ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلەشكە سەل قاراش ۋە كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسىزلىقى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قىيىنچىلىققا ئۇچراتماقتا.

### 1) ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسى تۆۋەن

باشقۇرۇش ھەم ئىلىم ، ھەم ماسلاشتۇرۇش سەنئىتى. ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش، بىر

تەرەپتىن، ئىلمىي ئادەم كۈچى بايلىقىنى تەلەپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، يۇقىرىدا دېرىكتوردىن تارتىپ تۆۋەندە ھەرقايسى تارماقلاردىكى باشقۇرغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىكى مۇھىم ئامىل - باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى مەسىلىسى ، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇش ئاساسىي بىلىملىرى ۋە ئەمگەك سىياسىتىگە بولغان تونۇشى يېتەرسىز ، ئۇلار پەقەت ئېخنىكا ، مەھسۇلات ۋە بازارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە سەل قارايدۇ ۋە ئۆز ئالدىغا سىياسەت چىقىرىپ، تۈزۈم تۇرغۇزۇش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت ، ئۆزىنى چېنىقتۇرۇشى يېتەرسىز. يەنە بىر قىسىم كارخانىلاردا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ مۇئەييەن بىلىم ئاساسى بولسىمۇ، لېكىن خىزمەت تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقتىن ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇش نىشانىغا يېتىشى تەس بولماقتا. ئەمەلىيەتتە ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى نۇقسانلار ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشى ۋە خىزمەتچى خادىملارنىڭ خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىشىنى، ھەتتا يۇقىرى قاتلام باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ۋە ھالقىلىق تارماقلاردىكى مۇھىم ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مەسىلە ھازىرقىدەك ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سۈرئىتى كۈنسېرى تېزلىشىۋاتقان پەيتتە كارخانىلارنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. مەسىلەن، 90-يىللاردا مەيدانغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كومپيۇتېر مۇلازىمەت كارخانىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشى بۇنىڭ جانلىق مىسالى. دۆلىتىمىز دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا قاتنىشىپ، خەلقئارالىق رىقابەت كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى پىلانلىق، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىپ، زامانىۋى ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا، ئېنىقكى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە ئۆز-ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش سەھنىسىگە ئېرىشەلەيدۇ.

**2) ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈلمىسى مۇكەممەل ئەمەس**

كارخانىنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ۋە تىجارەت ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى كارخانىنىڭ مۇكەممەل بولغان ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇش تاكتىكىسى ۋە تۈزۈلمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ. مۇكەممەل ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈلمىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئىككى تەرەپتە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىش ئېڭى ئاجىز، خادىم قوبۇل قىلىپلا ئىشلىتىش ئىدىيەسى مەۋجۇت. كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئادەم كۈچى بايلىقى تەننەرخىنى تېجەشنى مەقسەت قىلىپ، خادىملارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشقا ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈش تەربىيەسىگە سەل قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرقىسىم كارخانىلارنىڭ ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قابىلىيەتسىز ۋە تۇراقسىز ئىختىساسلىقلار قوشۇنىغا ئايلىنىپ قالماقتا.

ئىككىنچى، زورۇر كاپالەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرى ۋە ئۈنۈملۈك ئادەم ئىشلىتىش تەدبىرلىرى كەمچىل. كارخانىلاردا ئېچكى جەھەتتە مۇكەممەل ئادەم ئىشلىتىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرى كەمچىل بولسا، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى تەننەرخنى تېجەش مەقسىتىدە «ئەمگەك قانۇنى» دا بەلگىلەنگەن خىزمەتچى خادىملار ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق فوندىنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتىپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ۋە كاپالەتلەندۈرۈش تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.نەتىجىدە، ئىختىساس ئىگىلىرى سىرتقا ئېقىپ كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى زىيانغا ئۇچرىماقتا.

**3)ئۇرۇقداشلىق شەكلىدىكى باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە تۇغقان قوغلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت ، سىرتتىن كەلگەن خادىملارنىڭ تەرەققىيات پۇرستى ئاز**

شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئائىلىۋى ئىگىلىكنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولۇپ، مەبلەغ، تېخنىكا، ئادەم كۈچى شۇنداقلا باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى قاتارلىق ئامىللارنىڭ چەكلىمىسى سەۋەبىدىن، كارخانا باشقۇرۇشتا ئۇرۇقداشلىق شەكلىدىكى باشقۇرۇش ۋە تۇغقان قوغلىشىش ھادىسىسى مەۋجۇت. خادىم قوبۇل قىلغاندا، خادىملارنىڭ كارخانا خوجايىنىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى مۇھىم ئۆلچەم، جەمەت مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىپ، كارخانىدىكى بىر قىسىم مۇھىم ئورۇنلارغا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىنى ۋە يېقىن دوست ـ بۇرادەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان خادىملارنى بولسا، باشقا ئانچە مۇھىم بولمىغان ياكى ئۆزى كونترول قىلالايدىغان دائىرىدە خىزمەتكە قويۇپ، خادىملارنى قابىلىيىتى ۋە خىزمەت ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇر- مايدۇ. مەسىلەن:«جۇڭگو پۇقراۋى كارخانىلار تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نىڭ پۇقراۋى كارخانىلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، پۇقراۋى كارخانىلار ئىچىدە كارخانا خوجايىنىنىڭ ئايالى ياكى ئېرى باشقۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 50.5% نى ، سېتىۋېلىش ۋە سېتىش خىزمىتىگە مەسئۇللار9.8% نى ئىگىلەيدىكەن. قۇرامىغا يەتكەن پەرزەنتلەر ئىچىدە باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 20.3% نى، سېتىش ۋە سېتىۋېلىش خىزمىتىگە مەسئۇللار 13.8% نى ئىگىلەيدىكەن. 37.5% ئەتراپىدىكى كارخانا خوجايىنى كارخانىنىڭ مۇقىم راۋاجلىنىشى ئۈچۈن چوقۇم ئۆزىمىز ياكى ئائىلىدىكىلەر باشقۇرۇشى زۆرۈر،دەپ قارايدىكەن[1] . بۇ ئەھۋال نۆۋەتتە رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىردا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، كارخانىدىكى غوللۇق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ كارخانىلارنىڭ نورمال تىجارىتىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

**4) رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرى يۈزەكى، خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش قىيىن**

شىنجاڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا، ئاساسىي جەھەتتىن تېخىچە ئەنئەنىۋى ئادەم باشقۇرۇش باسقۇچىدىن ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتۈش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن، تەشكىلات ئىچىدىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە باشقۇرۇش تەرتىپلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگىلا ئەھمىيەت بېرىپ، كارخانىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيۋاتىدۇ. يەنە بىر قىسىم كارخانىلار خادىملارنىڭ ئەڭ چوڭ ئېھتىياجى ئىش ھەققى دەپ قاراپ،باشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئامىللىرىنى قوللىنىپ خادىملارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈشكە سەل قارىماقتا. رىغبەتلەندۈرۈش ئامىللىرى دېگىنىمىز، شەخسلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. بىر مۇۋەپپەقىيەت ئىگىسى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى پۇل، مال-دۇنيادىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكە دائىر ئېرىشىدىغان باشقا رىغبەتلەندۈرۈشلەر پۇل ۋە ماددىي ھەقنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. مائاشنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى كەسىپ تاللاشتىكى زۆرۈر ۋە ئەقەللىي ئۆلچەم ، ئەمما بىردىنبىر ئۆلچەم ئەمەس. نۆۋەتتە بىرقىسىم ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، بىرقەدەر يۇقىرى مائاش ۋە ياكى باشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلماقتا، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن يەنىلا ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش جەريانىدا نوقۇل مائاش قوشۇپ بېرىپ خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلىپ ، باشقا ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش ئامىللىرى ئۈستىدە

ئىزدىنىشى كەمچىل بولغانلىقتىن ، خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا يەنىلا مەلۇم قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىماقتا.

**5) تەربىيەلەش مېخانىزمى كەمچىل، خىزمەتچىلەرنىڭ ئېقىپ كېتىش نىسبىتى يۇقىرى**

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەش كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئېچىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستە ، ئۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپلا قالماستىن، كارخانىلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يۇقراۋى كارخانىلىرىدا تەربىيەلەش خىزمىتىگە بولغان تونۇش يېتەرسىز بولۇپ، سىستېمىلىق تەربىيەلەش مېخانىزمى كەمچىل، تەربىيەلەش خىزمىتىگە دائىر سېلىنما ناھايىتى ئاز، بەزى كارخانىلاردا ھەتتا خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەش ئېڭى يوق. بىر قىسىم كارخانىلار گەرچە تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلغان بولسىمۇ، تەربىيەلەشنىڭ مەزمۇنى، شەكلى ۋە قەدەم باسقۇچلىرىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى ئاجىز، قاراتمىلىقى تۆۋەن. مەسىلەن: ئۈرۈمچىدىكى يېمەك-ئىچمەك كارخانىلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا تەربىيەلەنمىگەن بولۇپ، پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى تەربىيەلەش خىزمىتىنى باشلىغان ياكى ئەمدى تونۇپ يەتكەن، خىزمەتچىلەرنىڭ ئېقىپ كېتىش نىسبىتى ئوتتۇرىچە 43% تىن يۇقىرى بولغان.

## 2. رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت يۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

**1) ئادەمنى ئاساس، كارخانىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكچى قىلغان ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسى ۋە ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم**

نەزەرىيە ـ ئەمەلىيەتنىڭ يېتەكچىسى، ئاز سانلىق مىللەت يۇقراۋى كارخانىلىرىدىكى باشقۇرغۇچى خادىملار ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشى ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتا ماھىر بولۇشى كېرەك. بىر جەھەتتىن، سىرتتىن تەجرىبىلىك باشقۇرغۇچى تەكلىپ قىلىش، يەنە بىر جەھەتتىن، بار باشقۇرغۇچىلارغا قەرەللىك ھالدا ھەرخىل ئۆگىنىش ۋە مۇنازىرە پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى باشقا راۋاج تاپقان كارخانىلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش قاتارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق، باشقۇرغۇچىلارنىڭ ساپاسىنى ۋە ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىش لازىم. باشقۇرغۇچىلار ئۆگىنىش جەريانىدا ئادەم كۈچى بايلىقىغا دائىر ئەنئەنىۋى قاراشنى ئۆزگەرتىپ، باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى ئاساس، كارخانا ئىستراتېگىيەسىنى ئۇل قىلىشى، ئادەم كۈچى بايلىقىنى كارخانىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ قارايدىغان توغرا ئىدىيەنى تۇرغۇزۇشى، ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇشنى كارخانىنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلىلەر قاتارىغا قويۇشى، باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىدە كارخانىنىڭ ئىچكى سىستېمىسىدىكى ھەرخىل ئامىللارنىڭ بىرىكىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ۋە شۇ ئارقىلىق كارخانىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ تەرتىپلىك، مۇقىم ھالىتىنى ساقلىشى لازىم.

**2) ئىلمىي ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم**

ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش-- كارخانىنىڭ ھەرقايسى خىزمەت ھالقىلىرىغا سىڭىپ كەتكەن خىزمەت سىستېمىسى، ئۇ ئادەم تاللاش، تەربىيەلەش، ئىشلىتىش ۋە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە خىزمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت يۇقراۋى كارخانىلىرىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى مۇنداق بولۇشى لازىم:

بىرىنچى، ئادەم تاللاش جەھەتتە: ئاز سانلىق مىللەت يۇقراۋى كارخانىلىرى چوقۇم ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاشتا ئوچۇق-ئاشكارا، ئادىل، باراۋەر بولۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى باشقۇرۇشنىڭ چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىشى لازىم.ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى باشقۇرۇش پەقەتلا مىللىي پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنىڭ مەھسۇلى ،ئۇنى ھەرگىزمۇ كارخانىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىشىنىڭ ئۇلى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى باشقۇرۇشنىڭ چەكلىمىلىكىنى بۇزۇپ تاشلىغاندىلا كارخانىلارنىڭ ھەرقايسى باشقۇرۇش قاتلىمىدىكى خادىملارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەم تەربىيەلەش جەھەتتە: ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى خادىملارنى تەربىيەلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. تەربىيەلەش خىزمىتى ئارقىلىق خادىملارنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرغىلى، خىزمەت قابىلىيىتى، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى، شۇنداقلا كارخانىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى خادىملارغا كارخانىنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇھىملىقىنى تونۇتقاندىلا، ئۇلارنىڭ خىزمەت پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى خادىملارنى تەربىيەلەشنىڭ قاراتمىلىقى، ۋاقتىدا بولۇشى ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئۈچىنچى، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە: ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىنى قېلىپلاشتۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئەمگەكچى خادىملار بىلەن ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھوقۇق-مەجبۇرىيەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇشى لازىم. توختام مەزگىلىدە كارخانا خادىملارنى سەۋەبسىز ئىشتىن قالدۇرۇۋېتىشكە، خىزمەتچى خادىملارمۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن كارخانىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ. كارخانا دۆلەتنىڭ «ئەمگەك قانۇنى» غا ئاساسەن خىزمەتچى خادىملارغا ئىجتىمائىي كاپالەت فوندى تاپشۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كاپالەت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، زۆرۈر بولغان قائىدە-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، مۇۋاپىق باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

تۆتىنچى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتە:مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ،ئىختىساس ئىگىلىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئادەمنى ئاساس قىلىش روھى بىلەن خىزمەتچى خادىملارنى ساقلاپ قېلىشى، ھەر خىل ئۆگىنىشلەرگە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كارخانىغا بولغان ساداقەتمەنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. بولۇپمۇ ئۆزىگە خاس كارخانا مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، خادىملارنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشى، ئۆز-ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، بىرقىسىم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

**3)باشقۇرۇش تۈزۈمىدە يېڭىلىق يارىتىپ، خادىملارغا ئۆز خاسلىقى ۋە قابىلىيىتىنى نامايان قىلىدىغان سەھنە يارىتىپ بېرىش لازىم**

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى تېز تەرەققىي قىلىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئۇرۇقداشلىق قارىشىنىڭ چەكلىمىسىدىن بۆسۈپ چىقىپ، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىپ، تۈزۈملەشكەن باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشى لازىم. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ بىرقەدەر مۇكەممەل قائىدە-تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ئۇنى ھەرقايسى باشقۇرۇش ھالقىلىرىغا سىڭدۈرۈشى لازىم.

خىزمەتچى تەكلىپ قىلىشتا، ئىختىساسلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا تاللاپ ئىشلىتىش، ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، خادىملارغا ئارتۇقچىلىقى ۋە قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كارخانىنىڭ باشقۇرۇش سىستېمىسىدا يۇقىرى-تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىگە تايىنىدىغان، باراۋەر ھەمكارلىشىدىغان مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈپ، كارخانىنىڭ ساغلام، تېز تەرەققىي قىلىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**4) رىغبەتلەندۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ۋە**

**ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىش لازىم.**

مائاش ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، خىزمەت مۇھىتى، يۇقىرىغا ئۆرلەش ئىمكانىيىتى قاتارلىقلار رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىللىرى. خادىملارنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە مۇھىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، بۇ ئامىللارنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. كارخانىلار كۆپ خىل رىغبەتلەندۈرۈش شەكىللىرىنى بىرلىكتە قوللانغاندا خادىملارنىڭ خىزمەت قىزغىنلىقىنى تولۇق قوزغاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئەسلىدىكى نوقۇل رىغبەتلەندۈرۈش شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، كۆپ خىل رىغبەتلەندۈرۈش شەكىللىرىنى بىرلىكتە قوللىنىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىشى ۋە ساقلاپ قېلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچىدىن، ئوخشاش بولمىغان مائاش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مائاش باشقۇرۇشتا تۈرلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى، خادىملارنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن مائاش ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۈنۈملۈك قوللىنىپ، خادىملارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، مەنىۋى رىغبەتلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى لازىم. يەنى خادىملارنى ياخشى خىزمەت مۇھىتى ۋە شارائىتى بىلەن تەمىنلىشى، ئۇلارنى مەلۇم رىقابەتچانلىققا ئىگە خىزمەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەركىن تەرەققىي قىلىش بوشلۇقى يارىتىپ بېرىپ، كارخانا ۋە شەخسنىڭ «قوش نەتىجىسى»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق تۈزۈمىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى، داۋالىنىش، ئىشسىزلىق ۋە ياشانغاندا كۈتۈنۈش قاتارلىق ئەڭ ئاساسىي ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. باشقا تەرەققىي قىلغان كارخانىلارنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، خىزمەتچى خادىملارنى مەنىۋى جەھەتتىن، مەسىلەن: تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ھېيت-بايراملاردا تەبرىك ئۇچۇرى ئەۋەتىش قاتارلىق ئەمەلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق، خىزمەت قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى نۆۋەتتىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا دائىر قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن چوقۇم ئىچكى جەھەتتىن خادىملارنى باشقۇرۇش ۋە تاشقى جەھەتتىن ئىقتىدارلىق باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم باسقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، بىرلىكتە ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئىچكى جەھەتتىن خادىملارنى باشقۇرۇش دېگىنىمىز، كارخانىدا ئىلمىي بولغان ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، خىزمەتچىلەرنىڭ چېچىلاڭغۇ ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كارخانىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتۇر. تاشقى جەھەتتىن، ئىقتىدارلىق باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەكلىپ قىلىش دېگىنىمىز، ئىقتىدارلىق، تەجرىبىلىك باشقۇرغۇچىلارنى تاللاپ ئىشلىتىپ، زامانىۋى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كارخانىدا ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئادەم كۈچى بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. رايونىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرى مۇشۇ نۇقتىلارغا ئەھمىيەت بېرىپ، كارخانىسىنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى سەرخىللاشتۇرغاندىلا كارخانىسىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، پارلاق كېلەچىكىنى يارىتالايدۇ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] شىڭ چۈەن، شېن جيەن: «جۇڭگونىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى باشقۇرۇشىدىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە دوكلات»، جۇڭگو تەرەققىيات نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



[2] خوجى ئەيسا: «بازار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت پۇقراۋى كارخانىلىرىنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا»، «شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد»ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 1 ـ سانى.

[3] جاڭ زىڭچاڭ، ۋاڭ ۋېنچى: «پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشىدىكى كەمچىلىكلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى »، «ئىقتىساد ۋە باشقۇرۇش» ژۇرنىلىنىڭ 2007 ـ يىللىق 10 ـ سانى، خەنزۇچە.

جاۋابكار مۇھەررىر: مۇسا روزى

## سۇلتان قىرمىش تەزكىرىسى

تومغا بولۇنمىگەن ، بىر قىسىم، 128 بەت، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نامەلۇم بىرى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. 17 ـ ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن سوفى ھىدايىتوللا ئىشان(ئاپاق خوجا) نىڭ تەزكىرىسى.

تەزكىرە ھىدايىتوللا ئىشاننى كۆپتۈرۈپ ماختاپ، ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ مۇرىدلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭ سوفىلىق يولىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىغا مۇرت توپلىشى، سەئىدىيە نەسەبىدىن بولغان خېنىم پاشاغا ئۆيلىنىشى، سوپىلىق پائالىيەتلىرى ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىششى قاتارلىق مەزمۇنلار دىنىي قاراشنى نۇقتا قىلغان ھالدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەتلىرى كۆپتۈرۈپ سۆزلىنىپ ئىلاھلاشتۇرۇلغان. ھەتتا ئۇنى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى دەپ سۈپەتلەپ كۆرسەتكەن.

ئاپاق خوجىنىڭ سوپىزملىق مەزھىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە يېقىنقى زامان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە دىنى ـ ئېتىقاد ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا قىممىتى بار.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى12.5×19.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 7 ×14 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، ھەربىر بەتتە 13 قۇر خەت بار، بەزى بېتىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى—تېكىست ئىچىدىكى«ھەزرەت» دېگەن سۆز قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان، باش ۋە ئاخىرقى قىسمى يوقالغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ066 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا، تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

## ئەمىر ھەمزە ھەققىدە قىسسە

تومغا بولۇنمىگەن، بىر قىسىم، 135بەت، 14 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. ئەمىر ھەمزىنىڭ باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى جەڭنامە ھەققىدىكى كىتاب. ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىلەن ئېتىقاد قىلمايدىغانلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ـ توقۇنۇشلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق، غەلىبە ـ نۇسرەتنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى تەرغىب قىلىپ، كىشىلەرنى ئىسلام دىنىنىڭ شۆھرىتىگە چوقۇندۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇنىڭدا، خوجا بەخىت، ئەبۇ روزا جەمھۇر، نۇشرىۋان، ئەمىر ھەمزە، خوجا ئەمىرى قاتارلىقلارنىڭ نەسەبنامىسى، جەڭ پائالىيەتلىرى، ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىش، دۈشمەنلىرىنىڭ جادۇ كەرەشمىلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى قاتارلىق ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار مۇبالىغە يولى بىلەن ھېكايە قىلىنغان.

بۇ كىتاب ئالدىنقى ئەسىردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قىسسە ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

ھىجرىيە 1321 ـ يىلى(مىلادىيە1903 ـ 1904 ـ يىللىرى) نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، يىپلىق تۈپلەنگەن. كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 20 × 30 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى14.5 ×22.5 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، بەزى بېتىدە خەت يوق، ھەربىر بەتتە 15 قۇر خەت بار. ئالاھىدە بەلگىسى ـ تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، ھەر بىر ماۋزۇ قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. مۇقاۋىسى ئاجراپ كەتكەن، يىرتىلغان، باش قىسمى يوق. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ089 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

**ماقالە نومۇرى:** 1005 ـ 5878 (2011) 01 ـ 063 ـ 05

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى « مىجەز » ۋە « مىزاج » سۆزلىرى توغرىسىدا*

**ئايشەم ئەخمەت**

(شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، ئۈرۈمچى، 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى«مىجەز»سۆزىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە «مىزاج»، «تېمپېرامېنت» دەپ ئىشلىتىشكە يۈزلەنمەكتە. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا ئىشلىتىش تىلنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇر ۋە توغرا يېتىلىشىگىمۇ پايدىلىق. بۇ ماقالىدە، تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان « مىجەز » ۋە «مىزاج» سۆزلىرىنىڭ ئاڭلاتقان مەنىلىرى ماتېرىياللار ئاساسىدا چۈشەندۈرۈلدۇ.

**摘要:** 现代维吾尔语中普遍存在“mijaz”一词的误用以及把“mizaj”作“气质”使用的现象。词语的正确使用不但对保留语言的原义具有重要意义，而且有利于深入和正确地引导思维。本文在资料的基础上阐释“mijaz”与“mizaj”所表达的词义。

**Abstract:** In modern Uyghur language there is a tendency that two words “Mijaz” and “Mizaj” are commonly being used improperly. The correct use of words not only plays important roles in preserving and developing the language, but also can cultivate the ability of thinking correctly and deeply. In this paper, the correct meaning of the two words “Mijaz” and “Mizaj” are discussed through grounds of arguments.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى:** B84　　**ماتېرىيال بەلگىسى:** A

ئۇچۇر ئالمىشىشنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ئەسلىي پاساھىتى ۋە ساپلىقى خىرىسقا ئۇچرىماي قالمايدۇ. تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىشىمىزگە، ئۇنى توغرا ئىشلىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## 1. « تېمپېرامېنت »سۆزىنى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مىزاج » سۆزى بىلەن ئاتاشقا تامامەن بولىدۇ

هازىرقى زامان پسىخولوگىيە پېنىدە «تېمپېرامېنت» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىر ئۇقۇم بار بولۇپ، پسىخولوگىيەدە تېمپېرامېنتقا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلىدۇ: كىشىلەرنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيىتى بولغان سەزگۈ، دىققەت، تەپەككۇر، كەيپىيات ـ ھېسسىيات، ئىرادە ۋە سۆز ـ ھەرىكىتى قاتارلىقلارنىڭ مۇقىم ئالاھىدىلىكلىرى يەنى، نېرۋا پائالىيىتىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، جانلىقلىق دەرىجىسى، داۋاملىشىش ۋاقتى، سۈرئىتى قاتارلىقلارنىڭ بىرىكمە ئىپادىلىنىشىگە قارىتىلغان[1]. ئاممىباب قىلىپ ئېيتقاندا، « تېمپېرامېنت » كىشىلەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى، خۇشاللىق ـ خاپىلىقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقى، خۇشاللىق ـ خاپىلىق ھالىتىنىڭ داۋاملىشىش

* بۇ ماقالە 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
**ئاپتور:** ئايشەم ئەخمەت (1965 ـ يىلى 3 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، جىنايەت پسىخولوگىيەسى ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقىلىقى، ئىنكاسىنىڭ تېز ياكى ئاستىلىقى، ھېسسىيات ـ كەيپىيات تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ...... قاتارلىق تەرەپلەرنى ئىپادىلەيدىغان بىر ئۇقۇم. تېمپېرامېنت سۆزىنى ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى V ــ IV ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن يۇنانلىق مەشھۇر دوختۇر ھېپوكرات (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 460 ــ 337 يىللار قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئۇنى بەقرات دەپ ئاتىغان) ئادەم بەدىنىدىكى تۆت خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئوخشىمىغان نىسبەتتە بىرىكىشىدىن ئادەملەردە سەپرا، كۆپ قانلىق، بەلغەم ۋە سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىل ئوخشىمىغان تىپ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى « تېمپېرامېنت » دەپ ئاتىغان[2]. بۇ ئاتالغۇ پسىخولوگىيەدە تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئەسلىي مەنىسى بىلەن ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

« تېمپېرامېنت » سۆزى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەندە، تەرجىمە قىلىنماي ئۆز پېتىچە ئېلىنغان بولغاچقا، 30 يىلدىن بۇيان، بۇ ئۇقۇم باشتىن ـ ئاياغ ئۇمۇملىشالماي كەلمەكتە. ئۇنداقتا ئۇيغۇر تىلىدا مۇشۇ سۆز مەنىسىگە توغرا كېلىدىغان سۆز يوقمۇ؟ ئەجدادلىرىمىز بۇ ئۇقۇم توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزدىنىش ئېلىپ بارمىغانمىدۇ؟ ئۇيغۇر تېبابىتىگە دائىر ماتېرىياللارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزدىن بىرى «مىزاج» بولۇپ، بۇ سۆز ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر سۆزنى بىز شىپاخانىلىرىمىزنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقماي، خاس شۇ ساھەدىلا ئىشلىتىش بىلەن چەكلىنىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە، «مىزاج» سۆزىگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرساق، بىز پەقەت مەلۇم سۆزلۈكنىلا ئەمەس، بەلكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۈيۈك ئەقىل ـ پاراسىتىنىمۇ سەل قارىغانلىقىمىزنى بايقىيالايمىز .ئۇيغۇر تېبابىتىدە، «تېمپېرامېنت» ئۇقۇمىغا توغرا كېلىدىغان سۆزدىن ئىككىسى بار بولۇپ، «خىلىت»ۋە «مىزاج» دىن ئىبارەت. ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى «خىلىت» سۆزى، بەدەننى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى سۇيۇقلۇقلارغا قارىتىلغان بولۇپ، جانلىقلار (ھايۋانلار ۋە ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ) سىرتتىن ئىستېمال قىلغان ئوزۇقلۇقلارنى بەدەنگە قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، جىگەر ۋە ھەرقايسى ئەزالاردا قايتا ئىشلىنىپ، سۇيۇق ھالەتتىكى ماددا ھاسىل بولىدۇ. بۇلار سەپرا، قان، بەلغەم ۋە سەۋدا دەپ تۆت تۈرگە ئايرىلىدۇ.ـ دەپ ئىزاھلىنىدۇ[3]. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ داڭلىق دوختۇرى مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىم ئەپەندى «ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى مىزاجغا قاراپ ئوزۇقلىنىش ئەنئەنىسى» دېگەن كىتابىدا «مىزاج»غا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىدۇ: «مىزاج ھاۋا، قۇياش، سۇ، شامالدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ماددىنىڭ (تۆت تادۇنىڭ) ناھايىتى كىچىك زەررىچىلىرىنىڭ ئادەم بەدىنىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان يېڭى كەيپىياتنى كۆرسىتىدۇ. مەشھۇر تىۋىپلىرىمىزدىن ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى ۋە ھەسەنجان قاسىملار تۈزگەن«مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش» دېگەن كىتابتا مىزاجغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: «ئىنسان ھاۋا، قۇياش، سۇ، شامالدىن ئىبارەت تۆت ئاناسىر(تۆت تادۇ)نىڭ مۇرەككەپ بىرىكىشىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇ جەرياندا ئادەم بەدىنىدىكى ئىنتايىن كىچىك بولغان قارىمۇقارشى كەيپىياتنىكى بۆلەكلەر ئۆزئارا قوشۇلۇش ئارقىلىق يېڭىدىن كەيپىياتلار شەكىللىنىدۇ. شەكىللەنگەن بۇ كەيپىياتلار مىزاج دېيىلىدۇ. مىزاج قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق ۋە ھۆل سوغۇق، دەپ. تۆتكە ئايرىلىدۇ»[4]. ئۇيغۇر تېبابىتىدە ئېيتىلىۋاتقان سەپرا، قان، بەلغەم ۋە سەۋدا خىلىتى شۇنداقلا قۇرۇق ئىسسىق، ھۆل ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇق ۋە ھۆل سوغۇق، دەپ ئايرىلغان مىزاج تۈرى بولسۇن ھەر ئىككىسىلا ئۇقۇم ھېپوكرات تىلغا ئالغان تۆت سۇيۇقلۇق ۋە بۇ تۆت خىل سۇيۇقلۇق تەسىرىدىن پەيدا بولىدىغان « تېمپېرامېنت » تۈرى بىلەن تامامەن بىردەك. پەقەت ھېپوكراتنىڭ « تېمپېرامېنت » دېگىنى مەزكۇر تۆت خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئوخشىمىغان نىسبىتىدىن ئادەمدە شەكىللەنگەن پەرقىگە قارىتا قويۇلغان نام؛ ئۇيغۇر تېبابىتىدە بولسا، بۇ تۆت خىل سۇيۇقلۇقنىڭ نامىنى بىۋاستە «خىلىت» دەپ ئاتىغان، بۇ تۆت خىل سۇيۇقلۇقنىڭ ئوخشىمىغان نىسبەتتە بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان پەرقنى مىزاج دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭ تۈرىنى يۇقىرىدا ئېيتقان قۇرۇق ۋە ھۆل، ئىسسىق ۋە سوغۇق دەپ تۆتكە ئايرىغان. شۇنداق بولغاندا، ئۇيغۇرلاردا « تېمپېرامېنت » ئۇقۇمى بولمايلا قالماستىن، ھېپوكراتنىڭكىدىن تېخىمۇ تەپسىلىي بولۇپ، بىزدە مۇشۇ بىر خىل ھادىسىگە قارىتا تېخىمۇ كونكرېت بولغان ئىككى ئۇقۇم بولغان. بىزگە ئىككى ئۇقۇم كەملىك قىلىپ، ھازىر ئۇنى « تېمپېرامېنت » دەپ چەتئەل تىلى بىلەن ئاتاپ، ئاندىن ئۇ ئۇقۇمنى ئۆزىمىز چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، ئەسلىي ناھايىتى ئېنىق بولغان ئىككى سۆزنىڭ تىلىمىزدىن يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قېلىۋاتىمىز، بۇ بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەسمۇ؟!

ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان يەنە بىر مۇھىم مەنبە شۇكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مېدىتسىنا ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن نەشرى قىلىنغان، ب. د. پېتروۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مېدىتسىنا تارىخى»نىڭ 1 ـ تومىدا: «يۇنانلىق مەشھۇر دوختۇر ھېپپوگراتنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان سكىفلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ مېدىتسىنا توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرىنىڭ سكىف تېبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ... ئەڭ دەسلەپ‹ تۆت مىزاج› تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان...»[5]لىقى بايان قىلىنغان. ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا ھېپپوگراتنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنى بىۋاستە «تۆت مىزاج» دەپ ئاتىغان. هازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمى بولسا، « تېمپېرامېنت » يەنى مىزاج ئۇقۇمىنى ئىشلەتكەندە، ھېپپوگراتنىڭ تەلىماتىدىن باشقا يەنە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پسىخولوگى پاۋلوفنىڭ مىزاج توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەتقىقات نەتىجىسى— يۇقىرى دەرىجىلىك نېرۋا پائالىيەت تۈرى نەزەرىيەسىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىكى تۆت خىل مىزاج. تۆۋەندىكىدەك[6]:

| نېرۋا پائالىيىتى / مىزاج تىپى | كۈچلۈكلىكى | تەڭپۇڭلۇقى | جانلىقلىقى | ئالىي نېرۋا پائالىيەت شەكلى |
|---|---|---|---|---|
| سەپرا(قۇرۇق ئىسسىق) | كۈچلۈك | تەڭپۇڭسىز | | قوزغىلىشچان تىپ |
| كۆپ قانلىق (ھۆل ئىسسىق) | كۈچلۈك | تەڭپۇڭ | جانلىق | شوخ تىپ |
| بەلغەم(ھۆل سوغۇق) | كۈچلۈك | تەڭپۇڭ | جانسىز | ۋەزمىن (تېنچ) تىپ |
| سەۋدا(قۇرۇق سوغۇق) | ئاجىز | • | | تورمۇزلىنىشچان تىپ |

سىخېمىدا كۆرسىتىلگەن تۆت خىل مىزاج تۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ھېپپوگراتنىڭ بۇنىڭدىن 25 ئەسىر ئىلگىرىكى تەلىماتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان خىلىت ـ مىزاج تىپى نەزەرىيەسى بىلەن تامامەن بىردەك بولۇپ، بۇ تۆت خىل تىپتىكى كىشىنىڭ مىزاج ئالاھىدىلىكى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تۆۋەندىكىدەك ئايرىلىدۇ:

(1) سەپرا خىلىتلىق (قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق)كىشى: ئالدىراڭغۇ، تۈز، قىزغىن، كەيپىياتى دائىم كۆتۈرەڭگۈ، جۇشقۇن، ئاسان ھاياجانلىنىدۇ، نېرۋا پائالىيىتى (خۇشاللىق ۋە خاپىلىقى) ئاسان قوزغىلىدۇ، ئۇزاققىچە مۇقىملىقنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە كەيپىيات ئۆزگىرىشى كۈچلۈك، پسىخىكىسى سىرتقا مايىل كېلىدۇ.

(2) كۆپ قانلىق خىلىتلىق (ھۆل ئىسسىق مىزاجلىق) كىشى: شوخ، ھەرىكەتچان، ئىنكاسى تېز، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ماھىر، دىققىتى ئاسان بۇرۇلىدۇ، قىزىقىشى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، نېرۋا پائالىيىتى تېز كېلىپ تېز قوزغىلىپ، تېز ئۆزگىرىدۇ(خۇشاللىق ۋە خاپىلىقى ئاسان قوزغىلىدۇ ئاسان ئۆزگىرىدۇ)، پسىخىكىسى سىرتقا مايىل كېلىدۇ

(3) بەلغەم خىلىتلىق (ھۆل سوغۇق مىزاجلىق) كىشى: ۋەزمىن، تىنچ، ئىنكاسى ئاستا، ئېغىر بېسىق، كەمسۆز بولۇپ، كەيپىيات ـ ھېسسىياتىنى ئاسان سىرتقا ئاشكارىلىمايدۇ. چىدامچان، بىر ئىشتا ئاسان بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ، كۆپ ئىككىلىنىدۇ، ئەگەر بىر قارارغا كەلسە، ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. نېرۋا پائالىيىتى جانسىز، تەڭپۇڭ، كۈچلۈك (خۇشاللىق ـ خاپىلىق كەيپىياتى ئاسان قوزغالمايدۇ، قوزغالسا ئۇزاققىچە مۇقىملىقنى ساقلاپ قالىدۇ)، پسىخىكىسى ئىچكى مايىل (ئىچخۇي) كېلىدۇ.

(4) سەۋدا خىلىتلىق (قۇرۇق سوغۇق مىزاجلىق) كىشى: سۆز ـ ھەرىكىتى ئاستا ۋە گال (گاھھال)، ئاجىز، يېگانە كەيپىيات تۇيغۇسى چوڭقۇر، باشقىلار بايقىيالمايدىغان ئىنچىكە ھالقىلارنى بايقىيالايدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. نېرۋا پائالىيىتى ئاجىز (خۇشاللىق ـ خاپىلىقلىرى ئاسان قوزغالمايدۇ) ، سىرتقى ئىپادىسىدىن خۇشاللىق ـ خاپىلىقنى كۆرۈۋېلىش قىيىن، ئىچكى مايىل كېلىدۇ.

## 2 . «مىجەز» سۆزى بىلەن «مىزاج» «تېمپېرامېنت» سۆزى بىر مەنىدە ئەمەس، ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ

باشقا تىللارغا ئوخشاش، تىلىمىزدا توغرا ئىشلىتىلمەي كېلىنىۋاتقان نۇرغۇن سۆزلەر بار. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان«مىجەز»، «مىزاج» سۆزىنى ئېلىپ ئېيتساق، «مىجەز» سۆزى سۆز مەنىسىدىكى مۇجمەللىك تۈپەيلىدىن قالايمىقان ئىشلىتىشكە ھەتتا خاتا ئىشلىتىش ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. «مىزاج»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۆزى بولسا، خۇددى دوختۇرلىرىمىزنىڭ ئاق خالتىدەك، زادىلا شىپاخانىلىرىمىزنىڭ سىرتىغا چىقالمىغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىسا، ھەتتا ياشلار بۇ سۆز بىلەن پۈتۈنلەي يېڭى سۆز قاتارىدا ئۇچراشماقتا. گەرچە بۇ سۆزلەر كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما، ئىشلىتىلىش دائىرىسى كەڭ، چاستوتىسى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ ھەممە ئادەم، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئىشلىتىدۇ. بىز بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى ئەسلەپ ئۆتسەك:

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، گەرچە مىزاج، مىجەز سۆزلىرى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئادەمنىڭ مىجەز ۋە تەبىئىتى «تادۇ» سۆزى بىلەن ئىزاھلىنىپ، «تادۇ، ئادەمنىڭ مىجەزى ۋە تەبىئىتى» دەپ يېشىم بېرىلگەن (3 ـ توم، 304 ـ بەت). «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە، «مىجەز» سۆزىگە مۇنداق ئۈچ خىل ئىزاھ بېرىلگەن: «1. ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، خۇلقى؛ 2. ئادەم ئورگانىزمىنىڭ تەبىئىتى، مەسىلەن، مىجەزى ئىسسىق، سوغۇق ...؛ 3. سالامەتلىك، كەيپىيات، مەن ئاغرىپ قالدىم، تازا مىجەزىم يوق».« مىزاج» سۆزى بولسا «ئادەمنىڭ تەبىئىتى، مىجەزى، مۆتىدىل مىزاج، غەيرىي مىزاج» دەپ ئىزاھلانغان.

«مىجەز»(性格،character) سۆزى، ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشىر قىلغان، سودا نەشرىياتى بېسىپ تارقاتقان «تاللانغان ئىنگلىزچە ـ خەنزۇچە، خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى»دە ماھىيەت، ئەخلاق دېگەن سۆزلەر بىلەن مەنىلىنىدۇ[7]. بىزمۇ مىجەز ـ خاراكتېرى دەپ قوشۇپ ئىشلىتىمىز. ھازىرقى زامان پسىخولوگىيەسىدە، مىجەز سۆزىگە، «كىشىلەرنىڭ رېئاللىققا تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەرىكەت ئادىتىدىكى نىسبەتەن مۇقىم بولغان، خاس پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك» دەپ ئېنىقلىما بېرىلىدۇ[8]. مىجەز بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان شەخسىيەت ئالاھىدىلىكىدىن بىرى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئەخلاق مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ ئادەم تۇغۇلغاندىن كېيىنكى ئىجتىمائىي مۇھىت جەريانىدا تەدرىجىي ئۆزگىرىدۇ ۋە شەكىللىنىدۇ. مىجەز شەخسىيەتنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ شۇ ئادەمنىڭ قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولىدۇ. مىجەز بىر ئادەمنىڭ تەبىئەتكە، جەمئىيەتكە، ۋەتەن ـ خەلققە، كىشىلەرگە، ئائىلىگە، كەسىپ ۋەخىزمەتكە تۇتقان پوزىتسىيەسىنىڭ يىغىنچاق ئىپادىلىنىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن مىجەزنىڭ ياخشى ـ يامانلىق پەرقى بولىدۇ. ئادەملەرنى ياخشى ئادەم، ناچار ئادەم دەپ ئايرىشىمىز دەل ئۇلارنىڭ مىجەز ئايرىمىسىدىكى پەرقتىن بولىدۇ. مەسىلەن، ۋەتەنپەرۋەر، ھەققانىيەتچى، ساداقەتمەن، دۇرۇس، سۆلەتۋاز، باتۇر، سەمىمىي، ساختىپەز، ھۇرۇن، ئۈمىدۋار، گۇمانخور، مەسئۇلىيەتچان، ئىشچان ...... قاتارلىقلار كىشىنىڭ مىجەز خاراكتېرىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇ سۈپەتلەر كىشىلەرنىڭ ياخشى ياكى ناچار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ .

ئادەملەرنىڭ مىجەز پەرقى توغرىسىدا، بىر قىسىم ئالىملار ئاقىلانە تىپ، كەيپىيات تىپ، ئىرادە تىپ، ـ دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىسا؛ يەنە بەزىلەر، مۇستەقىل تىپ ۋە بېقىنىشچان تىپ، دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ؛ يەنە بەزىلەر كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي تىپلىق ئادەم (ھەرقانداق ئىشتا ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان ئادەم)، ھوقۇق تىپ، دىنىي تىپ، نەزەرىيە تىپ، گۈزەللىك تىپ ۋە ئىجتىمائىي تىپ، دەپ ئالتە خىلغا ئايرىيدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، «مىزاج» كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە بېرىلگەن بىر رەڭ بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلىمەستىن، بەلكى سىرتقى پەرقلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، شوخ، ئوچۇق، چاققان، سەزگۈر، ئېھتىياتچان مىس ـ مىس، گەپدان، تىرتتەك، چىقىشقاق، ئاچچىقى يامان، ئېغىر بېسىق... دېگەندەكلەر كىشىلەرنىڭ مىزاج ئالاھىدىلىكىگە قارىتىلغان بولۇپ، ياخشى ـ يامان، ـ دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ. «مىزاج»نىڭ ئىرسىيەت خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، پەقەت كىشىلەرنىڭ سىرتقى ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىدىغان«مىزاج» ئۇقۇمىنى خاتا ھالدا «مىجەز»دەپ ئىشلىتىش ئادەتلىنىشكە باشلىدۇق. «مىزاج» تۇغما بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان ئايرىمىسى بولمايدۇ، مەيلى كىشىنىڭ مىزاجى چۇس ياكى ئاستا، ئىنكاسى تېز ياكى ئاستا بولسۇن، بۇ بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرى ياكى ماھىيىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەيدىغان ياخشى ئادەم ۋە تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەيدىغان رەزىل ئادەم بولغىنىدەك، «مىزاج» پەقەت كىشىلەرنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە بېرىلگەن بىر «رەڭ» دىنلا ئىبارەت، خالاس«مىجەز» بىلەن «مىزاج» ئۇقۇمىنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇش جەريانىدا، ھەر ئىككىلىسى كىشىلەرنىڭ خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، ئىشلەتكەندە، دائىم ئارىلاشتۇرۇپ

ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش قىيىن. ئىككىسىنىڭ پەرقى بولسا، مىزاجنىڭ ئىرسىيەت تەركىبىي يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش قىيىن؛ مىجەزدىمۇ ئىرسىيەت ئامىلى مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رېئاللىقنىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئىجتىمائىيلىق تەركىبىي يۇقىرى بولىدۇ؛ مىزاج كۆپىنچە فىزىئولوگىيەنى ئاساس قىلسا، مىجەز كۆپىنچە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ئاساس قىلغان بولىدۇ؛ مىجەز ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك خاسلىقىنى ئىپادىلىسە، مىزاج بۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرگە ھەر خىل تۈس بېرىپ، ئادەمنىڭ خاسلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، ئىشچانلىقتىن ئىبارەت مىجەز ئالاھىدىلىكى سەپرا تىپتىكى ئادەملەردە ئىپادىلەنسە، شۇ كىشىنى روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، جۇشقۇن قىلىپ كۆرسىتىدۇ؛ بەلغەم تىپىدىكى ئىشچان كىشى بولسا، ئىنچىكە، جاپادىن باش تارتمايدىغان ئەمگەك سۆيەر بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئەجدادلىرىمىز كىشىلەرنى تونۇشتا، ئۇلارغا باھا بېرىشتە مىجەز خاراكتېرىنى ئاساس قىلىپ كەلگەن، بۈگۈنكى كۈندە مىجەز سۆزىنىڭ خاتا ئىشلىتىلىشى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلار كىشىلەرنى تونۇغاندا، پەقەت ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى بولغان، ئادەمنىڭ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز مىزاج ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن باھا بېرىدىغان بولۇپ قالدى. سۆزلەرنىڭ مۇنداق مۇجمەل ئىشلىتىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر تىلىدا سۆز كەمچىل بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ئۇقۇملارنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مەسىلەن، كىشىلەر ئۆزئارا ئۇچراشقاندا «مىجەزىڭ قانداق؟ »، «مىجەزىڭ يوقمۇ؟ » دەپ سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىشىدۇ. يەنە بەزىدە، ئۇنىڭ مىجەزى ئوسال بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياخشى، دەپ كىشىلەرنىڭ سىرتقى خۇي - پەيلىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلمەكتە. ئەمەلىيەتتە بۇ سۆز: «مىزاجىڭىز قانداق؟ »، «مىزاجىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ »، «ئۇنىڭ مىزاجى قوپال بولغىنى بىلەن، كۆڭلى ياخشى» ياكى «مىزاجى قوپال بولغىنى بىلەن، مىجەزى ياخشى ئادەم» دەپ ئىشلىتىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەسلىي مەنىسىگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

بىر ئالىم: «پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ـــ مەزكۇر پەندىكى ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېنىقلىمىسى بولۇش، يەنى شۇ پەن ئۇقۇمىدىكى مۇجمەللىكلەرنى تۈگىتىشتۇر» دەپ ئېيتقان ئىكەن. تىلىمىزدىكى مۇجمەللىكلەر ـــ تۇرمۇشىمىزدىكى مۇجمەللىكلەرنىڭ سەۋەبى بولۇپ قالمىسۇن!

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار


[1][2] يې شخەن، جۇپىيلىەر تۈزگەن: «پىسخولوگىيە»، شەرقىي جۇڭخۇا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2006 ـيىل ، 6 ـ ئاي 2 ـ نەشرى، 193 ـ بەت

[3] مۇھەممەتئىمىن ئوبۇلقاسىم يازغان: «ئۇيغۇر تېبابىتىدىكى مىزاجغا قاراپ ئوزۇقلىنىش ئەنئەنىسى»، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتىنىڭ، 2007 - يىل 11 - ئاي 1 ـ نەشرى.

[4] ئابدۇكېرىم تۇرسۇنتوختى، ھەسەنجان قاسىملار تۈزگەن: «مىزاج بۇزۇلۇش كېسەللىكلىرىنى ئۇيغۇر تېبابىتىدە داۋالاش»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 8 ـ، 9 - بەت

[5] ژۇكوۋ تۈزگەن: «دۇنيا ئومۇمىي تارىخى»، 196 ـ، 197 - بەت، خەنزۇچە 2 - توم

[6][8] يې شخەن، جۇ پيلىەر تۈزگەن: «پىسخولوگىيە»، شەرقىي جۇڭخۇا پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2006 ـيىل 6ـئاي 2 - نەشرى، 195 ـ، 201 - بەتلەر

[7] مارتىن. مەنسېر (Martin.H.Manser) : ئەنگلىيە ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشر قىلغان، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىلى تۇنجى بېسىپ تارقاتقان «ناللانغان ئىنگلىزچە - خەنزۇچە، خەنزۇچە - ئىنگلىزچە سۆزلۈكلەر لۇغىتى»، 28 - بەت.


ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان مۇھىم بىر مەنبە شۇكى، سابىق سوۋېت مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ب. د. پېتروۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مېدىتسىنا تارىخى»نىڭ 1 - تومىدا: «يۇنانلىق مەشھۇر دوختۇر ھىپپوكرات ياش ۋاقىتلىرىدا قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان سىكىفلارنىڭ ئارىسىدا ياشىغانلىقى ۋە ئۇ مېدىتسىنالىق كۆزقاراشلىرى سكىف تېبابەتچىلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ... ئەڭ دەسلەپ ‹تۆت مىزاج› تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان...»لىقى بايان قىلىنغان ...... ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئەپەندىمۇ ئۆز كىتابىدا ھىپپوكراتنىڭ بۇ ئىجادىيىتىنى بىۋاستە «تۆت مىزاج» دەپ ئاتىغان.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

32-يىللىق 1-سان
2011-يىلى 3-ئاي

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)

第 32 卷第 1 期
2011 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2011) 01-068-05

# ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ھەققىدە*

راbبىيە ئابدۇرېھىم

(شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ،تىل فاكۇلتېتى ، ئۈرۈمچى ، 830054)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدا، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى ئاساس قىلىنىپ، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىككى خىل تىلدىكى رولى، ئىپادىلىنىش شەكلى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، تىل شارائىتى، قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەر ئۈستىدە سېلىشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要:** 本文阐释现代维吾尔语与汉语中的亲属称谓词，并以维吾尔语和汉语中亲属称谓词的异同为根据，系统地对比两种语言亲属称谓词在各自语言中的功能、表达方式、历史背景、语言环境、结构等方面的问题。

**Abstract:** In this paper, the author studied the kinship terms in the modern Chinese and Uyghur language. Based on the similarities and differences of kinship terms in Uyghur and Chinese, the author systematically analysis the functions, structures, expressions and other aspects of the two language.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: H01　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەممىسىدىلا ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ناملىرى ئالاھىدە ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىنىپ كەلدى. ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە كىرىدىغان ھەر بىر بوغۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئاتىلىشى بولۇپ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىمۇ بۇ ئاتالغۇلار قەدىمدىنلا بىر ئالاھىدە سۆز تۈركۈمى بولۇپ قوللىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ.

ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ناملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارنىڭ كۆپلىرى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان تۇرغۇن سۆزلەردۇر. ھەر قانداق ئىككى خىل تىلدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى بىرمۇ-بىر ئوخشاش ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى ئىپادىلىشىدە ناھايىتى چوڭ پەرقلەر بار. ئوخشاش بىر مىللەت ئىشلەتكەن تىلنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەدەنىيەت پىسخىكىسى، ئىجتىمائىي قائىدە - يوسۇن ۋە رايون پەرقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، تۈركىي تىللىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى تۈركىي يېزىق خاتىرىلىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ھازىرقى زامان تۈركىي تىللىرىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەم

* بۇ ماقالە 2009-يىلى 4- ئاينىڭ 13-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.

**ئاپتور:** رابىيە ئابدۇرېھىم(1963-يىلى5-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنى سېلىشتۇرۇش ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىردەكلىك ھەم ئاز بولمىغان پەرقلەر مەۋجۇت. تىل تەرەققىياتى ھەر قايسى مىللەت تىللىرىدىكى پەرقنى پەيدا قىلغاندىن باشقا يەنە قەدىمكى ۋە ھازىرقى ئۆرپ-ئادەتنىڭ تىلغا بولغان تەسىرى، ھەر قايسى مىللەتلەر تۇرۇشلۇق جايلاردىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىمۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ۋە ئۆز-ئارا پەرقلىق بولۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي سەۋەبتۇر.

ئىنسانلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتى تەكشۈرۈش بولغان نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق قۇرۇلىدۇ. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇرەككەپتۇر. كىشىلەر دائىم ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئابستراكت تەپەككۇر قىلىپ، تىل ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق تەرەپلەردىكى ئوخشىماسلىقلارنى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق نۇقتىئىي-نەزەرى بىلەن كۆزەتكەندە، نۇرغۇن پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئەنئەنىۋى قاراش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى پەرقلەر ئوخشىمىغان تىلدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلار كىتابلىرىدىكى سۆز مەنىلىرىدە ئېنىق ئەكس ئەتتۇرۇلىدۇ. تۆۋەندە ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا قانداق پەرقلەر ۋە ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى.

## 1. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار

دۇنيادىكى جۇملىدىن جۇڭگودىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ھەر بىر بوغۇننىڭ ئۆزىگە خاس ئاتىلىشى بار بولۇپ، ئۇيغۇرلاردىمۇ قەدىمدىن تارتىپلا بۇ خىل ئاتالغۇلار ئىشلىتىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. قەدىمكى ئاتالغۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۆزگىرىپ ياكى يوقاپ كەتكەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ ئىنتايىن ئاز بىر قىسمىنىلا تەشكىل قىلىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. گەرچە بۇ ئاتالغۇلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش چاستوتىسى يەنىلا خېلى يۇقىرى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار ۋە ۋاسىتىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

(1) بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار:

دادا؛ ئاتا؛ ئانا؛ ئاپا؛ ئاكا؛ ئاچا؛ ھەدە؛ ئىنى؛ ئۇكا؛ سىڭىل؛ بالا؛ پەرزەنت؛ ئەر؛ خوتۇن.

(2) ۋاسىتىلىق قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار:

ئۇلۇغ بوۋا؛ ئۇلۇغ موما؛ تاغا؛ ھاما؛ نەۋرە ئاكا؛ نەۋرە ئاچا؛ نەۋرە ئىنى؛ نەۋرە سىڭىل؛ جىيەن قىز؛ جىيەن ئوغۇل؛ قېيىنئاتا؛ قېيىنئانا؛ كۈيئوغۇل؛ كېلىن؛ قۇدا؛ يەڭگە؛ ئېپى-يەڭگە؛ باجا قاتارلىقلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارنى بىلدۈرگەن مەنىسىگە قاراپ يەنە تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1)جۈپ-جۈرە مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار: ئەر-ئايال؛ ئاتا-ئانا؛ ئاپا-دادا

(2) قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار: ئاكا؛ ئاچا (ھەدە)؛ ئىنى ؛ سىڭىل

(3)قانداش تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار: تاغا؛ ھاما

(4) ئەجداد مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈلۈغ بوۋا؛ ئۈلۈغ موما؛ تاغا؛ ھاما؛ نەۋرە ئاكا؛ نەۋرە ئاچا؛ نەۋرە ئىنى؛ نەۋرە سىڭىل؛ جىيەن قىز؛ جىيەن ئوغۇل.

(5) قۇدىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار:ئەر؛ خوتۇن؛ قېيىنئاتا؛ قېيىنئانا؛ قېيىنئاكا؛ قېيىنئاچا ؛ قېيىنئىنى؛ قېيىنسىڭىل؛ كۈيئوغۇل؛ كېلىن؛ قۇدا؛ يەڭگە؛ ئىپى-يەڭگە؛ باجا؛ ئەركەك قۇدا؛ چىشى قۇدا ؛ قايچا قۇدا.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان بەش خىل ئاتالغۇدىن نۆۋەتتە مەيلى خەنزۇلاردا ياكى ئۇيغۇرلاردا بولسۇن ئادەتتە قوللىنىلىۋاتقىنى پەقەت بەش ئەۋلادنى ئىپادىلەيدىغان تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بولۇپ،قالغانلىرى ئانچە ئىشلىتىلمەيدۇ.

## 2. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلار

تىل مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن شەكىل ۋە مەنە جەھەتتە مىللىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە زور دەرىجىدە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نەزەرىيەچىلىرى تىلنىڭ ئەڭ مۇھىم رولى ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئالماشتۇرۇش قورالى بولغانلىقىدۇر ،-دەپ قارىشىدۇ. تىل ئالاقىسى قىلىشتا پەقەت ئۇنىڭ گرامماتىكىلىق رولىغىلا قاراش يېتەرلىك بولمايدۇ، ئۇنىڭدا ئاساسلىقى تىلنى قانداق ئىشلىتىپ، كىشىلەر بىلەن قانداق ئالاقە قىلىش مەسىلىسىگە قاراش لازىم. تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانشۇناسلار تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئاساسىغا نىسبەتەن ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قانداشلىق بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان بولغاچقا، تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئاساسى مۇشۇ مۇناسىۋەتنىڭ بەلگىسىنى ئىپادىلەيدۇ.خەنزۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنى تەتقىق قىلىشتا خېلى بۇرۇنلا قىزىققان ۋە ئۇنى ئىنچىكە ھەم ئېنىق تۈرلەرگە بۆلگەن. غەرب ئىنسانشۇناسلىرى خەنزۇ تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغىنى خەنزۇ تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ توغرىلىقى، تەسۋىرچانلىقى ۋە مۇرەككەپلىكى بولغان. خەنزۇ تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ نامى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىدىن خېلىلا كۆپ. بۇ جەھەتتە ئىنسانشۇناسلار خېلى بۇرۇنلا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، خەنزۇ تىلىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئايرىم بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خەنزۇلار تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە، كونا ئەنئەنىگە ئاساسەن ئۆزىدىن يۇقىرى تۆت ئەۋلاد، ئۆزىدىن تۆۋەن تۆت ئەۋلادقىچە قوشۇپ « توققۇز ئەۋلاد» دەپ ئاتايدۇ. چوڭ ئۈلۈغ بوۋىدىن (高祖，曾祖)، نەۋرە، كىچىك ئەۋرە، چەۋرە (曾孙，玄孙) گىچە ئېنىق ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەنزۇ تىلىدىكى نىكاھ، ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى كۆپىنچە پەرزەنتلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا ئىپادىلىنىدۇ. يەنى پەرزەنتلەر دادىسىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بىر خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتىسا، ئانىسىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى يەنە بىر خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدۇ. بۇنىڭدىن بۇ چوڭ دادا-چوڭ ئانا، تاغا- ھامىلارنىڭ كىمنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە كىمنىڭ ئاكا-ئىنىسى ياكى ھەدە-سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىر ئاڭلاپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئورتاقلىقى

ھەممىمىزگە مەلۇم، خەنزۇ تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ئوخشىمىغان تىل تۈركۈمى ۋە ئوخشىمىغان تىل سىستېمىسىغا تەۋە بولغان، تەپەككۇر ئۇسۇلى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرققە ئىگە ئىككى خىل تىل بولسىمۇ، بىراق تەپەككۇر ئومۇمىي ئىنسانلارنىڭ

لوگىكىلىق ھۆكۈم قىلىش ۋە پەرەز قىلىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولىدۇ. تەپەككۇر قانۇنىيىتىنىڭ بىردەكلىكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىدىكى ئوخشاشلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئالدى-كەينىدىكى ئىككى ئەۋلاد ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئاتالغۇلارنى ئىپادىلەش شەكلى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا ئوخشاش بولىدۇ.

(1) ئاتا- ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاتالغۇلار: ئاتا (دادا) 父亲，（爸爸，爹） ئانا(ئاپا) 母亲，（妈妈，娘） ئوغۇل 儿子 قىز 女儿؛ بالا-چاقا 儿女（子女） قاتارلىقلار.

(2) يات كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئاتالغۇلار:

ئۇيغۇرلار يات كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا، دائىم سوئال سوراش، ئۆتۈنۈش ئىنتوناتسىيەسى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل خەنزۇلاردىمۇ ئوخشاش. مەسىلەن:

كەچۈرۈڭ، ئالىمنىڭ ئۆيى قانچىنچى بىنادا؟

对不起，阿力木的家在几号楼?

ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، قوپۇپ تۇرسىڭىز ئۆتۈۋالسام بوپتىكەن.

麻烦你，起来一下，让我过去。

(3) ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا يەنە ئوخشاشلا ياش ۋە جىنسىنى ئاتاپمۇ قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن:

قىزچاق، بىر نەرسىڭىز قالدى.

姑娘！你的东西。

چوڭ ئانا، ياردەم قىلايمۇ؟

大妈，需要帮忙吗?

(4) ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا يەنە قارشى تەرەپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئاتاپ، قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن:

ئۇزۇن چاچ، كىمنى ئىزدەيسىز؟

长发的，你找谁?

سېرىق كىيىم، سىز جاۋاب بېرىڭ.

穿黄衣服的，你来回答一下。

(5) ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدا يەنە قارشى تەرەپنىڭ كەسپى ۋە ئۇنۋانىنى ئاتاش ئارقىلىقمۇ قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئادەت بار. مەسىلەن:

مۇئەللىم، مەن ماڭسام بولامدۇ؟

老师，我可以走了么?

جاڭ جۇرېن، قاچان قايتىپ كەلدىڭىز؟

张主任，什么时候回来了?

ياسىن پروفېسسور، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

亚森教授，好一些了么?

مۇرات دوكتۇر، قايتىپ كەپسىز-دە.

木拉提博士，回来了。

## 4. ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ پەرقى

ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ياشايدىغان ئورنى قاتارلىقلارنىڭ پەرقى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئىچكى- تاشقى قىسىملىرىدا مۇئەييەن ئوخشىماسلىقلار پەيدا بولغان. ھەتتا بەزى ئاتالغۇلار بەزى مىللەتلەردە پەقەتلا مەۋجۇت بولمىغان. بۇنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۇيغۇرلاردا كىشى ئىسىملىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، شەكلى خىلمۇ-خىل، ئەركىلىتىش ۋە كىچىكلىتىش شەكىللىرىمۇ بار. جەنۇب-شىمالدىكىلەرنىڭ ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش ئادىتىمۇ ئوخشىمايدۇ.

خەنزۇ تىلىدا تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ نامى ئوخشىمىغان شارائىتتا قاراپ ئىپادىلىنىدۇ. بىرى ھوقۇق مۇناسىۋىتى يەنى ھۆرمەتلەش بىلەن كەمسىتىش مۇناسىۋىتى، يەنە بىرى باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى. ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاقە سورۇنىدا، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئورنى باراۋەر بولمىغانلىقتىن، بىۋاستە ئىسمىنى ئاتاشقا بولمايدۇ، شۇڭا خەنزۇلار ھوقۇقدارلارنىڭ فامىلىسىنىڭ ئالدىغا ئەمەل نامىنى قوشۇپ ئاتاشقا ئادەتلەنگەن.

(2) ئۇيغۇر تىلىدا تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئاتا تەرەپ ۋە ئانا تەرەپ، دەپ ئايرىلماستىن بىر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن: بوۋا، موما، هامما، تاغا، نەۋرە... لېكىن خەنزۇ تىلىدا بۇ خىل ئاتالغۇلار ئىنتايىن ئېنىق ئايرىلىدۇ. ئاڭلىغۇچى تەپسىلىي سورىمىسىمۇ ئۇنىڭ دادىسىنىڭ تۇغقىنى ياكى ئانىسىنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. مەسىلەن: 姑妈，姨妈.

(3) خەنزۇ تىلىدا قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتالغۇلارمۇ ناهايىتى ئىنچىكە ئايرىلغان. بىراق ئۇيغۇر تىلىدىكى قۇدا-باجىلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇنچە تەپسىلىي ئەمەس بولۇپ كۈيئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئاچا-سىڭىللىرى، ئاكا-ئىنىلىرى بىلەن كېلىننىڭ ئاتا-ئانىسى، ئاچا-سىڭىللىرى، ئاكا-ئىنىلىرى ئوخشاش بىر خىل ئاتالغۇ بىلەن ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن: قېيىنئاتا، قېيىنئانا، قېيىنئاكا، قېيىنئاچا، قېيىنئىنى، قېيىنسىڭىل ... خەنزۇ تىلىدا بولسا ناهايىتى ئېنىق. مەسىلەن:

岳母，丈母娘，公公，岳父，婆婆，大姑子，小姨子

(4) خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، بىر تۇغقاننى بىر نەچچە خىل ئاتالغۇ بىلەن ئاتاشقا بولىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر تىلىدا پەقەت بىر-ئىككى خىل ئاتالغۇ بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ.مەسىلەن:

爹爹，爸爸，父亲，阿爸，老爹 ئاتا، دادا

母亲，妈妈，娘娘，老娘，阿妈 ئانا، ئاپا

姑姑妈姨，婶婶，舅妈，伯母，姑妈 هامما

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە پەرق ۋە ئورتاقلىقلار مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ماقالىدە سېلىشتۇرۇشنى مۇشۇ يەردە توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇق.

ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ-تەتقىق قىلىدىغان بولساق، تىل ئالاقىسىدىكى تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ھەر قانداق تىلدا ئىنتايىن مۇهىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز. تىل ئالاقىسىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئاڭلىشىشتۇر. ئىككى تەرەپنىڭ قانداق ئاتالغۇلارنى قوللىنىپ، ئالاقە قىلىشى ئالاقىنىڭ پۈتكۈل باسقۇچىدىكى ئاساسىي هالقا بولۇپ، پەقەت ئاتالغۇلارنى مۇۋاپىق، توغرا ئىشلەتكەندىلا ئۆز-ئارا توسالغۇسىز ئالاقە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تىلىمىزدىكى ئاتالغۇلار كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتى، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى، ئىجتىمائىي مۇھىتى ۋە ئەدەپ-قائىدىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، يۇقىرىدىكى ھەر قايسى نۇقتىلارنى تولۇق چۈشىنىپ، توغرا ئىشلەتكەندىلا قارشى تەرەپنىڭ تىلىنى توغرا چۈشەنگىلى ۋە ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] سەي چۈنياۋ: «ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىدىكى ئۇرۇق- تۇغقانچىلىق ئاتالغۇ سېمانتىكىلىرىنى سېلىشتۇرۇش» ، «تىل ۋە تەرجىمە» 1997.2
[2] خۇاڭ بورۇڭ، لياۋ شۈدوڭ : «هازىرقى زامان خەنزۇ تىلى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى،1997-يىلى نەشرى.
[3]Linda Stoni,ed.new Directions in Anthropogical Kinship.Rowman & Littlefield Publisher, lnc. 2001.p.2

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

32 - يىللىق 1 - سان
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)
第 32 卷第 1 期
2011 - يىلى 3 - ئاي
新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)
2011 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 03 _ 073 _ 01 (2011) 5878 _ 1005

# «تاپۇغچى» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ھەققىدە*

ئەرافات ھەسەن مۇسابايوۋ

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئېتىمولوگىيە تىلدىكى سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇ ماقالىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاپۇغچى» سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىقىلىدۇ ھەمدە بۇ سۆزنى خەنزۇ تىلىدىكى «国家公务员» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى قىلىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**摘要:** 人类学在成为一门独立的学科并把了解不同群体的文化定为自己的最终目标的过程语源学是研究语言中词的来源的一门学科。本文用实例论证古代维吾尔语中“tapughqi”一词的词源并提议将此词作为汉语 “国家公务员”一语的维吾尔语对译词。

**Abstract:** Etymology is the study of the origin of a language. In this paper, the author proved the etymology of ancient Uyghur Language “tapughqi”, at the same time, the author suggested that this term should be used as the Uyghur equivalance of the Chinese term “国家公务员”(civil servant)..

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G122          ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئېتىمولوگىيە تىلدىكى سۆزلەرنىڭ شەكلى ۋە مەنىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بىز ئېتىمولوگىيە تەتقىقاتى ئارقىلىق، تىلدىكى سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە مەنىسىنى، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىش جەريانى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا باغلىنىشنى بىلەلەيمىز.

جەمئىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا يېڭى شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ تىلى ئۆزلۈكسىز بېيىپ، مۇكەممەللىشىپ بارسا، كونا شەيئىلەرنىڭ ئىستېمالدىن قېلىشى، تىلغا پىششىق بولماسلىقىمىز تۈپەيلى، بەزى سۆزلەر تىلىمىزدىن چۈشۈپ قېلىپ، بارا-بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنداق سۆزلىرىمىزنىڭ ئورنىغا باشقا تىللاردىن خەتمۇ خەت ياكى مەنەن ھالدا زورمۇ زور تەرجىمە قىلىپ ئىشلىتىۋاتىمىز. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «تاپۇغچى» دېگەن سۆز بار بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ سۆزنى « دۆلەت خىزمەتچىلىرى»، «دۆلەت خادىملىرى» مەنىسىدە قوللانغان. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقلىق تۈركولوگ ۋ. م. ناسىلوۋ «ئورقۇن-يېنىسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى» قىسمىدا: «‹تاپىغچى›-‹ئىبادەت قىلغۇچى› دېگەنلىك بولۇپ،-‹تاپىغ› يەنى ‹ئىبادەت قىلىش› سۆزىدىن ياسالغان، تاپىغ\\ تاپاغ يەنى ‹تېۋىنىش›، ‹ئىبادەت قىلىش›-‹تاپ› يەنى ‹تېۋىنماق›، ‹ئىبادەت قىلماق› سۆزىدىن ياسالغان. كېيىن ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر كەسىپ ئىگىسىنى بىلدۈرىدىغان ‹چى› قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، ‹تاپىغچى› بولغان[1]» دەپ ئىزاھلىغان.

---

* بۇ ماقالە 2009-يىلى 11- ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتور: ئەرافات ھەسەن مۇسابايوۋ (1988-يىلى7-ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى 2007- يىللىق 2- سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

www.uyghurkitap.com



«تاپۇغچى» يەنە سىڭقۇ سەلى تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ 620ـ قۇرىدا :«ئول ئودۇن ماخاساتۋى تېگىننىڭ تاپىغچىلارى ‹تېگىنىمىز كەچتى› تېپ، ‹قاچان بارتى؟ يۇرۇڭلار، قانتائول ئىسدەلىم!› تېپ تىيىستىڭلار[2]» («بۇ چاغدا ماخاساتۋى تېگىننىڭ خىزمەتچىلىرى:‹تېگىنىمىز كېچىكتى، قەيەرگە كەتكەندۇ؟ يۇرۇڭلار، نەدە بولسىمۇ ئىزلەپ تاپايلى!› دېيىشتى») دېگەن جۈملىدە كېلىپ، «خىزمەتچى»، يەنى ئادەتتىكى خىزمەتچىلەردىن يۇقىرىراق تۇرىدىغان شاھزادىلەرنىڭ خىزمەتچىلىرى مەنىسىدە كەلگەن. بۇ سۆز «ئالتۇن يارۇق» نىڭ بەزى بىر قىسىملىرىدا، يەنى 621ـ، 623ـ، 627ـ قۇرلىرىدا «دېدەك»، «كۈتكۈچى»، «ھۆرمەت ـ ئېھتىرام» دېگەندەك ئوخشىمىغان مەنىلەردە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا «خىزمەتچى» مەنىسى ئاساس بولغان. «ئىرىق بىتىك» نىڭ تۆتىنچى قۇرىدا بۇ سۆز:«ئالتۇن قاناتلىق تالىم قارا قۇشمەن، تانىم تۇسى تاقى تۇكەمەزكەن، تالۇيدا ياتىپان تاپلادۇكمىنتۇ[3]» («ئالاناغىل لاچىن قۇشمەن، چىنتەن (سەندەل) دەرىخىدە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچقۇدەكمەن. شۇنداق بىلىڭلار») دېگەن جۈملىدە سۆزنىڭ ئەسلى تومۇرى «تاپ» قا «لا» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلغان شەكلىدە كېلىپ، «كۆڭۈل ئېچىش» مەنىسىدە كەلگەن. بۇ سۆز يەنە «تۇرپاندىن تېپىلغان ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» دە «تاپىن» شەكلىدە كېلىپ، «خىزمەت قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرگەن بولسا، «قەدىمكى تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» دە «تاپىغساق»، «تاپىغچى» شەكىللىرىدە كېلىپ، «خىزمەتكار» ۋە «خىزمەتچى»، «خادىم» مەنىلىرىنى بىلدۈرگەن[4]. «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»دە بۇ سۆزنى «خىزمەتكار»، «خىزمەتچى» دەپ ئىزاھلىغان. 11ـ ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «تاپۇغ» سۆزىنى «خىزمەت»، «خىزمەت قىلماق»، «ئىپۋىنىش»، «تائەت ـ ئىبادەت» دەپ چۈشەندۈرگەن[5]. يەنە شۇ دەۋرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە مەخسۇس «تاپۇغچى» توغرىسىدا توختالغان. ئەسەرنىڭ 38ـ بابى، يەنى «ئۆگدۈلمىش ئەلىگكە تاپۇغچىلار ھەقى بەگلەر ئۆزە نەگۈ تەگ ئەردۈكىن ئايۇر» («خىزمەتچىلەرنىڭ بەگلەر ئۈستىدە قانداق ھەقلىرى بارلىقى ھەققىدە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىگكە ئېيتقانلىرى») نىڭ 2957ـ، 2967ـ،2968ـ، 2969ـ، 2972ـ،2973ـ، 2977ـ، 2978ـ، 2988ـ، 2993ـ، 2994ـ، 2997ـ،2998ـ، 2999ـ،3067، ـ 3129ـ بېيىتلىرىدا «تاپۇغچى» سۆزى «خىزمەتچى»، «خادىم» مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن، 2967ـ، 2968ـ بېيىت:

ئايا بەگ بولۇغلى بودۇنقا ئۇلۇغ،
بەدۈت ئەدگۈ تۈتغىل تاپۇغچى قۇلۇغ.
(ئەي ئەلنىڭ ئۇلۇغى، ئەي بەگ، دىققەت ئەت،
ياخشى كۆر خىزمەتچى قۇلۇڭنى يۈكسەلت.)

تاپۇغچى بىلە بەگلەر ئەلگى ئۇزار،
تاپۇغچى بىلە ئەركلىگ ئەل كەند تۈزەر.
(خادىملار بىلەن بەگ قولى ئۇزۇرار،
خادىملار بىلەن خان ئەل ـ يۇرتنى تۈزەر.) [6]

بۇ يەردە «تاپۇغچى» سۆزى «خىزمەتكار»، «خادىم»، يەنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئادەتتىكىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خىزمەتچىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 2958ـ، 2959 ـ، 2960ـ، 2965ـ، 2982ـ، 2987ـ، 3023ـ، 3064ـ، 3069ـ، 3091ـ، 3114ـ، 3149ـ بېيىتلىرىدە «تاپۇغ» سۆزى «تاپۇغ»، «تاپىغى»، «تابىغىن»، «تاپىغۇچى» قاتارلىق شەكىللەردە كېلىپ، «خىزمەت»، «ئەجىر»، «ئىبادەت» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرگەن.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، «تاپۇغ» سۆزىنىڭ سۆز تومۇرى «تاپ»، ئۇنىڭغا «ئۇغ» قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، «تاپۇغ» بولغان. كېيىن يەنە مەخسۇس كەسىپ ئىگىسىنى بىلدۈرىدىغان «چى» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن «تاپۇغچى» بولغان. گەرچە «تاپۇغچى» نىڭ «خىزمەتچى»، «خادىم» دېگەندىن باشقا مەنىلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ مەنىلەر يەنىلا «ئىش»، «ئىش قىلىش»، يەنى بىرەر ئىشنى قىلىش ـ دېگەن ئاساسىي مەنىدىن يىراقلاشمىغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تىلىمىزدا «دۆلەت

مەمۇرى» دېگەن سۆز خېلىلا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالدى. «دۆلەت مەمۇرى» سۆزى ئەسلىدە خەنزۇ تىلىدىكى «国家公务员» نىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۇ سۆزلەر تىلىمىزغا ئەرەب تىلىدىن كىرگەن. ئەمدى بىز «دۆلەت»، «مەمۇر» دېگەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: «دۆلەت-[ئەرەبچە] مۇئەييەن بىر سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشىدىكى زوراۋانلىق تەشكىلى»، «مەمۇر-[ئەرەبچە] باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان مەنسەبدار[7]». مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «دۆلەت مەمۇرى» دېگەن ئەرەبچە سۆز بىرىكمىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «تاپۇغچى» سۆزى بىلەن مەنە جەھەتتىن ئىنتايىن يېقىن. يەنى ھەر ئىككىلىسىلا ئادەتتىكىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خىزمەتچىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «تاپۇغچى» سۆزى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسى بويىچە، قەدىمكى تۈركىي تىللاردا ۋە ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ ئۇنۇملۇك سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولغان «چى» ئارقىلىق ياسالغان سۆز. «دۆلەت مەمۇرى» سۆزى بولسا ياسىلىش ئۇسۇلى ۋە سۆز ھەجمى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ياساش قائىدىسىگە ئانچە ئۇيغۇن بولمىغان.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشنىڭ يوللىرى ئاساسەن ياساش، قېزىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. ياساش--قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى بىلەن بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قېزىش--بۇ ئۇسۇل سۆزلەرگە يېڭى مەنا يۈكلەش بىلەن كونا سۆزلەرنى يېڭى مەنىدە قوللىنىش قاتارلىق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قوبۇل قىلىش-بۇ ئاۋۋال قېرىنداش مىللەتلەر تىلىدىن، ئاندىن تەرەققىي قىلغان باشقا مىللەتلەر تىلىدىن قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تاپۇغچى» سۆزى قېزىش يولى ئارقىلىق مەيدانغا چىققان سۆز بولۇپ، بىزنىڭ تىل ئادىتىمىزگە ئۇيغۇن، ئىخچام سۆزدۇر.

ئاخىرىدا سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى، يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن «تاپۇغچى» سۆزىنى ھازىرقى تىلىمىزدا خەنزۇ تىلىدىكى «国家公务员» نىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى قىلىشقا تامامەن بولىدۇ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] ۋ. م. ناسىلوف: «ئورقۇن-يېنسەي ۋادىلىرىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارنىڭ تىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005-يىلى 9-ئاي1-نەشرى، 166-، 172-بەتلەر.

[2] ئىسراپىل يۈسۈپ قاتارلىقلار تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»[D]، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983-يىلى 9 -ئاي 1-نەشرى، 163-بەت.

[3] ئابدۇبەسىر شۈكۈرى، سۇلايمان ھېلىمنىياز: «‹پالنامە› ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قاراشلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى9-ئاي 1-نەشرى، 36-بەت.

[4] ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تۈزگەن: «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989-يىلى 1-ئاي 1-نەشرى.

[5]مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى، 1-توم 483-بەت.

[6]يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى، 628-، -629بەتلەر.

[7]ھەمدۇللا ئابدۇراخمان قاتارلىقلار تۈزگەن :«ئۇيغۇر تىلىغا چەتتىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىلى 5-ئاي 1-نەشرى .

جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

第 32 卷第 1 期 | شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى) | 32 ـ يىللىق 1 ـ سان
2011 年 3 月 | 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) | 2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 01_076_08

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۇستىدە چەت ئەللەردىكى ئىزدىنىشلەر*

## مۇساجان ئېلى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى ۋە تىلى تەتقىقاتىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چەت ئەللەردە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قەدەر مۇھىم بولغان تەتقىقاتلار ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. شۇ ئاساستا چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى ۋە تەتقىقات ئۇسۇللىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：**本文简述国外古代维吾尔文献和语言研究形成的历史背景，同时介绍国外比较重要的古代维吾尔语语法的研究工作及其学术著作。在此基础上阐述国外古代维吾尔语研究的发展方向和研究方法。

**Abstract:** In this paper, the author elaborated on the historical background of the old Uyghur documents and language research in overseas countries. At the same time, he introduced some researches related to ancient Uyghur grammar and important works in this filed abroad so far. On this basis, he expounded research direction and research methods of the ancient Uyghur language abroad.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: **H01**　　　　ماتېرىيال بەلگىسى: **A**

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلار چەت ئەللەردە ئېلىمىزدىكىگە قارىغاندا خېلىلا بۇرۇن باشلانغان بولۇپ، بۇ ساھەدە يارىتىلغان ئىلمىي ئەمگەكلەر سان ۋە سۈپەت جەھەتتە ئېلىمىزدىكىدىن زور دەرىجىدە ئۇستۇن ئورۇندا تۇرىدۇ. چەت ئەللەردە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەر ئورقۇن مەڭگۇ تاش ئابىدىلىرىدىكى تۈرك رونىك يېزىقىدا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە باشقا ھەر خىل يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ھەققىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گەرچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار ئېلىمىزدە بايقالغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ئۇستىدىكى مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر ئاساسەن غەرب دۆلەتلىرىدە، ياپونىيە، رۇسىيە ۋە تۈركىيەدە بارلىققا

* بۇ ماقالە 2011-يىلى 1- ئاينىڭ 7- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
**ئاپتور:** مۇساجان ئېلى(1986-يىلى 9- ئايدا تۇغۇلغان). شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2009- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى.

كەلگەن بولۇپ، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئەسەرلەر بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى ۋە رەتلەپ ئۆگىنىشىمىزنى كۈتمەكتە.

## 1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭ بارلىققا كېلىش ئارقا كۆرۈنىشى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى- دېگىنىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براھمى يېزىقى (قەدىمكى كۇچا ۋە قەدىمكى قارا شەھەر يېزىقى- دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى، تىبەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى (خاقانىيە يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋە چاغاتاي يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى ئىشلىتىپ قالدۇرغان ھەر خىل مەزمۇندىكى يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولغان يېزىق تىلىنى كۆرسىتىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار شەكلىنىڭ پۇختا، مەزمۇنىنىڭ رەڭدار، تىلىنىڭ ساغلام، قوللىنىلغان ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىم ۋە ئېنىق، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچام بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خېلى بۇرۇنلا نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك تىلشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولۇپ قەدىمكى ئورقۇن يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىغا ئائىت شۋېتسىيەلىك ستراللېنبېرگنىڭ (F.J.Stralenberg) 1730-يىلى ئېلان قىلىنغان «ئاسىيانىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى»(Das Nord-Und Ostliche Theil von Europaund-Asiya) ناملىق ئەسىرى ئىلىم دۇنياسىغا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار ھەققىدە تۇنجى قېتىم مەلۇمات بەرگەندىن تارتىپ، چەتئەللىك ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرخىل تىللاردا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى.

1893-يىلى دانىيەلىك ئاتاقلىق تىلشۇناس تومسېن (Thomsen)دانىيە ئوردا پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ يىغىنىدا «ئورقۇن- يېنسەي مەڭگۈ تاش يېزىقىنى يېشىپ ئوقۇشتىن دەسلەپكى نەتىجە» (Déchiffrement des inscriptions de 1' Iénissei. Notice préliminaire. Bulletin de l'Academie Royale du Danmark) ناملىق ئىلمىي دوكلاتىنى ئوقۇدى. ئۇ بۇ دوكلاتىدا مەڭگۈ تاشلاردا خاتىرىلەنگەن يېزىقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوقۇپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى يېڭى بىر دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئارقىدىنلا رۇسىيەلىك مەشھۇر تىلشۇناس رادلوف (Radloff.W) 1894-يىلى «كۆل تېگىن» ۋە «بىلگە قاغان» مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنىڭ لاتىن ۋە سلاۋيان يېزىقىدىكى ترانسكرىپسىيەسىنى ۋە گېرمانچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ نەتىجىلىرى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى ئۈچۈن يېڭى بىر سەھىپە ئېچىپ بەردى.

19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ 30-، 40 - يىللىرىغىچە بولغان مەزگىلدىكى چەتئەللىك ساياھەتچىلەر ۋە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ ئىلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدا، نۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ھەر خىل ناملاردىكى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىدە تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى، براھمى يېزىقىدىكى (قەدىمكى كۇچا ۋە قەدىمكى قارا شەھەر يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقىدىكى، تىبەت يېزىقىدىكى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى نۇرغۇنلىغان يازما يادىكارلىقلار بايقالدى. بۇ بىباھا يازما يادىكارلىقلار سان جەھەتتىن كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە مەزمۇن جەھەتتە كۆپ خىللىققا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنى ئىنتايىن مول بولغان ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئالىملار ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا خاتىرىلەنگەن تىل بىلەن بۇ يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن تىلنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشاشلىق تەرەپلىرىنى بايقىدى. ئۇلار كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغان ماددىي پاكىتلارغا ئاساسەن بۇ ئوخشاش بولمىغان يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن تىل بىلەن ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا خاتىرىلەنگەن تىلنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر تىلنىڭ ئىككى خىل دىئالېكتى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت قاراشنى ئوتتۇرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن-بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



قويىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، دۇنيادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تىلشۇناس ئالىملار قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا ئورقۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ تىلى بىلەن باشقا ھەر خىل يېزىقلاردا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە تەسۋىرلەشكە ۋە ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى.

گىراماتىكا تىلنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئامىلى. ئۇ تىلنىڭ قۇرۇلما قانۇنىيىتى بولۇپ، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرى بىلەن سۆز-جۈملىلەرنىڭ بىرىكىش قائىدىلىرىدىن ئىبارەت ئىككى يۈرۈش قائىدىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش ۋە نەتىجىلەر خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ مۇھىم قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. چەت ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ئاساسەن غەرب دۆلەتلىرىدە، رۇسىيە ۋە تۈركىيەدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئەھۋال دۇنيا مىقياسىدا كەم ئۇچرايدۇ.

ئومۇمەن، چەت ئەللەردە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ۋە تەتقىقات ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، تىلى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك قورallىق رولىنى ئۆتەيدىغان بولۇپ، بىزنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ۋە رەتلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

## 2. غەرب دۆلەتلىرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار

غەرب دۆلەتلىرىدىكى تۇنجى ئەۋلاد تۈركولوگىيە تىلشۇناسلىرىدىن ۋامبېرىنىڭ (H. Vambery) 1867-يىلى گېرمانىيەدىكى لېيپزىگدا ئېلان قىلىنغان «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات» ( Chagataische Sprachstudien) ناملىق ئەسىرى چەت ئەللەردە دەسلەپتە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكى جۈملىدىن گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. روبېرت شاۋنىڭ (Robert Shaw) 1878-يىلى كالكۇتتادا (Calcutta) ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋە يەكەندە سۆزلىنىدىغان تۈركى تىل» ( Turki language as spoken in Eastern Turkistan [Kashghar and Yarkand]) ناملىق ئەسىرىدە 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا تەۋە بولغان مەزگىلدىكى قەشقەر ۋە يەكەن رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى جۈملىدىن گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر فوينىڭ (Foy.K) 1904-يىلى پىرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «مانى دىنىدىكى پارچە تېكىستلەر ھەققىدە»-Die Sprache der türkischen Turpan ( Fragmenta in) manichäischer Schrift ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى مورفولوگىيەلىك ۋە فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەن. گۇستاف راكۇتىنىڭ ( Gustaf Raquette) 1912-يىلى بېرلىندا ئېلان قىلىنغان «شەرق تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» ( Eastern Turkic Grammar) ناملىق ئەسىرىدە 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ئېلىمىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى چۈشەندۈرۈلگەن. گېرمانىيەلىك ئاتاقلىق تىلشۇناس باڭ (Bang,W ) 1896-يىلىدىن 1934-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرخىل يازما يادىكارلىق تېكىستلىرىگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان بولۇپ ئۇنىڭ 1916-يىلى پىرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلى ئۈستىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقات» (der Türksprachen Studien Zur vergleichenden Grammatik) ناملىق ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. لېكوكنىڭ (A.v.LeCoq) 1919-يىلى ئېلان

قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات» (Kurze Einführung in die uigurische Schriftkunde) ناملىق ئەسىرى دۇنيادا بۈگۈنگە قەدەر ئېلان قىلىنغان بىردىنبىر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت پالېئوگرافىيە ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سالونېننىڭ (Salonen.A) 1936-يىلى فىنلاندىيەدە چىقىدىغان «ئۇگۇر- فىن جەمئىيىتى ژۇرنىلى» (journal de la societe finno -Ougrienne) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى» (über den syntaktischen gebrauch der flexionsendungen der nomina im uigurischen) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. سىنكىنكېۋىچنىڭ (Jakob Schinkewitsch) 1937-يىلى «غەربىي ئاسىيا تەتقىقاتى» (Westasiatische studien) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان « رابغۇزىنىڭ قىساسۇل ئەنبىيا ناملىق ئەسىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە» (Rabguzis Syntax) ناملىق ئەسىرىدە خاقانىيە دەۋرىگە تەۋە بولغان بۇ قەدىمكى ئەسەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. گابائىننىڭ (A.von.Gabain) 1941-يىلى گېرمانىيەدە ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (Alttürkische Grammatik) ناملىق ئەسىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكا تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ، بۇ ئەسەر 1974-يىلى قايتا تۈزىتىلىپ، نەشر قىلىنغاندىن تارتىپ، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن مۇھىم ئىلمىي قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كېلىنمەكتە. بروكلماننىڭ (Brockelmann.C) 1954-گوللاندىيەدىكى لېيدېندە ئېلان قىلىنغان «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام ئەدەبىياتىغا تەۋە بولغان ئەسەرلەردىكى شەرق تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (Osttürkische Grammatik der islamischen literatursprachen mittelasiens) ناملىق ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام يازما يادىكارلىقلىرىدا خاتىرىلەنگەن بارلىق قەدىمكى يېزىق تىلىنىڭ بىر پۈتۈن گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. يانۇس ئېكماننىڭ (Yanus Eckmann) 1966-يىلى ھىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» (chagatai manual) ناملىق ئەسىرىدە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىر پۈتۈن ئالاھىدىلىكلىرى جۈملىدىن گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىكولاس پوپپېنىڭ (N.Poppe) 1966-يىلى ئەنقەرەدە ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بىرىككەن ئىسىملار» (On some Turkic nominal phrases and compound nouns) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋە مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. پېتېر زىمېنىڭ (Peter Zieme) 1969-يىلى گېرمانىيەدە ئېلان قىلىنغان «مانى يېزىقىدا يېزىلغان تۇرپان يازما يادىكارلىقلىرىدىكى قەدىمكى تۈرك تىلى ھەققىدە» (Untersuchungen zur Schrift und Sprache der manichäisch Türkischen Turfantexte) ناملىق ئەسىرى بارلىق مانى يېزىقىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ھەرپ، فونولوگىيە ۋە مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. لارس جونسوننىڭ (Lars Johanson) 1974-يىلى «گېرمانىيە شەرق تەتقىقات جەمئىيىتى» (Zeitschrift der Deutschen Morgenländischen Gesellschaft) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئېنىقلىغۇچى تەركىبلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسى» (Zur Syntax der Alttürkischen kausativa) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېنىقلىغۇچىلىق رولىنى ئۆتەيدىغان تەركىبلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. مارسېل ئېردالنىڭ (Marcel Erdal) 1976-يىلى ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى دەرىجە ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى» (Case and Voice in Old Turkish) ناملىق

دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش قوشۇمچىلىرى ۋە دەرىجە كاتېگورىيەسى تونۇشتۇرۇلغان. سىكۇلىزنىڭ (Schulz.P) 1978 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ھەرىكەتنام ۋە رەۋىشداشلار ھەققىدە» (verbalnomina und konverbien als adverbiale Erganzungen Altturkischen) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى رەۋىشداش ۋە ھەرىكەتناملارنىڭ ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. مارسېل ئېردالنىڭ (Marcel Erdal) 1979 ـ يىلى گېرمانىيەدە ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى» (die morphemfuge im Alttürkischen ) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. دورفېرنىڭ (Doerfer) 1983 ـ يىلى ئىستانبۇلدىكى «مىللەتلەر ئارا تۈركولوگىيە قۇرۇلتىيى» (Milletlerarasi Türkoloji Kongresi) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ھەققىدە» ( Die Lanze und der Alttürkische genitive) ناملىق ئەسىرىدە ۋە 1990 ـ يىلى بۇداپېشتتا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ھەققىدە» (Zum sogenannten Akkusativ vor postpositionen) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا خاتىرىلەنگەن ئىگىلىك كېلىش ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى تونۇشتۇرۇلغان. رۆھبورننىڭ (Röhrborn.K) 1983 ـ يىلى گېرمانىيەدە چىقىدىغان «تۈركى تىللارغا ئائىت ماتېرىياللار» (Materialia Turcica) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ھىندى تىللىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدە» (Syntaktisches Verhalten der indischen Fremdwörter im Alttürkischen ) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ھىندى تىللىرىدىن كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيىتى چۈشەندۈرۈلگەن. مارسېل ئېردالنىڭ (Marcel Erdal) 1991 ـ يىلى گېرمانىيەدە ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى» (Old Turkic Word Formation) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش ۋە تۈرلىنىش ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەسى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كلاركنىڭ (Clark. L.V) 1996 ـ يىلى فىنلاندىيەدە چىقىدىغان «ئۇگور ـ فىن جەمئىيىتى ژۇرنىلى» (journal de la societe finno ـOugrienne) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە سېرىق ئۇيغۇر تىلىدىكى سانلار ھەققىدە» ( The early Turkic and Sarig Yugur Counting Systems) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇرلار تىلىدىكى سانلارنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى توغرىسىدا قايىل قىلارلىق نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. لارس جونسون (Lars Johanson) ۋە ئېۋا ساتو (Eva Csato) قاتارلىقلار تەرىپىدىن 1998 ـ يىلى لوندون ۋە نيۇيوركتا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلى» ( The Turkic Language) ناملىق ئەسەر، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى مەزمۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مارسېل ئېردالنىڭ (Marcel Erdal) 2004 ـ يىلى بېلگىيەدە ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» ( A Grammar of Old Turkic) ناملىق چوڭ ھەجىملىك تەتقىقات ئەسىرى بىر پۈتۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىيەلىك، سىنتاكسىسلىق، فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەر بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكا تەتقىقاتىدىكى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3. رۇسىيەدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار

رۇسىيەدىكى مەشھۇر تىلشۇناس رادلوفنىڭ (Radloff.W) 1897 ـ يىلى سانكت پېتربورىكتا ئېلان قىلىنغان « ئورقۇن ـ يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا خاتىرىلەنگەن قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ تەسۋىرى گىراماتىكىسى» (Inschriften Grammatische Skizze der alttürkischen) ناملىق ئەسىرى ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا

خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى تۇنجى بولۇپ ئىزاھلانغان ئەسەر بولۇپ، بۇ
ئەسەر رۇسىيەدە بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
رۇسىيەدىكى تىلشۇناسلاردىن تېنىشېفنىڭ (Tenišev.È.R) 1953-يىلى لېنىنگرات ئۇنىۋېرسىتېتى شەرق تەتقىقات
فاكۇلتېتىدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇقنىڭ گىراماتىكىسى» Грамматический
“Золотой блеск” (очерк Древниеуйгурского языка) ناملىق كاندىدات دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە
ماقالىسى بۇ دۆلەتتە رادلوفنىڭ ئەسەرلىرىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن بىر قەدەر مۇھىم بولغان، قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ئەسىردە رۇسىيەدە ساقلانغان قەدىمكى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى ئالتۇن يارۇقنىڭ ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي
چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا 50-يىللاردىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى تىلشۇناسلاردىن ناسىلوفنىڭ
(Nasilov.D.M)1958-يىلى «شەرق تىل ۋە ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى» ( вопросы языка и литературы стран
востока ) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملار» (имена языка Вуйгурском)
ناملىق ئەسىرىدە ۋە 1961-يىلى «ئۆزبېك تىلى ۋە ئەدەبىياتى مەسىلىلىرى» (озбек тили ве едебияти
масалалари) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ئورقۇن-يېنسەي مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىكى رەۋىشداشلار
كاتېگورىيەسى» (Yenisey ve Orhun Yadgarliklerideg revišdaš kategoriyasi) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەدىمكى
ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ مورفولوگىيەلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختالغان. شېرباخنىڭ
(ščerbak.A.M)1961-يىلى موسكۋادا ئېلان قىلىنغان «10-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر
تىلى يازما يادىكارلىق تېكىستلىرىنىڭ گىراماتىكىسى» ( Грамматический очерк языка тюркских текстов
vv из восточной туркестанаXIII-X ) ناملىق ئەسىرىدە 10- ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە بولغان دەۋرگە تەۋە
بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن.
ئامانزولوفنىڭ (Amanzolov.A.S) 1963-يىلى موسكۋادا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى پېئىللارنىڭ
رولى» (управление в языка древнетюркской письменности глагольное) ناملىق ئەسىرىدە ۋە
ئەخمەتوفنىڭ (Ahmetov.M.A) 1969-يىلى موسكۋادا ئېلان قىلىنغان «ئورقۇن-يېنسەي يازما
يادىكارلىقلىرىدىكى پېئىللار» (глагол в языка орхоно-енисейскихпамятников) قاتارلىق ئەسەرلەردە
ئورقۇن ئابىدىلىرىدە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن.
كوندراتېۋنىڭ (V.G.Kondratev) 1970- يىلى لېنىنگرات ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى
(издательстволенинградского Университета) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلى
گىراماتىكىسى» (очерк грамматики древнетюркской языка) ناملىق ئەسىرى، ئابدۇراخمانوف
(Abduraxmanof) ۋە شۇكۇروفلارنىڭ (Shokurov) 1973-يىلى تاشكەنتتە ئېلان قىلىنغان «ئۆزبېك تىلىنىڭ
تارىخى گىراماتىكىسى» (Ozbek tilining Tarixi Grammatikasi) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى
گىراماتىكىسىنىڭ تارىخى ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. شىرۋاشىدىزىنىڭ (šervašidze.I.N) 1978-
يىلى «سوۋېت تۈركولوگىيەسى» (Советская Тюркология) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «تۈرك-رونىك
يېزىقىدا يېزىلغان يادىكارلىقلاردىكى پېئىللار ھەققىدە» (формы глагола в языке тюркских рунических
надписейАналитические) ناملىق ئەسىرىدە ئورقۇن ئابىدىلىرىدە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى
پېئىللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرگەن. كونونوۋنىڭ (A.N.Kononov) 1980-يىلى موسكۋادا چىقىدىغان
«ئىلىم-پەن» (наука) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «7-ئەسىردىن 9-ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى مەڭگۈ
تاشلاردىكى تۈرك- رونىك يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ گىراماتىكىسى» ( грамматика языка
vvIX-VII тюркских рунических памятников) ناملىق ئەسىرىدە ئورقۇن مەڭگۈ تاش ئابىدىلىرىدە
خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. تۇگۇشېۋانىڭ

(Tuguševa.L) 1986-يىلى لېنىنگراتتا چىقىدىغان «تۈركولوگىيە» (Turkologica) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە كۆرۈلگەن «ئالماش سۆزى‹ ol › ھەققىدە» ( ол в раннесредневековом уйгурском литературном языке) ناملىق ئەسىرىدە بۇ سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق رولى ۋە مەنىسى چۈشەندۈرۈلگەن. تېنىشېفنىڭ (Tenišev.E.R) 1988-يىلى موسكۋادا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىللىرىنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما گىراماتىكىسى» (языкоv морфологиясравнительно историческая грамматика тюркских) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان.

## 4. تۈركىيەدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار

تۈركىيەلىك تىلشۇناسلاردىن رەشىت رەھمەتى ئارات (R.R.Arat)، سائادەت چاغاتاي (S.Ĉağatay)، ھۈسىيىن نامىق ئورقۇن (H.N.Orhun)، بەسىم ئاتالاي (Besim Atalay)، كىلىسلى رىفات (Kilisli Rifat) قاتارلىق كىشىلەر بۇ دۆلەتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئاساس سالغۇچىلار بولۇپ، رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ (R.R.Arat) 1928-يىلىدىكى «ئالتاي- تۈركى تىللىرىدىكى ياردەمچى پېئىللار ۋە ئىسىمداشلار» (Auxiliary verbs and converbs in Altay Turkic) ناملىق دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى، سائادەت چاغاتاينىڭ (S.Ĉağatay) 1933-يىلىدىكى «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى» (On Word Formation of Old Turkic) ناملىق دىسسېرتاتسىيە ماقالىسى، ھۈسىيىن نامىق ئورقۇننىڭ (Orhun.N.H) 1936-يىلى ئىستانبۇلدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك يادىكارلىقلىرى» (Eski Türk Yazitlari) ناملىق ئەسىرى قاتارلىقلار بۇ دۆلەتتە ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسىغا ئائىت مۇھىم تەتقىقات نەتىجىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ دۆلەتتىكى يېڭى بىر ئەۋلاد تۈركولوگلاردىن مەنسۇر ئوغلۇنىڭ (M.Mansuroglu) 1953-يىلى ئىستانبۇلدا چىقىدىغان «تۈركى تىللار مەجمۇئەسى» (Türkiyat Mecmuasi) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى gU[1]ـ قوشۇمچىسىنىڭ رولى ھەققىدە» (Türkčede ـgU Ekinin Fonksiyonlari) ناملىق ئەسىرى ۋە 1958-يىلى ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ـgay/ـgäy قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە» (Türkčede ـgay/gäy Ekive Türemeleri) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. شىنات تېكىننىڭ (š. Tekin) 1965-يىلى «تۈركى تىللار تەتقىقاتى يىللىقى» (Turk dilleri Arastirmalari yilligi) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى جۈملىلەر ھەققىدە تەتقىقات» (Uygurcada yadimci cümleler üzerine bir deneme) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى جۈملىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. تالات تېكىننىڭ (Talat. Tekin) 1968-يىلى ھىندىيانا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى (Indiana University publication) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئورقۇن تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (A Grammar of Orkhon Turkic) ناملىق ئەسىرىدە بۇ بۆلەك تىلنىڭ مورفولوگىيەلىك ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، خاس ئىسىملارنى، ئىزاھاتلارنى ۋە تېكىستلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئەرئارسلان كامالنىڭ (Eraslan Kemal) 1980-يىلى ئىستانبۇلدا ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئىسىمداشلار» (Eski Turkčede Isim fiiller) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىمداشلارنىڭ گىراماتىكىلىق رولى ۋە ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. ئەرجىلاسۇننىڭ (Ercilasun.A.B) 1984-يىلى ئەنقەرەدە ئېلان قىلىنغان « قۇتادغۇبىلىكنىڭ گىراماتىكىسى (پېئىللار ھەققىدە)» (Kutadgu Bilig Grameri [fiil]) ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان بۇ يېتۈك ئەسەردە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق رولى ۋە ئالاھىدىلىكى تونۇشتۇرۇلغان. تالات تېكىننىڭ (Talat Tekin) 1985-يىلى ئىستانبۇلدىكى «خەلقئارا تۈركولوگىيە قۇرۇلتىيى» (Milletlerarasi Türkoloji Kongresi) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «äüz سۆزى ھەققىدە» (äzü zarfi hakkinda) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى äzü سۆزىدىكى ä نى ئورۇن پەيت كېلىش قوشۇمچىسى،- دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بارۇتچۇنىڭ (Barutču.S)

1992-يىلى «تۈركولوگىيە ژۇرنىلىدا» (Turkoloji Dergisi) ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ۋە kelti neluk سۆزلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» (Eski Turkče neluk kelti kelimeleri üzerine) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق كاتېگورىيەسى ۋە ئېتىمولوگىيەلىك مەنبەسى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ بۇ سۆزلەرنىڭ ئالماش خاراكتېرلىك سۆز تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. تالات تېكىننىڭ (Talat Tekin) 1991-يىلى گېرمانىيەدە ئېلان قىلىنغان «ئورقۇن تۈرك تىلىدىكى ئەگەشمە كېلىش ھەققىدە» (The Comitative Case in Orhon Turkic) ناملىق ئەسىرى ۋە 1996- يىلى تۈركىيەدە ئېلان قىلىنغان «قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئورۇن-پەيت كېلىش قوشۇمچىسى ھەققىدە» (On the Old Turkic Dative-Locative Suffix) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئورقۇن مەڭگۈ تاش يازما يادىكارلىقلىرىدىكى ئەگەشمە كېلىش قوشۇمچىسى مۇڭغۇل تىلىدىكى ئوخشاش رولدىكى كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئارقا قوشۇلغۇچى قوشۇمچە +lXg[2] بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن-پەيت كېلىش قوشۇمچىسى مۇڭغۇل تىلىدىكى شۇ خىل كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە، دېگەندەك ئىبارەت قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھاجى ئەمىن ئوغلۇنىڭ (Haciemirioğlu. N) 1996-يىلى «تۈرك جەمئىيىتى ژۇرنىلى» (Turk Dil Kurumu Yayinlari) ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان «خاقانىيە تۈركچىسى گىراماتىكىسى» (Karahanli Turkčesi Grameri) ناملىق ئەسىرىدە بىر پۈتۈن قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلار تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى تونۇشتۇرۇلغان. نەسرىن بايراقدارنىڭ (Nesrin Bayraktar) 2004-يىلى ئەنقەرەدە ئېلان قىلىنغان « قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ئىسىمداشلار» (Eski Turkčede Isim fiiller) ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل سۆز تۈركۈمىنىڭ ئالاھىدىلىكى چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، بۇلار بۇ دۆلەتتىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نەتىجىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلار چەت-ئەللەردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىسى ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلغان، گەۋدىلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى بولۇپ، بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە ئەسەرلەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرى بىزنىڭ ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ۋە تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچە بولۇپ چوڭ U ھەرپى (ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ) لەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

[2] +lXg: قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى كۆپ ۋارىيانتلىق قوشۇمچە بولۇپ، چوڭ X ھەرپى (ئا، ئە، ئې، ئى، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ) لەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.


[3]牛汝极：《维吾尔古文字与古文献导论》[M],《新疆人民出版社》1997年，第13-14页。

[4]A.冯.加班：（德国），耿世民译：《古代突厥语语法》[M],《内蒙古教育出版》2004年，第299页。

[5]李增祥：《突厥语言概论》[M]，《中央民族学院出版社》1992年5月，第260-263页。

[6]张铁山：《回鹘文献语言的结构特点》[M],《中央民族大版社》。2005年，第25-26页。

[7] Marcel Erdal：《A Grammar Of Old Turkic》[M], Brill Leidee, Boston（25-31）.

[8] Talat.Tekin：《üza zarfi hakkinda》[J],《Milletler arasi Türkoloji Kongresi》（Istanbul）1985（253—260）.

[9] تۇرنىسا روزى، ياسىن تۇرسۇن: «چەت ئەللەردىكى تىلشۇناسلىق ۋە ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» [M] ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى». 2003-يىلى 9-ئاي، 500—499-بەت .

[10] خەمىت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» (مورفولوگىيە)[M] ، «مىللەتلەر نەشرىياتى». 1987-يىلى 1-بەت .


جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2011) 01-084-08

# «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئىپادىلەنگەن «كۆككە ئۇچۇش» تەسەۋۋۇرى ھەققىدە*

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى، 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: قۇشلار ھەمدە ھاشاراتلەرنىڭ قانات قېقىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىش ھەرىكىتى-ئۇچۇش دېيىلىدۇ.ئىنسانلارنىڭ ئايروپىلاندىن ئىبارەت ئۇچۇش قورالىنى ياساپ، كۆكتە پەرۋاز قىلغانلىقىغا 100يىلدەك ۋاقىت بولدى.بۇ ماقالىدە بۇنىڭدىن مۇقەددەم 1000 يىللار ئىلگىرى قەلەمگە ئېلىنغان«قۇتادغۇبىلىك»داستانىدا ئىنسانلارنىڭ بىلىم ئىگىلىگەندىلا، كۆكتە پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت تەسەۋۋۇرنىڭ بارلىقى سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ.

**摘要：** 鸟和昆虫在空中振翅移动叫做飞。人类制造飞机这样的飞行工具在空中飞行已有约百年之久了。本文运用比较研究法研究距今约 1000 年前落笔书成的长诗《福乐智慧》中关于人掌握了知识以后即能在空中翱翔的描写。

**Abstract:** The behavior of the birds and insects opening out the wings in the sky is called flying. Human beings have flown in the sky using such man-made aircrafts as aeroplane for nearly a century. But about a thousand years ago, there exists such comparison that one can "fly" in the blue, only if he/she acquired enough knowledge in the dastan of *Wisdom of Royal Glory*.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: I222 ماتېرىيال بەلگىسى: A

بۇ دۇنيا ئاجايىپ-غارايىپ سىرلارغا تولغان بولۇپ، ئىنسانلار يارالغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر، ئەشۇ سىرلار ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز توختىلىۋاتقان «ئىنسانلارنىڭ كۆككە ئۇچۇشى» ئەشۇ سىرلار ئىچىدىكى بىرى بولۇپ، 1900-يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا ئامېرىكىلىق ئاكا-ئۇكا رايتلارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە بۇ سىرلارنىڭ چۈمپەردىسى ئېچىلدى[1].ئىنسانلارنىڭ كۆككە ئۇچۇش ئارزۇسى رېئاللىققا ئايلانغاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە ئۆزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىلىپ، تېخنىكا يېڭىلىنىپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۆزى ياسىغان ئۇچۇش قورالى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىگە بارالايدىغان بولغان. جۈملىدىن، ئايروپىلان ئەڭ دەسلەپكى بىر ياكى بىر نەچچىلا ئادەم ئولتۇرالايدىغان ھالەتتىن، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، قايتا-قايتا ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلۈپ، ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە، 800دەك ئادەم ئولتۇرغىلى بولىدىغان«A380»بەلگىلىك يولۇچىلار ئايروپىلانلىرى ياسىلىپ، خەلق ئاۋىئاتسىيىسىدە ۋەزىپە ئۆتەش دەرىجىسىگە يېتىپ يەتكەن. قىسقىسى، ئايروپىلان دۇنياغا كېلىپ ھازىرغا قەدەر، كىشىلەر ئۇنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى تۈرلىرىنى ياساپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش،

---

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11- ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى(1951-يىلى6-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىراتىدا مۇھەررىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرى ۋە باشقا ساھەلەردە كەڭ، ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىپ كېلىنىشۋاتىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئۇچۇشنى ئارزۇ قىلغانلىقى ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەنگەنلىكى ھەققىدە بىرەر ئېنىق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. ئۇچۇشنى ئارزۇ قىلغان دېيىشكە توغرا كەلسە، يۇنان-رىم ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى هارۋىدا ئولتۇرۇپ سامادا ئۇچقاندەك ماڭغانلىقىنى[2]، دۇنخۇاڭ، كۇسەن تام رەسىملىرىدىكى ساھىبجامالىلارنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى[3]، ئەپسانىلەردىكى ئالاھىدىن ئىسىملىك بىرەيلەننىڭ «ئۇچار گىلەم» گە ئولتۇرۇپ، ئاسمانغا سەپەر قىلغانلىقى[4]، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان، بىر يىگىتنىڭ «ئوڭ قولىقىنى بۇرىسا ئېگىزگە كۆتۈرۈلىدىغان، سول قولىقىنى بۇرىسا تۆۋەنگە چۈشىدىغان ئاتقا مىنىپ، پادىشاھنىڭ ئادىمزاتتىن قاچۇرۇپ، مۇئەللەقتە ياسالغان ھۇجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان مەلىكىسىنىڭ يېنىغا چىققانلىقى»...قاتارلىقلارنى دېيىشكە بولىدۇ.گەرچە، بۇلار ئىنسانلارنىڭ كۆككە ئۇچۇشتەك ئارزۇسىنى ياكى تەسەۋۋۇرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق، بۇ خىل ئۇچۇشلارنىڭ نېمىگە تايىنىپ ۋە قانداق ئۇچىدىغانلىقىنىڭ تەسەۋۋۇر ئاساسىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

تېمىمىزغا كەلسەك، تېمىنىڭ ئۆزىدە «كۆك، ئۇچۇش ياكى ئۇچماق، تەسەۋۋۇر» قاتارلىق سۆزلەر ئۇچرايدۇ. بىز بۈگۈنكى دەۋردە تۇرۇپ، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان مۇئەللىپنىڭ ئىدىيىسى ياكى تەسەۋۋۇرىنى مۇلاھىزە قىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ سۆزگە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.

1) «كۆك»-يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان ھاۋا قاتلىمى، ئاسمان:كۆكتە پەرۋاز قىلماق، كۆككە كۆتۈرۈلمەك[5]، يۇقىرىدىكى تەبىرگە قارايدىغان بولساق،«كۆك»نىڭ بىز دەسسەپ تۇرۇۋاتقان يەر يەنى زېمىننىڭ قارىمۇ-قارشىسى بولغان ئاسمان بوشلۇقىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

2) «ئۇچۇش ياكى ئۇچماق»-1› قۇشلار ھەمدە ھاشاراتلەرنىڭ كۆكتە قانات قېقىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ[6]. 2›قانات ياكى باشقا ۋاستە بىلەن كۆككە ئۆرلىمەك، ھاۋادا ھەرىكەت قىلماق[7].

يۇقىرىدىكى تەبىرگە قارايدىغان بولساق، بىز دەسسەپ تۇرىۋاتقان يەنى زېمىننىڭ قارىمۇ-قارشىسى بولغان ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇشنىڭ، پەقەت قانىتى بولغان ھەمدە قانىتىنى قېقىش ئارقىلىق يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى يېڭىپ، بوشلۇقتا ئەركىن پەرۋاز قىلالايدىغان قۇشلار بىلەن ھاشاراتلەرنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز.

3) «تەسەۋۋۇر»-كۆز ئالدىدا مەۋجۇت بولمىغان شەيئىلەرنىڭ كونكرېت ئوبرازىنى ئويلاپ چىقىش[8].يۇقىرىدا،«كۆك»،«ئۇچۇش - ئۇچماق»، «تەسەۋۋۇر» سۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىزاھاتلارنى(تەبىرلەرنى)كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنداقتا، يۇقىرىدا ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشاشمۇ-ئەمەسمۇ؟بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى بېيىتلارغا قاراساق ئاندىن قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز.

خۇددى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلار ھازىرقى دەۋردە تۇرۇپ، سېلىشتۇرۇلۇپ، تەتقىق قىلىنىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزگە زۆرۈر بولغان بېيىتلارنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ترانسكرىپسىيەلەپ، داستاندىكى رەت نومۇرى بويىچە ئېلىشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن نەزمىي يەشمىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۇق ھەمدە شۇنداق بولغاندا، بۇ ماقالىغا كىرگۈزۈلگەن بېيىتلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ،-دەپ ھېسابلىدۇق.

ئالدى بىلەن يەرنىڭ قارىمۇ-قارشىسى بولغان ئاسمان بوشلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەزمۇندىكى بېيىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. مەن دەسلەپىدە بۇ ھەقتىكى بېيىتلار بىر قەدەر كۆپ، شۇڭا، ئۇلارنىڭ«قۇتادغۇبىلىك»داستانىدىكى ئورنىنى بىلدۈرىدىغان نومۇر تەرتىپىنى كۆرسىتىپ ئۆتسەملا بولار،-دىگەن قاراشتىمۇ بولغان ئىدىم .بىراق، بۇنداق قىلىش ئىلمىي تەتقىقات ئۇسلۇبى بىلەن مېتودىغا

مۇخالىپ بولغاچقا، شۇ بېيىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشنى توغرا كۆردۇم. ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بولغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، بەزى بېيىتلاردا «ئاسمان بوشلۇقى» نى بىلدۈرىدىغان مەزمۇن بىلەن «ئۇچۇش» نى بىلدۈرىدىغان مەزمۇن تەڭلا ئۇچرايدۇ. بۇ خىلدىكى بېيىتلاردىن «ئاسمان بوشلۇقى» نى بىلدۈرىدىغان مەزمۇن ئالدىدا كەلگەن بولسا، ئۇ بېيىتلارنى «ئاسمان بوشلۇقى» نى بىلدۈرىدىغان بۆلەككە ئورۇنلاشتۇردۇم. «ئۇچۇش» نى بىلدۈرىدىغان مەزمۇن ئالدىدا كەلگەن بولسا، ئۇ بېيىتلارنى «ئۇچۇش» نى بىلدۈرىدىغان بۆلەككە ئورۇنلاشتۇردۇم .تۆۋەندە «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان بېيىتلارغا قاراپ باقايلى:

3 ياغىز يەر ياشىل كۆك كۈن ئاي بىرلە تۈن
تۆرۈتتى خەلايىق ئۆد ئۆدلەك بۈكۈن

نەزمە يەشمىسى:

قوڭۇر يەر ،يېشىل كۆك ،كۈن، ئاي بىرلە تۈن،
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.

22 ياشىل كۆك بەزەدىڭ تۈمەن يۇلدۇزۇڭ
قارا تۈن يارۇتتۇڭ يارۇق كۈندۈزۈڭ

نەزمىي يەشمىسى:

بېزەتتىڭ يېشىل كۆكنى يۇلتۇز بىلە،
يورۇتتۇڭ قارا تۈننى كۈندۈز بىلەن.

24 ئەدىز ئەرشتە ئالتىن سەراقى تەگى
تۆزۈ بارچا مۇڭلۇغ ساڭا ئاي ئىدى

نەزمىي يەشمىسى:

ئېگىز ئەرش ئۈستىدىن يەر ئاستىغا تا،
پۈتۈن بارچە مۇھتاج ئەي ئىگەم ساڭا.

44 ياغىز يەر ياشىل كۆكتە ئەردى كۆسۈش
ئاڭا بەردى تەڭرى ئاغىرلىق ئۆكۈش

نەزمىي يەشمىسى:

قوڭۇر يەر، يېشىل كۆكتە ئەردى ئەزىز،
ئاڭا بەردى تەڭرى قىممەت ئېيتقۇسىز.

74 كۆكىش تۇرنا كۆكتە ئۈنۈن ياڭقۇلار
تىزىلمىش تىتىرتەگ ئۇچار يەلكۈرەر

نەزمىي يەشمىسى:

تىزىلغان تۆگىدەك كۆكىش تۇرنىلار،
ئۇچار، يەلپۈنەر ھەم ئۈنىنى ياڭرىتار.

126 ياراتتى كۈر ئەۋرەن تۇچى ئەۋرىلۈر
ئانىڭ بىرلە تەزگىنچ يېمە تەزگىنۈر

نەزمىي يەشمىسى:

ياراتتى پەلەك، كۈر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.

127 ياشىل كۆك ياراتتى ئۆزە يۇلدۇزى
قارا تۈن تۆرۈتتى يارۇق كۈندۈزى

نەزمىي يەشمىسى:

ياراتتى يېشىل كۆكتە يۇلتۇزنى ئۇ،
ياراتتى قارا تۈن ۋە كۈندۈزنى ئۇ.

128 بۇ كۆكتەكى يۇلدۇز بىر ئانچا بەزەك
بىر ئانچا قۇلاۋۇز بىر ئانچا يەزەك

نەزمىي يەشمىسى:

كۆكتىكى يۇلتۇزلار بەزمىسى بېزەك،
يول باشلار بەزىسى، بەزىسى يەزەك.

210 ياشىل كۆكتىن ئىندى ياغىز يەركە سۆز
سۆزى بىرلە يالڭۇق ئاغىر قىلدى ئۆز

نەزمىي يەشمىسى:

يېشىل كۆكتىن ئىندى قوڭۇر يەرگە سۆز،
كىشى تاپتى قىممەت سۆزى بىرلە ئۆز.

1002 سۆز ئاسغى بىلە كۆر ياغىز يەردەكى
ياشىل كۆككە يوقلار بولۇپ تۆردەكى

نەزمىي يەشمىسى:

بۇ سۆز نەپئى بىرلە قوڭۇر يەردىكى-
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ،بولۇر تۆردىكى.

1003 قالى سۆزلە يۇ بىلمەسە تىل سۆزۈگ
ياشىل كۆكتە ئەرسە كۆر ئىندرۇر ئۆزۈگ

نەزمىي يەشمىسى:

نىچۇك سۆزقىلىشنى گەرتىل بىلمىسە،
ئۆزىنى پەسلىتەر،ئاسماندا ئىسە.

1029 بۇ سۆزلەر ئەشتتى سەۋىندى ئېلىگ
كۆزۈن كۆككە تىكتى كۆتۈردى ئەلىگ
نەزمىي يەشمىسى:
بۇ سۆزنى ئىشتىپ سۆيۈندى ئېلىگ،
كۆزىن تىكتى كۆككە، كۆتەردى ئىلىگ

1124 ئاز ئەدگۈكە تەگسە ئۇنىتۇر ئۆزىن
ياشىل كۆكتە ئۈستۈن يورىتۇر سۆزىن
نەزمىي يەشمىسى:
بىر ئاز ياخشىلىق كۆرسە ئۇنىتار ئۆزىن،
يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن يۈرۈتەر سۆزىن.

1151 كۆزىن كۆككە تىكتى ئايۇر ئاي ئىدىم
سەنىڭدە ئادىن مەن ئىدى بىلمەدىم
نەزمىي يەشمىسى:
كۆزىن كۆككە تىكىپ، دىدى:ئەي ئىگەم،
سېنىڭدىن بۆلەك يوق ئىگە ماڭا ھەم.

1249 ئەشتتى كۆر ئاي تولدى ئوغلى سۆزىن
كۆتۈردى ئەلىگ كۆككە تىكتى كۆزىن
نەزمىي يەشمىسى:
ئىشتتى بۇ ئايتولدى ئوغلى سۆزىن،
كۆتەردى قولىن، كۆككە تىكتى كۆزىن.

1518 بە خىل قولدى بارچا قاداشلارقا ئول
تىلەربولدى جانى ياشىل كۆككە ئول
نەزمىي يەشمىسى:
رىزالىق تىلەدى يېقىنلاردىن ئول،
ئالۇر بولدى جانى يېشىل كۆككە يول.

1519 كۆزىن كۆككە تىكتى كۆتۈردى ئەلىگ
شەھادەت بىلە كەستى تەپرەر تىلىگ
نەزمىي يەشمىسى:
كۆزىن كۆككە تىكتى كۆتەردى قولىن،
شاھادەت بىلەن كەستى تەبرەر تىلىن.

1763 يەتەر ئول بىلىكسىز بارىر بو ئوتۇن
ئىشى بارچا بۇزلۇر قۇپار كۆك تۈتۈن
نەزمىي يەشمىسى:
بۇ نادان بىلىمسىز يېتەكلەپ بارار،
بۇزۇلۇر ئىشى، كۆك تۈتۈنلەر قوپار.

1783 كۆزىن كۆككە تىكتى كۆتۈردى ئەلىگ
ئايۇر ئاي ئىدىم سەن بېرىگلى بىلىك
نەزمىي يەشمىسى:
كۆزىن كۆككە، كۆتەردى ئىلىگ،
دىدى: ئى ئىگەمسەن، بېرەرسەن بىلىك.

2452 بىلىكسىز كىشى ئول قۇرۇغ سىر بەدىز
بىلىكلىگ كىشى ئورنى كۆكتە ئەدىز
نەزمىي يەشمىسى:
قۇرۇق بىر بوياقلىق ھەرىكەل-ئىلىمسىز،
بىلىملىك كىشى ئورنى-كۆكتە-ئىگىز.

3072 كىمنىڭ بىرلە دەۋلەت ياراشسا كەلىپ
باشىن كۆككە تەگرۈر يوقارۇ قىلىپ
نەزمىي يەشمىسى:
بۇ دەۋلەت، ئۇ، كىملەر ياراشسا كېلىپ،
بېشىن كۆككە كۆتەرۈر يۇقۇرى قىلىپ.

3193 ياشىل كۆك ياراتتى يارۇتتى كۈن ئاي
قارا تۈن يارۇق كۈن ساقىشلىغ يىل ئاي
نەزمىي يەشمىسى:
يېشىل كۆك ياراتتى، يورۇتتى كۈن، ئاي،
قاراتۈن، يورۇق كۈن، ساناقلىق يىل، ئاي.

3463 بۇ كۆك تىرگۈكى ئول كۈنىلىك تۆرۈ
تۆرۈ ئارتاسا كۆك تۇرۇماز ئۆرۈ
نەزمىي يەشمىسى:
ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3717 ياغىز يېر ياشىل كۆك ياراتتى كۈن ئاي
قاراڭقۇ يارۇقلۇق چىغاي تۈت يا باي

نەزمىي يەشمىسى:
ياراتتى قوڭۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي،
قاراڭغۇ، يورۇقلۇق، پېقىر ياكى باي.

3724 ياشىل كۆك تۆرەتتى كۆتۈردى ئەدىز
كۈن ئاي بىرلە يۇلدۇز بەزەدى بەدىز
نەزمىي يەشمىسى:
يېشىل كۆك ياراتتى ئېگىز كۆتىرىپ،
كۈن-ئاي ھەممە يۇلتۇزلە زىننەت بېرىپ.

4381 يانا جەم-ئۇ تەفرىق مىساھەتقا ئۆت
يېتى قات فەلەكنى ياتۇ يامچا تۇت
نەزمىي يەشمىسى:
يەنە جەمئى تەفرىق، مىساھەتكە ئۆت،
يەتتە قات پەلەكنى بىرتال چۆپكە تۇت.

471 قانى ئول ئوتۇن ئىت بۇ دۇنيا بولۇپ
ياشىل كۆككە سۆندى قاراقۇش مۇنۇپ
نەزمىي يەشمىسى:
قېنى ئۇ گۇستاخ ئىت دۇنيا دەپ يۈرۈپ،
يېشىل كۆككە ئۇچقان قاراقۇش مىنىپ؟

4844 ئازئەدگۈكە يالڭۇق ئۇنىتۇر ئۆزىن
ياشىل كۆكتە ئۇستۇن يورىتۇر سۆزىن
نەزمىي يەشمىسى:
بىر ئاز بەختكە ئىنسان ئۇنۇتار ئۆزىن،
يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن يۈرىتەر سۆزىن.

4886 تۆكەل زەنگى يۈزى ئۇرۇندى قالىق
ئۇچار تىندى قودتى يورىغلى يورىق
نەزمىي يەشمىسى:
بولۇپ زەڭگى يۈزى پۈتۈن ئاسمان،
تىنىپ قۇشلار، ياتتى ھەممە ماڭار جان.

5378 قالىقتا ئۇچۇغلى قاراقۇش يورى
سىنىڭدىن كەچۈمەز ئاي كۆك بۆرى
نەزمىي يەشمىسى:
ھاۋادا ئۇچار قاراقۇش تويلىرى،
قاچالماس سىنىڭدىن، ئايا كۆك بۆرى.

5600 كۆنىلىك ئۇچۇن كۆك ئاداقىن تۇرۇر
يايىلماز ئۇچۇن يېردە ئوت يېم ئۆنۈر
نەزمىي يەشمىسى:
دۇرۇسلۇق ئۇچۇن كۆك ئاياقتا تۇرۇر،
تەۋرەنمەس ئۇچۇن يەردە ئوت-چۆپ ئۈنۈر.

6036 ئانىڭدا باسا كۆككە ئۇچتۇم تەڭىپ
ئۆزۈم بەلگۈسىز بولدى ئۆرلەپ سىڭىپ
نەزمىي يەشمىسى:
كېيىن كۆككە ئۇچتۇم، ئېگىز يۈكسىلىپ،
يوقالدىم ئۆزۈم ئۇندا ئۆرلەپ سىڭىپ.

6149 سۇنۇپ تۇتسا ئەلگىڭ ئەگەر كۆك كۆزىن
باشىڭ كۆككە تەگسە يانايېردە سەن
نەزمىي يەشمىسى:
قولۇڭ يەتكەندىمۇ يۇلتۇزغا ھامان،
بېشىڭ كۆككە تەگسە، ئورۇن ساڭا يار.

6217 كۆزىن كۆككە تىكتى باقا تۇردى كېچ
قاراتۇن تۇنەردى يارۇمادى ھېچ
نەزمىي يەشمىسى:
كۆزىن كۆككە تىكتى قارادى ئۇزۇن،
ھېچ يورۇي دىمىدى، قارا ئىدى تۈن.

6218 ياتىپ باردى ئازراق ئورۇندى تۇرۇپ
ياشىل كۆككە باقتى يوقارۇكۆرۈپ
نەزمىي يەشمىسى:
يېتىپ ئالدى ئازراق ئويغاندى تۇرۇپ،
يېشىل كۆككە باقتى بېشىن كۆتۈرۈپ.

6550 يا ئىسا بولۇپ كۆككە ئاغدۇرىم تاقى مەن،
يا نۇشىن راۋان تەگ تۆرۈ تۆز يورىتىتىم.
نەزمىي يەشمىسى :
بولۇپ ياكى ئەيسا ئۇچۇپ كۆككە چىقتىم،
يا نۇشىرىۋاندەك قانۇن ئەدىل يۈرۈتتىم.

يۇقىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى ئاسمان بوشلۇقىنى بىلدۈرىدىغان مەزمۇندىكى بېيىتلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە «ئۇچۇش ياكى ئۇچماق»نى بىلدۈرىدىغان مەزمۇندىكى بېيىتلارنى كۆرۈپ باقايلى:

23 ئۇچۇغلى يورىغلى تىنىغلى نەچە
تىرىلگۈ سەنىڭدىن بولۇپ يەر ئىچە
نەزمىي يەشمىسى :
ئۇچارلىق، ماڭارلىق، تىنارلىقكى بار،
سېنىڭدىن ئىچىپ، يەپ تىرىكلىك قىلار.

231 يىگىتلىك قاچار ئول تىرىگلىك ئۇچار،
بۇ تۈش تەگ ئازۇنىدىن ئۆزۈڭ تەرك كەچەر
نەزمىي يەشمىسى:
يىگىتلىك قاچار ئۇ، تىرىكلىك ئۇچار،
بۇ چۈشتەك جاھاندىن كىشى تېز كېچەر.

1332 تايانما تىرىگلىككە تۈش تەگ كەچەر
كۈۋەنمە قىۋى قۇتقا قۇش تەگ ئۇچار
نەزمىي يەشمىسى :
تايانما تىرىگىلىككە، چۈشتەك كېچەر،
قۇۋانما بۇ بوش بەختكە، قۇشتەك ئۇچار.

1521 ئەدىزلىك تىلەدى سۆزۈك جان تۇرۇغ
ئۇچۇپ باردى جان قالدى كالبۇد قۇرۇغ
نەزمىي يەشمىسى :
سۆزۈك جان تىلەدى ئېگىزدىن تۇرۇق،
ئۇچۇپ كەتتى جان، قالدى جىسمى قۇرۇق.

1525 قۇرۇغ قالدى كالبۇد ئۇچۇپ بارسا جان
بايات بىلدى قانچە بارىر ئەرسە جان
نەزمىي يەشمىسى ؛
قۇرۇق تەن قالۇر ئۇچۇپ كەتسە جان،
خۇدالا بىلۇر نەگە بارغاي بۇ جان.

2401 ئەرىنگ ئۆگسە ئەلگىن كۆر ئارسلان تۇتار
ئاتىنغ ئۆگسە يۈگرۈر ئۇچارىغ يەتەر
نەزمىي يەشمىسى:
تۇتار قول بىلەن شىر ئەرنى ماختىساڭ،
يېتەر قۇشقا ئېتىڭ ئەگەر سىلىساڭ.

3005 ئەرئات بولدى بەگلەر قاناتى يۈگى
قاناتسىز قۇش ئۇچماز ئاي بەگلەر بەگى
نەزمىي يەشمىسى:
قوشۇندۇر بۇ بەگلەر قاناتى-تۈكى،
قاناتسىز قۇش ئۇچماس، ئەي بەگلەر بېگى.

3671 رىجا بىرلە خەۋفنى قانات سەن قىلىن
بۇ ئىككى ئاراقى يولۇغ سەن ئالىن
نەزمىي يەشمىسى:
ئۈمىد ۋە خەۋپنى سەن قانات ئەيلىگىن،
بۇ ئىككى ئارادا يولۇڭ تالىغىن.

3672 بايات يارلىغىن قىل ئۆزۈڭ قۇللۇقى
ئۇچۇپ كىر سارايقا ئەرەژىن سالىن
نەزمىي يەشمىسى:
ئۆتەپ قۇللۇقنى، قىل خۇدا بۇيرۇغىن،
بېھىشكە ئۇچۇپ كىر، كۆرگىن ھوزۇرىن.

4198 سىغىر چۇقنى كۆردۈم ئۇچار قاق ئارا
تەگىن باقتىم ئەرسە ئىكىگۈ قارا
نەزمىي يەشمىسى:
سىغۇرچۇقنى كۆردۈم ئۇچارقاق ئارا،
تېگىنگە قاراسام، ئىككىسى قارا.

4200 ئۇچارقۇش ئەشىن بىلدى تۇتتى ئۈگۈر
كىشى سەن قاتىلغۇ كىشىگنى ئۆدۈر
نەزمىي يەشمىسى:
ئۇچارقۇش بىلىپ ئەش، ئۈيۈر تۇتتى،بىل،
كىشى سەن قوشۇلۇر كىشىلىك ئايرىغىل.

4417 قامۇغ تەپرەنىگلى تۆزۈ يىبر ئۆڭى
يورۇغلى ئاشى ئول ئۇچۇغلى مەڭى
نەزمىي يەشمىسى:
نەسىبە ئالۇرلەر تۈمەن مىڭلىغان-
يۈرۈچى يەر ئاشنى، ئۇچقانلىرى دان.

4796 كۆڭۈلدەكى سىررىم ئاچارمەن ساڭا
تىلەك ئارزۇ بىرلە ئۇچارمەن ساڭا

نەزمىي يەشمىسى:

كۆڭۈلنىڭ سىرىنى ئاچارمەن ساڭا ،
تىلەك-ئارزۇ بىرلە ئۇچارمەن ساڭا.

5366 ئۇچۇغلى يورۇغلى سۇۋ ئىچرە بالىق
قۇتۇلمان سەنىڭدىن ئايا سارىپ قىلىق

نەزمىي يەشمىسى:

ئۇچارلىق، يۈرەرلىك ھەم سۇدا بېلىق،
قۇتۇلماس سېنىڭدىن ئەي مۇشكۈل قىلىق.

5379 ئۇچارىغ ئۇچۇرماز سەنىڭ قۇشلارىڭ
يورىغىغ يورىتماز كۆر ئەسرىڭ ئىتىڭ

نەزمىي يەشمىسى:

قاچۇرماس ئۇچارلىقنى سىنىڭ قۇشلىرىڭ،
يۈرگۈزمەس يۈرەرلىكنى ئالغۇر ئىتلىرىڭ.

5970 كۆزىن يۇمدى ئەرسە ئۇدىماق تىلەپ
ئۇسى ئۇچتى باردى كۆزىندەن يىراپ

نەزمىي يەشمىسى:

كۆزىن يۇمدى بىر ئاز بولۇپ ئۇخلىماق،
ئۇچۇپ ئۇيقۇسى كەتتى كۆزدىن يىراق.

6046 ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ تۈكەل ئاغدۇقۇڭ
تىلەك بىرگە تەڭرى نەگۈ قولدۇقۇڭ

نەزمىي يەشمىسى:

ئۇچۇپ كۆككە ئۆرلەپ تولۇق چىققىنىڭ،
خۇدا بەرگۈسىدۇر ئۈمىت قىلغىنىڭ.

6064 يوقارۇ ئۇچۇپ بۇ ئۆزۈم تەگدۈكى
ياشىل كۆككە ئۆرلەپ تەگىپ سىگدۈكى

نەزمىي يەشمىسى:

يۇقىرى ئۇچۇپ ھەم غايىب بولغىنىم،
يېشىل كۆككە ئۆرلەپ ھەم سىڭىپ كەتكىنىم.

يۇقىرىدا «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى «ئۇچۇش ياكى ئۇچماق» نى بىلدۈرىدىغان مەزمۇندىكى بېيىتلارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇلار ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك »داستانىنى يېزىۋاتقان دەۋردىكى يەر-زېمىننىڭ قارشىسى بولغان ئاسمان بوشلۇقىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، «ئۇچۇش ياكى ئۇچماق » نىڭمۇ نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ۋە قانداق مەنالار بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە بۇ جەھەتلەردە مەلۇم چۈشەنچىلەرگىمۇ ئىگە بولدۇق. شۇنداق بولغاندا، بۇ چۈشەنچىلىرىمىزنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىغا كىرگۈزۈلگەن، ئىنسانلارنىڭ قانداق قىلغاندا كۆكتە ئۇچالايدىغانلىقى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىزگە ياردىمى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ھەربىر ئەقىل ئىگىلىرىنىڭمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن. شۇڭا، ئۆزۈم ھېس قىلغان، «قۇتادغۇبىلىك ›› داستانىدا ئىنسانلارنىڭ كۆكتە ئۇچۇشى تەسەۋۋۇر قىلىنغان بېيىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن. بۇ بېيىتلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

208 قامۇغ ئەدگۈلۈكلەر بىلىك ئاسغى ئول
بىلىك بىرلە بۇلدى مەسەل كۆككە يول

نەزمىي يەشمىسى :

پۈتۈن ياخشىلىقلار ئىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

215 ئۇقۇشلى بىلىكلى ئەدى ئەدگۈنەڭ
قالى بۇلسا ئىشلەت ئۇچۇپ كۆككە تەڭ

نەزمىي يەشمىسى:

ئەقىل ۋە بىلىم ئول ئۇز نەرسىدۇر ئەڭ،
ئەگەربولسائىشلەت،ئۇچۇپ كۆككە تەڭ.

1320 سەرىنگىل سەرىنمەك ئەرەن قىلقى ئول
سەرىنسە بولۇر ئەر مەسەل كۆككە يول

نەزمىي يەشمىسى:

سەۋرى قىل، سەۋرى-ئەركىشى قىلىقى ئول،
تاپۇر سەۋرىلە ئەر مىسال كۆككە يول.

2119 كۈۋەزلىك بىلە كۆككە ئاغماز كىشى
قالى قودقى بولسا بۇزۇلماس ئىشى

نەزمي يەشمىسى:

تەكەببۇرلۇقلە كۆككە چىقماس كىشى،
كىچىك دىل بولۇشلە بۇزۇلماس ئىشى.

2646 كىشى ئەردەمى بىرلە ئەردىن كەچەر
ئۆكۈش بولسا ئەردەم ئەر ئۆرلەپ ئۇچار

نەزمي يەشمىسى:

كىشى پەزلى بىرلە كىشىدىن ئۇزار،
ئەقىل، پەزلى بولسا ئەر ئۆرلەپ ئۇچار.

3677 رىجا خەۋف بۇ ئىككى قانات سانى ئول
بۇ ئىكىن ئۇچۇغلى بۇلۇر كۆككە يول

نەزمي يەشمىسى:

ئۈمىت،خەۋپ-بۇ ئىككى قاناتتەكلا ئول،
كىم ئۇچسا بۇنىڭلە تاپۇر كۆككە يول.

3981 بۇ نەڭ بىرلە يالگۇق تىلەسە تىلەك
ياشىل كۆككە يوقلار نەڭ ئول قەد يۆلەك

نەزمي يەشمىسى:

بۇمال بىرلە ئادەم تىلەسە تىلەك،
يېشىل كۆككە ئۆرلەر، مال ياخشى يۆلەك.

4551 باشىم كۆككە تەگسۇن تىيسە سەن تۇرۇپ،
بىلىك بىرلە ئىشلە قاموغ ئىش كۆرۈپ.

نەزمي يەشمىسى:

بېشىم كۆككە يەتسۇن دىسەڭ سەن تۇرۇپ،
بىلىملە ئورۇنلا ھەر ئىشنى كۆرۈپ.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1]ئاكا-ئۇكا رايتلار: ئورۋىل رايت ( Orville 1871-1948 Wright) بىلەن ۋىلبۇر رايت ( Wilbor1867-1912Wright) نى كۆرسىتىدۇ. «ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بويىچە رەتكە تىزىلغان 100 مەشھۇر شەخس » ناملىق كىتابتا ئۇلار توغرىلىق مۇنداق دېيىلگەن: «ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ئۆزلىرىنىڭ يۇكسەك قىزغىنلىقى بىلەن 1903-يىلى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى ماتورلۇق ئايروپىلاننى ياساپ كۆككە كۆتۈرۈلدى» دېيىلسە، «قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى» نىڭ5- توم 84-بېتىدە: «ئۇلار كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش، كۆپ قېتىم ئۇچۇشنى مەشىق قىلىش نەتىجىسىدە، ئاخىرى 1908-يىلىغا كەلگەندە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى» دېيىلگەن.

[2][3]جۇ يىگرۇڭ: «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن تەرمىلەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 -يىللىق 2-سان117-بەتتىن122-بەتكىچە.

[4]مېخائىل خارت(ئامېرىكا): «ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى بويىچە رەتكە تىزىلغان100مەشھۇر شەخس»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى6-ئاي1-نەشرى196-بەت.

[5]شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» مىللەتلەر نەشرىياتى1994-يىلى 9-ئاي1-نەشرى4-توم659-بەت.

[6]قامۇس تۈزۈش كومىتېتى: «ئۈچ تومۇلۇق سىخەي (ئوكيانۇس) »، شاڭخەي قامۇس نەشرىياتى1979-يىلى9-ئاي نەشرى، 1-توم251 -بەت.

[7]شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، 3-ئاي 1-نەشرى 5-توم 712-بەت.

[8]شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991-يىلى11-ئاي 1-نەشرى 2-توم 140-بەت.

جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن

32-يىللىق 1-سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 32 卷第 1 期
2011-يىلى 3-ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2011 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005-5878 (2011) 01-092-05

# «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە*

ۋاھاپ غوپۇر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى، قەشقەر ، 844007)

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەنبەلىرى ھەققىدىكى ھەر خىل قاراشلارغا قارىتا چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ تەربىيەۋى رولىنى يۈكسەلدۈرۈش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

摘要：本论文通过对维吾尔木卡姆的族谱学的起源，并对它们起源的各种说法进行了试论和深入分析，并提出要不断提高维吾尔木卡姆教育意义作用的要求。

**Abstract:** The author of this paper made an attempt to discuss and analyzed the various genealogical origins of the Twelve Muqam, and proposed the significance of enhancing the educational roles of the Twelve Muqam.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: J648    ماتېرىيال بەلگىسى: A

«جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى تارىخىي جەھەتتىن ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ گېنېئالوگىيە[1]لىك مەنبەلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش مەسىلىسى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. چۈنكى «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» 2005-يىلى 11-ئاينىڭ 25-كۈنى ب د ت پەن-مائارىپ-مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسىنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى» دەپ تولۇق ئاۋاز بىلەن ماقۇللىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئېچىۋېتىلگەن مۇھىتقا ئېرىشتى. بۇ جەھەتتە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نى دۇنياغا تونۇتۇپ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشقا باشتىن ئاخىرى ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى قوغدايدىغان، داۋاملاشتۇرىدىغان تەتقىقات قوشۇنىنى يېتىشتۈردى، بولار «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى تەسىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئۇنىڭ مەنىۋى كۈچىنى نامايان قىلىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ جەھەتتە ئىلگىرى-كېيىن يېتىلگەن مۇقام تەتقىقاتچىلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئىچىدە ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (1933-1995) «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»[2] ۋە «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»[3] ناملىق كىتابلىرىدا، ئۇستاز ئابدۇكېرىم راخمان «مۇقام پېشۋالىرى»[4] ۋە «ئۇيغۇر سەنئەت ئادىتىنىڭ مۇجەسسىمى — ئون ئىككى مۇقام»[5]، «ئانا مۇقام ۋە بالا مۇقاملار مۇنازىرىسى ھەققىدە»[6] ناملىق ماقالىلىرىدا، ئىمىن تۇرسۇن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە»[7] ناملىق ماقالىسىدە، ئابدۇشۈكۈر تۇردى «مۇقام تەتقىقاتى ۋە مۇقامناملىرىنىڭ تارىخىي قاتلىمى توغرىسىدا»[8] ناملىق ماقالىسىدە، جو چىڭباۋ «ئون ئىككى مۇقامنىڭ بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» ناملىق ماقالىسىدە،

---

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 4-ئايدا تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتور: ۋاھاپ غوپۇر(1950-يىلى1-ئايدا تۇغۇلغان)، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى.

ئۇستاز شەرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى بىلەن مۇزىكىسىنىڭ شەكىللىنىش تارىخى ھەققىدە قىسقىچە تەھلىل» قاتارلىق ماقالىسىدە«جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» نىڭ گېنېئالوگىيەسى، فولكلورلۇق[9] خاراكتېرى، كىلاسسىك تۈسى، يەرلىك مۇقاملارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، سىستېملاشقان نام-ئاتالغۇلىرى، ئۇلارنىڭ كۆي بۆلەكلىرى، يىلتىزداشلىقلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنى ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇ ھال «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرى بىلەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنى تەتقىق قىلىش يولىنى ئاچتى، ئۇ ئەمدىلىكتە «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ ھازىرقى ھالىتىنى، ئۇنىڭ كېيىنكى قېتىملىق قېلىپلاشقان ھالىتى، ئۇنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ياكى كېيىنكى تارىخى فورماتسىيەلەرنى «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرىگە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشنى تەقەززا قىلىدى. چۈنكى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى» بىر خىل ئېتنولوگىيەلىك[10] فولكلور خاراكتېرىدىكى سەنئەت ھادىسىسى، ئۇ خەلق ياراتقان پۈتكۈل مەدەنىيەت. سەنئەت تارىخى بىلەن يىلتىزداش ھادىسە بولغانلىقتىن، ئۇنى نوقۇل ئاتالغۇ، بىرەر ئىبارىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك[11] يېشىمى ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش خۇددى قارىغۇ كىشىنىڭ ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان نەرسىنى ئۆزى كۆرەلمىگەنلىكىگە ئوخشاش غەيرىي تارىخىي قاراش بولۇپ قالىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» چوڭ بىر خەزىنە، ئۇنىڭ مەنبە باشلىنىشى بىلەن ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىدا پەيدا بولغان ئۆزگۈرۈشلەرنى كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە قوشۇلغان مېلودىك تەركىبلەر بىلەن سازەندە، شائىرلار تەرىپىدىن بېيىتىلغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن شەكىللىرىدە ساقلانغان قىسىملىرىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئۇنى ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ گېنى — پەيدا بولۇش مەنبەسى ھېسابلاپ، گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلەرگە قارشى قويۇش گۆدەكلىكتىن — ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تارىخىنى بىلمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئېيتىش لازىمكى، «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ ئېتنولوگىيەلىك خاراكتېرى ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنى مېغىز قىلغىنىدەك، ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مۇنبەت تۇپرىقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، «جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامى» ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ فولكلور مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. ئۇ ئۆزىنىڭ يىراق ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن، ئېتنىك مەدەنىيەت تىپىدىن ئاپىرىدە بولغان. ئۇ ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان فولكلور تىپى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، روھىيەت تۈسى، ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر خاھىشچانلىقىنى ئىپادىلەش ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا پەيدىنپەي بىر پۈتۈن مۇزىكىلىق سىستېما ياراتقان، بۇ جەريانلاردا ئۇزۇن ئېقىم، كۆپ قاتلاملىق ئېتنولوگىيەلىك مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن، شۇڭا ئۇلارنى ئۇلار ۋارىسلىق قىلغان ئەجدادلىرىدىن؛ ئۇلارنىڭ فولكلور مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن، ئىزچىل بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي قاتلاملىرىدىن ئايرىۋېتىش، ئۇلارنى تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق يېزىق ناملىرىنىڭ يېشىمى، قىسمەن ئاتالغۇلارنىڭ يېشىمى ياكى جۇغراپىيەلىك يۇرت ناملىرى بويىچە چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئۈزۈپ تاشلاپ، يەككە قىلىپ چۈشەندۈرۈشلەر كىشىنى ئويغا سالىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىنى چىقىش قىلغان بەزى مۇقام تەتقىقاتچىلىرى «مۇقام» سۆزىنىڭ ئەرەبچە «مۇقام» سۆزى بىلەن ئاھاڭداشلىقىغا ئېسىلىۋېلىپ، بىزدىكى «مۇقام» سۆزى ئەرەب ۋە ھىندىستان مۇزىكىلىرىدىن كۆچۈرۈلگەن تەقلىدىي نۇسخا،- دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلىشتى. بۇ خىل قاراشلارنىڭ ئاساسسىز تەرغىبات ئىكەنلىكىگە قارىتا تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇن «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ شەكىللىنىشى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە: قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي خەلق كۈيلىرىدە يەنە «تۆلۈم» دەپ ئىستېمال قىلىنغانلىقىنى، خەنزۇ يېزىقىدىكى مەنبەلەردە «پۇلى» ياكى «دۇلى» دەپ خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر كلاسسىك

مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ھەققىدە» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: «مۇقام سۆزى ئېتىمولوگىيە جەھەتتە قەدىمكى ئۇيغۇر كۇسەن ــ توخار (كۇچا) تىلىدىكى ‹مەۋقەمە› maka_yamd سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن تەلەپپۇزى بولۇپ، ‹چوڭ نەغمە› دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ ‹تۇرار جاي› مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئەرەبچە ‹مۇقام› سۆزى بىلەن ئاھاڭداش بولۇپ، بۇ سۆز كېيىنچە ئەرەبلەردىمۇ مۇزىكا ئۇقۇمىدا ئىستېمال قىلىنغان» دەپ ئېنىق چۈشەندۈردى.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىدىكى «مۇقام» سۆزىنىڭ «چوڭ نەغمە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى جاكارلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى «مۇقام» سۆزىنىڭ ئەرەبچە «تۇرار جاي»، «ئورۇن»، «ئىدارە»، «ئورگان» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىلەن ئاھاڭداش ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ پارسچىدىمۇ شۇنداق قوللىنىلىدىغانلىقىغا قاراپ، ئۇيغۇرلاردىكى «مۇقام»نى ئەرەب، پارس مۇقامچىلىقىدىن مەيدانغا كەلگەن، دەپ، ئاتالغۇنىڭ يېشىمى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش ئۇيغۇرلاردىكى «مۇقام» سۆزىنىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەسىنى ئىنكار قىلىش ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم مۇقام تەتقىقاتچىلىرى «ئۇيغۇر مۇقامى»نى ھىندىستاننىڭ مەدەنىي مىراسى، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈشتى، بۇ خىل پىكىردىكىلەر: ئۇيغۇر مۇقاملىرىدىكى «راك» ئىبارىسى قەدىمكى « رىگاۋىدا (ئاھاڭغا سېلىنغان نەزمىلەر دەستۇرى) ۋە قەدىمكى سانسكرىت تىلىدىكى ‹راگا› (كۈي) ئىبارىسىدىن ئېلىنغان، ‹راك› سۆزى ھىندىچە بولۇپ، مۇقام مەنىسىگە توغرا كېلىدۇ» دېگەننى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتتى.

روشەنكى، «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىكى «راك» سۆزى ئۈچۈن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «راك ـ سۆزى ھىندىچە بولۇپ، مۇقام مەنىسگە توغرا كېلىدۇ»، لېكىن «راك ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن ھىندىستان خەلقلىرى ئارىسىدىكى قەدىمكى زامانلاردا مەۋجۇت بولغان مەدەنىي ئالاقىلەر سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن» بولۇپ، « قەدىمكى ئارى ـ ساك قەبىلىلىرى تىللىرى تەسىرىدە بۇ ئىبارىنىڭ ئۇيغۇر مۇقاملىرى قاتارىدا ئورۇن ئېلىشى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن»، شۇڭا « راكنىڭ مىلودىك ماتېرىيالى ھىندى مۇزىكىسىدىن ئېلىنغان،. دەپ ئويلاش خاتادۇر [12] ، ئەلۋەتتە.

بۇ يەردە « جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى » ئۈچۈن شۇنداق دېيەلىكى، ھىندىستان قەدىمدىن قەبىلىلىۋى ۋە مىللىي مۇزىكىغا باي مەملىكەتلەرنىڭ بىرى، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمىي دىنىي ۋە بەدىئىي دەستۇرلىرىدىن بولغان «رىگاۋىدا»، «ماخاپخاراتا»، «رامايانا» قاتارلىقلاردىن تاكى ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىگىچە، ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق يول بىلەن ماڭغانلىقى مەلۇم. لېكىن ھىندىستاننىڭ براخمانىزم ئەپسانىلىرىدە ئۇسسۇل مەبۇدىسى قىلىنغان كۆپ قوللۇق سىۋا (siva) ئوبرازىغا بېغىشلانغان رىۋايەت ۋە ئويمىكەشلىكلەر بىلەن 1904 ـ يىلى كۇدىمياماللايىدا تېپىلغان «يەتتە ئاھاڭ پۈتۈلگەن تاش»تىمۇ ھېچقانداق «ئون ئىككى مۇقام» ئالامەتلىرى كۆرۈلمىگەن. بۇ ھەقتە ئۇستاز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي، پاكىتلىق، سىستېمىلىق چۈشەنچە بېرىلگەن.

شۇنى تەكىتلەش لازىمكى، «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»دىكى «مۇقام» سۆزىنىڭ ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىر قاتار ئەرەب ـ پارس، ھىندى ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتالغانلىقىغا قاراپ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» تۈزۈلۈشىنى ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە كۆيشۇناسلىق قانۇنىيەتلىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلاپ، ئەرەبلەر ئىستېلاسى تۈپەيلىدىن «ئۇيغۇر مۇقام» مۇزىكىلىرىنىڭ يېشىملىرى بىلەن ئىسمىلىرىنىلا تۇتقا قىلىۋېلىپ، ئەينى چاغدا مىسىر، ئىران، شىمالىي ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۈملىدىن جەنۇبىي رۇسىيە ۋە تۈركىيەدىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىسىم ـ فامىلىلىرىدىمۇ ئىلگىرىكى ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىكلەردىن بىردەك ئەرەبچە ئىسىم ـ فامىلىلەرگە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمەسلىك توغرا ئەمەس. ھەتتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئالتۇن ئوردا، ئىلىكخان ھاكىمىيىتىدىكى موڭغۇللارمۇ ئەرەبچە ئىسىم ـ فامىلە قويۇشقان ئىدى. بۇ

ئۇ قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنىڭ (ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بىردەك ئەرەبلەشكەنلىكىنى كۆرسىتەلەيتتى، ئەلۋەتتە. دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» ئەرەبلەر ئىستېلاسى ۋە ئىسلام دىنىنى ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلىشى سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىر قاتار ئاتالغۇلىرى، ئىسىملىرى ئەرەب-پارس ئاتالغۇلىرى بىلەن قايتا ئاتالغان. بۇ ئاتالغۇلار پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلىنغان «نام بەلگىسى» رولىنىلا ئوينىغان. بۇ ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ كۈيشۇناسلىق ئاساسى ۋە مۇزىكىلىق گەۋدىسى بىلەن ھېچقانداق مەزمۇن ئالاقىسى يوقلۇقىنى تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا ئاۋۋال «مۇقام سۆزى ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئاندىن ئۇيغۇر مۇقاملىرىدا پەيدا بولغان ئەمەس»[13] دەپ خىتاب قىلىمىز. بۇ ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تارىخىدىن سىستېمىلىق خەۋىرى بار كىشىلەر ئۇچۇن ئىزاھات بېرىشنى تەلەپ قىلمايدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، كارل . ماركسنىڭ «مىسىر ئەپسانىلىرى ھەرگىز يۇنان سەنئىتىنىڭ تۇپرىقى ۋە ئانىسى بولالمايدۇ»[14] دېگەن تەبىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنىڭ مەنبەلىرىنى، ئۇنىڭدىكى ئاتالغۇلارنى پەقەت ئۇيغۇرلار ۋە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك مۇھىتى، ئېتنىك تۇرمۇش تارىخى ۋە فولكلور روھىيىتى ئارقىلىقلا ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈش گېنېئالوگىيەلىك مۇھاكىمىلەرگە ئاساس يارىتىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەد كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىدە بەختىيار ھايات كەچۈرۈۋاتقان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى «جۇڭگو ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ ھەقدالىق ئىگىسىدۇر. ھازىر ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك ئېچىۋېتىلگەن مەنىۋى بايلىقى، «ئۇيغۇر مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرى ۋە ئۇنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا مۇجمەل قاراشتا بولماسلىق مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ياڭرىغان ۋە ياڭراۋاتقان ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا توغرا قاراشتا بولۇشقا ئۈندەيدىغان مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى. ئۇنى ۋارىسلىق قىلغان ئەجدادلىرىدىن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تۇپرىقىدىن، بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي قاتلاملىرىدىن، مۇزىكىلىق مەنبەلىرىدىن ئايرىۋېتىش ياكى ئۇنى تارىخىي مەنبەلەردىكى ئۇنداق ياكى مۇنداق يېزىق ناملىرى ياكى جۇغراپىيەلىك يۇرت ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلاپ، نوقۇل ئاتالغۇلارغا تەۋە قىلىپ چۈشەندۈرۈش — تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس.

بىز «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ گېنېئالوگىيەلىك مەنبەلىرى ئۈستىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلاد بوغۇنلىرىدىكى ئېتنىك مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئىزچىل بېقىپ، تولۇقلىنىپ، گەۋدىلىنىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي ئېقىنلىرىدا ئۆزىگە ئېتنىك مەنبە — تۇخۇم ۋە «گېن» قىلغان، ئىلگىرىكى ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن مۇزىكىلىق ئىزدا راۋاجلانغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇ خۇددى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېۋىلىرىنىڭ تەمىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى «مۇقام» ئىبارىسىنىڭ مەنبەسىنى پەقەت ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئېتنىك تۇرمۇش تارىخى، جۇغراپىيەلىك مۇھىتى ھەم فولكلور مەدەنىيىتى ئاساسىدىلا ئىزاھلاش غايەت زور نەزەرىيەۋى قىممەت يارىتالايدۇ. شۇنداق قىلىدىغانلا بولساق «جۇڭگو شىنجاڭ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىشنى نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنى، رولىنى نامايان قىلالايمىز.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] گېنېئالوگىيە (发生学) — مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەلىرىنى ئېنىقلاپ تەتقىق قىلىدىغان پەن.

[2] «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.

[3] «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997-يىلى نەشرى.

[4] «مۇقام پېشىۋالىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.

[5] «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.

[6] «بۇلاق»، 2004 ـ يىللىق 4 ـ سان.

[7] «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 1992 ـ يىل ـ سانى.

[8] «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، 1992 ـ يىللىق 1 ـ سان.

[9] فولكلور ــ ئىنگلىزچە «folk» (خەلق) ۋە «lori» (پەم-پاراسەت) دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئوقۇلۇش تەلەپپۇزى بويىچە قوبۇل قىلىنغان، ئۇنىڭ تىلىمىزدىكى لۇغەت مەنىسى «خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستى» دېمەكتۇر. فولكلور خەنزۇ يېزىقىدا «民俗学» دەپ يېزىلىدۇ، ئۇنى تەرجىمە قىلغاندا «خەلقنىڭ ساددا ئەدەبىياتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

[10] ئېتنولوگىيەلىك ــ قەبىلە، مىللىي تەۋەلىكنى ئوبيېكت قىلىپ، تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان پەن.

[11] ئېتىمولوگىيەلىك ــ تىل ئىلمىنىڭ سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەكشۈرىدىغان بۆلۈمى، يەنى سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى شەكلى ۋە مەنىسىنى تەكشۈرىدۇ.

[12] «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 42 ـ بەت.

[13] «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، 7 ـ، 8 ـ بەت.

[14] «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، 44 ـ بەت.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

---

## مەنقىبەت شەرىف (ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ تەزكىرىسى)

ئەسەر تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 300 بەت. 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مىر مۇھەممەد سادىق چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان.

ئىسلام تەرىقەتچىلىرى تەرىپىدىن «غەۋسىل-ئەزەم» دەپ سۈپەتلەنگەن. ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ ھاياتى ۋە «كارامەتلىرى» ھەققىدىكى تەزكىرە كىتاب. سوفىزم ئەقىدىسىنىڭ ئاللاغا ئىشىنىش، راستچىل، سادىق بولۇش يوللىرىنى تۇتۇش، مال-دۇنياغا بېرىلمەسلىك، قىيامەتنى ئويلاش قاتارلىق تەركىي دۇنياچىلىق قاراشلىرىنى ئەيىبلەش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇنىڭدا ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ نەسەب جەھەتتە مۇھەممەد پەيغەمبەرگە تۇتىشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرى، ئاللاغا قوشۇلۇشى، ئاشىقلىق مەرتىۋىسىگە يېتىشى، ئۆلگەنلەرنى تىرىلدۈرۈش«كارامەت» لىرى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش دەۋەتلىرى، «مۆجىزات» لىرى، «ئەۋلىيا» دەپ ئاتالغان بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن مەدەت ئالغانلىقلىرى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز «ئۇلۇغ» لىقى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

شىنجاڭنىڭ خوجىلار دەۋرىدىكى سوپىلارنىڭ تەرىقەت يولىنى ۋە خوجا ئىشانلارنىڭ تارىخىنى، شىنجاڭنىڭ ئەينى دەۋردىكى تارىخىنى، ئىجتىمائىي، دىنىي، سىياسىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھىجرىيە 1300 ـ (مىلادىيە1882 ـ 1883 يىلى) يىلى قەشقەرلىك مەخسۇت ئاخۇن سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرگەن قولىيازما، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى14.5×24.5 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق. ھەربىر بەتتە 11 قۇر خەت بار، بەزى بەتلىرىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، بابلارنىڭ ئاستىغا قىزىل سىزىق سىزىلغان، تولۇق، ياخشى ساقلانغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ035 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 097 ـ 01 (2011) 5878 ـ 1005

# قارىلىق تۇتۇش ئادىتىمىزنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى*

مۇھەممەتقازى ئەيسا

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى، قەشقەر، 844008)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئاتا-ئانىلىرى، بالا-چاقىلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتسە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە قاراپ تەبىئىي ھالدا بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە (ئۈچ كۈندىن قىرىق كۈنگىچە) قارا رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىپ، قارا تۇماق ئۈستىگە ئاق رەڭلىك سەللە ئوراپ ياكى قارا چاپان ئۈستىگە ئاق بەلباغ باغلاپ، ئۈنلۈك ياكى ئۈنسىز يىغلاپ، ئالاھىدە قايغۇلۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈپ، ئۆلگۈچىگە قارىلىق تۇتۇلىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھازىدارلارنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ياسىتىشى، گىرىم قىلىشى، كۈلكە-چاقچاق،ئويۇن-تاماشا قىلىشى، قارىلىق كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشى، بەلگىلەرنى ئېلىۋېتىشى ئاساسەن چەكلىنىدۇ. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى «قارىلىق تۇتۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەجدادلارنىڭ قارىلىق تۇتۇش پائالىيەتلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى قارىلىق تۇتۇش پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ھايات-مامات قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى ۋە ئارزۇ-ئىرادىلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. بۇ ماقالىدە، قارىلىق تۇتۇشنىڭ شەكىللىنىش جەريانى، كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكىللىرى، قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى، قارىلىقنى ئوشتۇش ئۇسۇللىرى، قارىلىق تۇتۇش پائالىيەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي مەنە ۋە قارىلىق تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى ئەمەلىيەتكە باغلاپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**在维吾尔族人民生活中，为了表示对死者的悼念，死者的亲属根据血缘关系的亲疏，穿孝服服丧 3 至 40 天，并通过穿黑色衣服、黑色皮帽上缠散兰（缠在头上的白布）、黑色大衣腰上系白布、出声或无声地哭泣等形式营造一种悼念的氛围。在服丧期间一般禁止男士理发剃胡、女士化妆，不能说笑和参与娱乐活动，不能擅自脱掉孝服。这种文化现象称为“服丧”。不同历史时期的服丧形式不仅各具特点，而且跟人民当时的生死观、宗教信仰、人际关系以及愿望有着紧密的联系。本文联系实际分析服丧的形成过程、具体表现形式、服丧期限、除孝的方式以及各种服丧形式所表现的社会内涵和意义等。

**Abstract:** In Uyghur people's tradition, in order to grieve over the dead, the relatives of the death, according to the closeness of the relationship, will wear mourning dress three to forty days. And by wearing black clothes, wrapping “selle” (a long white gauze wrapped around the hat) around the leather hat, tying white gauze around the waist outside the black coat, and crying voicely or voicelessly and

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 4- ئاينىڭ 10- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** مۇھەممەتقازى ئەيسا (1952-يىلى 10-ئاينىڭ1-كۈنى تۇغۇلغان)، دوتسېنت. ئەدەبىيات نەزەرىيەسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

so on, through doing such things to create an atmosphere of mourning. During the mourning, male relatives not allowed having a haircut or shaving, female relatives cannot put on make-ups, all the recreational activities must be canceled, and everyone cannot take off mourning dress. This particular cultural phenomenon referred to as "mourning." Mourning forms and funeral rites of different historical periods all have their own characteristics. And those mourning customs are closely related to the personal outlook of life, religious beliefs, interpersonal views and the desire of the people at that time. In this article, the author, according to the social causes, analyses the formation process of mourning, the specific manifestations of mourning, the mourning period, and the way of completing the mourning, and various social connotations and significances of mourning.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G03 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاتا ـ ئانىلىرى، بالا ـ چاقىلىرى، قېرىنداشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆلۈپ كەتسە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە قاراپ تەبىئىي ھالدا بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە قارا چاپان، قارا رەڭلىك دوپپا ـ تۇماق، قارا ئۆتۈك كىيىپ، قارا تۇماق ئۈستىگە ئاق رەڭلىك سەللە ئوراپ، قارا چاپان ئۈستىگە ئاق رەڭلىك بەلباغ باغلاپ، ئۈنلۈك ياكى ئۈنسىز يىغلاپ ئالاھىدە قايغۇلۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئالاھىدە تاشقى قىياپەت ۋە ئالاھىدە ھەرىكەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆلۈم ھادىسىسىگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىپادىلەش ياكى ئالاھىدە قايغۇلۇق كەيپىيات يارىتىش بىرخىل مىللىي ئەنئەنە ياكى مىللىي مەدەنىيەت شەكلى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۆلگۈچى ئۈچۈن بۇنداق قايغۇلۇق ھېسسىياتنى ئىپادىلەشنى ھەمدە بۇنداق قايغۇلۇق كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشنى «قارىلىق تۇتۇش» دەيمىز. ئۆلگۈچى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىن ھەم ئۆلگۈچى ئۈچۈن قايغۇلۇق كەيپىياتتا تۇرۇپ، قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىپادىلەۋاتقانلارنى «ھازىدارلار» دەيمىز. ئۆلۈپ كەتكۈچى ئەر بولسا «مەرھۇم ـــ رەھمەتلىك ئەر» ، ئايال بولسا «مەرھۇمە ـــ رەھمەتلىك ئايال» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى «خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشكەن كىشى» دېگەن مەنىدە تەرىپلىنىدۇ.

ئۆلگۈچىلەر ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇش، ئۇلارنى داغدۇغىلىق ئۇزىتىش ئادىتى خەلقىمىز ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ۋە كۆپ خىللىققا ئىگە. ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كىشىلەرنىڭ قارىلىق تۇتۇش پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ھايات ـ مامات قارىشى، دىنىي ئېتىقادى، كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشى ۋە ئارزۇ ـ ئىرادىلىرى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن. ئالايلى: موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نىمەتۇللا مۆئجىزى «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» ناملىق ئەسىرىدە «تارىخى رەۋزە تۇسسافا ۋە رەشىدىدە ئانداغ كەلتۈرۈپدۇركىم، يافەس بىننى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرك ناملىق بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇنىڭغا خۇدايىتائالا بىر ئوغۇل كارامەت قىلدى. ئىسمىنى خەرىز قويدى. بۇ ئوغۇل چوڭ بولغاندا تۈلكە تۇتۇپ پوستىدا ئىگىن كەيمەكنى، تەئامنى تۇز بىلەن ھەل قىلماقنى، تەنبۇر، بەربەت، ئۇددىلارنى ياساپ چالماقنى كەشىف قىلىپ ئالەم خەلقىگە ئۆگەتتىلەر. ئول زاماندا ئاتا ـ ئاناسى، بالالىرى ئۆلگەندە مۇسىبەت ـ ماتەمدە تەنبۇر چېلىپ يىغلاپ، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈش رەسمى بار ئىدى. خەرىز يافەسنىڭ نەبرىسى ئىدى. ياركەند، خوتەن دىيارلىرىنى ئابادىغا ئانىڭ ئەۋلادى يەتكۈزگان. ياركەند، خوتەن ئەھلى ئانىڭ ئەۋلادىدىندۇرمىز. ئول زاماندىن بۇ زامانغىچە بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك يىل ئۆتكەندۇر»[1] دەپ بايان قىلىدۇ. تەمبۇر چېلىپ

يىغلاش، ئۆلۈكنى كۆيدۈرۈش قاتارلىق شەكىللەردە قارىلىق تۇتۇش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قارىلىق تۇتۇش شەكىللىرى بولماستىن بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ يەنە باشقىچە شەكىللەردە قارىلىق تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەت ھوشۇر «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلۈم قارىشى ۋە دەپنە ئادەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ئۆلگۈچىلەرگە قارىلىق تۇتۇش، قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش شەكىللىرى ھەققىدە جۇڭنەيد بەكرىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى» دېگەن ماقالىسىدىن «شامان دىنى ئەقىدىسى بويىچە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرى پېشانىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، ھۆركىرەپ يىغلاشقان، ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ۋە مىنگەن ئېتى، شۇنداقلا ئۆلگۈچى ئىشلەتكەن بۇيۇملارنى ھەم دەپنە قىلغان»[2] دېگەن بايانلارنى نەقىل كەلتۈرگەندىن كېيىن مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ: «ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت يەنە يېڭى قاراشلارمۇ كېلىپ چىققان. يەنى ئادەم ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمەيدۇ. ... ، دەپ قارايدۇ. ئادەم ئۆلسە ھۆركىرەپ يىغلاش، ئاق رەڭگە ئېتىقاد قىلىش، پۈتۈنلەي ئاق رومال، ئاق سەللە، ئاق بەلباغ باغلاپ قارىلىق تۇتۇش، قارا كىيىم ئۈستىگە ئاق چىگىپ ياكى پۈركۈنۈپ ئۆلگۈچىگە ئاق يول تىلەش، تۇپراق بېشىغا ئۈچبۇرجەك ئاق لاتا ئېسىپ قويۇش قاتارلىق ئادەتلەرنى قوللىنىپ، قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۆلۈم قارىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنمۇ ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن بىر قاتاردا ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە»[3].

ھالبۇكى، ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تەرەققىياتى ۋە دىنىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلۈم قارىشى ۋە قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرىدە پەيدىن پەي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ كەلگەن. «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى» دە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «ئۇيغۇرلاردا ئۆلگۈچى ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇش ئادىتى بولۇپ، قارىلىق تۇتۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئۆلگۈچىنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ بولىدۇ. ئائىلە باشلىقى ۋاپات بولسا، ئادەتتە قىرىق كۈن، بەزىلەر ھەتتا ۋاپات بولغۇچىنىڭ يىلى توشقىچە قارىلىق تۇتۇپ، ئويۇن- تاماشا، توي- تۆكۈنگە بارمايدۇ. ۋاپات بولغان ئادەتتىكى ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە قارىلىق تۇتىدۇ»[4].

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆلۈم ھادىسىسىگە ئىنتايىن جىددىي ۋە ئەستايىدىل قاراپ، ئۆلگۈچىنى دەپنە قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭغا بولغان پوزىتسىيە ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە قارىلىق تۇتۇشتىن ئىبارەت بىرخىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياكى ئۆلۈم ئۇزىتىش ئادىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ، مۇۋاپىقلىشىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئۇيغۇنلىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ياكى قارىلىق تۇتۇش ئادىتى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە مەيلى قانداق شەكىلدە ئىپادىلىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا ئورتاق ھېسسىيات، بىرخىل ئورتاق ئارزۇ- ئارمان مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا قاتتىق قايغۇرىدىغانلىقنى ھەمدە ئۇنىڭ «ئاخىرەت» لىكىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيدىغانلىقنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

قارىلىق تۇتۇش ئادىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن پىكرىمىزنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتا ئاساسىدا بايان قىلىمىز.

## 1. قارىلىق تۇتۇشنىڭ كونكرېت شەكىللىرى

قارىلىق تۇتقۇچىلارنىڭ ۋاپات بولغۇچىلارغا ئىپادىلەيدىغان ئورتاق ھېسسىياتى بىلەن ئورتاق ئارزۇ- تىلەكلىرى قارا ھەم ئاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل سىمۋوللۇق رەڭ بىلەن ياكى ئاشۇ خىل رەڭلىك شەيئىلەرنى بەلگە قىلىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلگەن. كونكرېتراق ئېيتقاندا، قارىلىق تۇتۇش

تۆۋەندىكىدەك قىياپەت ۋە ھەرىكەت شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ كەلگەن:

بىرىنچى، ئەرلەر قارا تاشلىق تۇماق، قارا چاپان، قارا ئۆتۈك ـ ئاياغ كىيىش، ئاياللار ئومۇميۈزلۈك قارا نىمچە (ئۇزۇن قارا چاپان)، كەمچەت، قاما تۇماق(تۆپىلىكى قارا تۇماق)، قارا رەڭلىك ئۆتۈك ياكى بەتىنكە كىيىش، مېيىت سېلىنغان جىنازا ئۈستىگە قارا رەڭلىك يوپۇق يېپىش (ھازىر توق يېشىل رەڭلىك يوپۇقلارنىمۇ ياپىدۇ).

ئىككىنچى، ئەرلەر قارا تۇماق ئۈستىگە ئاق سەللە ئوراش، قارا چاپان ئۈستىگە ئاق بەلباغ باغلاش، ئاياللار ئاق رومال سېلىش، بېلىگە ئاق باغلاش، مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن قىزىل، يېشىل، سېرىق، كۆك رەڭلىك كىيىملەرنى كىيمەسلىك.

ئۈچىنچى، مېيىتنى ئاق رەڭلىك داكا، خەسە، ماتا قاتارلىق رەختلەر بىلەن كېپەنلەش، ئاق رەڭلىك كىگىز ياكى پالاس بىلەن يۆگەپ جىنازىغا سېلىش، مېيىتنى ئاق رەڭلىك پەلەي ۋە ئاق رەڭلىك سوپۇن بىلەن يۇيۇش (بەزى جايلاردا ئۆلگۈچىنىڭ تۇپراق بېشىغا ئۈچ بۇرجەك ئاق رەڭلىك ئەلەم، بايراق ئېسىپ قويۇش ئادىتى بار).

تۆتىنچى، مېيىتنى چىقىرىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن ھازىدار ئەرلەر ئۆلۈم بولغان ھويلىدا قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ياكى ئۈنسىز يىغلايدۇ. ئۆلۈم يەتىسگە كەلگەن جامائەت ئۇلار بىلەن ئىككى قوللاپ بىر ـ بىرلەپ كۆرۈشۈپ «ئەلھەكمۇلىللا (ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى شۇنداق)»، «سەبرى قىلىشسىلا» دەپ تەسەللىي بېرىدۇ. مېيىتنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغاندا ھازىدارلار جىنازا ئالدىدا ئۈنلۈك ياكى ئۈنسىز يىغلاپ ماڭىدۇ. بىر قىسىم جامائەت جىنازىنى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. باشقا جامائەت جىنازىنىڭ كەينىدىن باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشىپ قايغۇلۇق، ھەيۋەتلىك مۇسىبەت كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈپ توپلىشىپ ماڭىدۇ.

ئايال ھازىدارلار چوڭراق بىر ئۆيدە قارىلىق كىيىملىرى بىلەن قاتار ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ياكى ئۈنسىز يىغلايدۇ (كۆپلىگەن بىۋاستە تۇغقانلار قوشاق قېتىپ، مەرھۇمنى تەرىپلەپ يىغلايدۇ)، يەتىگە كەلگەن ئاياللار ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ «ئەلھەكمۇلىللا(ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى شۇنداق)»، «سەبرى قىلىشسىلا» دەپ تەسەللىي بېرىدۇ.

بەشىنچى، مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش. مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمى ۋاپات بولغانلار ئۈچۈن قارىلىق تۇتۇشنىڭ ئالاھىدە ھەيۋەتلىك بىر باسقۇچى. مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمىغا پەقەت ئەرلەر قاتنىشىدۇ. مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمى ئادەتتە چوڭراق مەسچىتلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ. جامائەت كۆپ، مەسچىت كىچىك ياكى يىراق بولغان ئەھۋالدا يېقىن ئەتراپتىكى كۆن نۇرى تولۇق چۈشىدىغان، ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان تېرىلغۇ يەرلەر پاك ھېسابلىنىپ مۇراسىم ئورنى قىلىپ تاللىنىدۇ (زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش پەسلى بولمىسا، كۆپىنچە بېدىلىكلەر مۇراسىم ئورنى قىلىپ تاللىنىدۇ). ھەممە شۇنداق يەردە جامائەت ئالدىنى قىبلىگە ئۇدۇللاپ رەت ـ رەت تىزىلىپ ئۆرە تۇرىدۇ. جىنازا جامائەت ئالدىغا توغرا قويۇلىدۇ. ئاندىن مەرھۇمنىڭ بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن بىرى جامائەت ئالدىغا چىقىپ مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدا قايتۇرالمىغان قەرز مۇئامىلىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ قايتۇرىدىغانلىقى ھەققىدە جامائەتكە ۋەدە بېرىدۇ. ھەممە مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا باشقىلارنى رەنجىتىپ قويغان بولسا مەرھۇم ئۈچۈن ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەسچىتنىڭ خاتىپىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەرھۇم ئۈچۈن ئىككى رەكەت مېيىت نامىزى ئوقۇلۇپ ئاندىن يەرلىككە قويۇلىدۇ (مېيىت يەرلىككە قويۇلغاندا بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى غەربكە ــ قىبلىگە قارىتىپ قويۇلىدۇ).

ئالتىنچى، ھازىدارلار مەرھۇمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ياكى ئۇلارغا بولغان ئەقىدە ـ ئىخلاسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈچ نەزىرىسى ياكى يەتتە نەزىرىسى تۈگىگۈچە قارا رەڭلىك كىيىملەرنى، ئاق رەڭلىك سەللە، بەلباغ، رومال قاتارلىقلارنى تاشلىمايدۇ. ئۈچ نەزىرىسى تۈگىمىگۈچە (بەزى ئائىلىلەردە يەتتە نەزىرىسى تۈگىمىگۈچە) شۇ ئۆيدە قازان ئېسىلمايدۇ، ئوچاققا ئوت يېقىلمايدۇ، تاماق ئېتىلمەيدۇ (تاماقنى قوشنىلار ياكى يېقىن ئەتراپتىكى تۇغقانلار ئېلىپ كېلىدۇ).

يەتتىنچى، قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى ئىچىدە ھازىدارلاردىن چاچ-ساقالنى ياساتماسلىق، چاچ تارىماسلىق، پەرداز قىلماسلىق، زىبۇ- زىننەت تاقىماسلىق، كۈلكە- چاقچاق قىلماسلىق، كىنو- تىياتىر كۆرمەسلىك، ئويۇن- تاماشا، سەيلى- ساياھەتكە بارماسلىق، ھاراق- شاراپ ئىچمەسلىك، ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتتە بولماسلىق، خۇشال كەيپىيات ئىپادىلىمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەتتا قولۇم- قوشنىلارمۇ قارىلىق مەزگىلىدە ۋاپات بولغۇچىنىڭ روھىنى ھۆرمەت قىلىپ ئۆز ئۆيلىرىدىكى توي- تۆكۈن ياكى كۆڭۈل ئاچىدىغان پائالىيەتلەرنى كېچىكتۈرىدۇ ياكى توختىتىپ تۇرىدۇ.

سەككىزىنچى، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ياكى ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن ئەر ۋاپات بولغۇچىغا بولغان ئەقىدە- ئىخلاسىنى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بولغان قايغۇلۇق كەيپىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەرھۇمنىڭ يىلى توشقىچە ياتلىق بولمايدۇ ياكى ئۆيلەنمەيدۇ (ئالاھىدە ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا) .بۇ قائىدىگە رىئايە قىلىنمىسا پەرزەنتلىرى قارشى تۇرىدۇ، جامائەت نارازى بولىدۇ.

قىسقىسى، ۋاپات بولغۇچىغا يۇقىرىقىدەك قىياپەت ۋە ھەرىكەت شەكىللىرى ئارقىلىق قارىلىق تۇتۇش كەيپىياتى شەكىللەندۈرۈلۈپ، مەرھۇمغا بولغان يۈكسەك ئىززەت- ھۆرمەت ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

## 2. قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى ۋە قارىلىق ئوشتۇش ئۇسۇلى

ئادىتىمىز بويىچە ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئالاھىدە ئىززەت- ئىكرام ۋە قارىلىق تۇتۇش كەيپىياتى ئىچىدە ئۇزىتىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك كونكرېت شەكىللەر ياكى ئەھمىيەتلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق قارىلىق تۇتۇلۇپلا قالماي، بەلكى قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى ۋە قارىلىقنى ئوشتۇش (قارىلىق مۇددىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش) ئۇسۇلىمۇ ئالاھىدە قائىدىلەشكەن ئۆرپ- ئادەتكە ئايلانغان. قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى مەرھۇم بىلەن ھازىدارلارنىڭ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەت دەرىجىسىگە، شۇنداقلا مەرھۇمنىڭ شۇ جەمەت ئىچىدىكى ياكى جەمئىيەتتىكى ئىززەت- ئابرۇيىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. ئالايلى: قارىلىق تۇتقۇچى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ئېرى ياكى خوتۇنى، دادىسى ياكى ئانىسى، بالىسى ياكى قېرىندىشى بولسا ۋە ياكى قېرىنداشتىنمۇ ئارتۇق دوستى بولسا ئادەتتە يەتتە كۈن (يەتتە نەزىرىسى تۆگىگۈچە)، ئالاھىدە ئەھۋالدا قىرىق كۈن (قىرىق نەزىرىسى تۆگىگۈچە)، ئايرىم ئەھۋاللاردا ھەتتا بىر يىل (ئۆلۈپ كەتكۈچىگە بولغان ئەقىدە- ئىخلاسى پەۋقۇلئاددە بولغانلار يىل نەزىرىسى تۆگىگۈچە) قارىلىق تۇتىدۇ. قارىلىق تۇتقۇچى ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ھاما- تاغىلىرى، بىر نەۋرە ئاكا- ئۇكا، ئاچا- سىڭىللىرى، قولۇم- قوشنا، دوست- يارەنلىرى بولسا ئۈچ كۈن قارىلىق تۇتىدۇ. قارىلىق مۇددىتى ئىچىدە قارىلىق تۇتقۇچىلار (ھازىدارلار) قارىلىق كىيىملىرىنى تاشلىمايدۇ، قارىلىق كەيپىياتىنى يوقاتمايدۇ، ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ بىۋاسىتە تۇغقانلىرى ھېسابلىنىدىغان ئېرى، ئايالى، دادىسى، ئانىسى، بالىلىرى، قېرىنداشلىرى ئادەتتە يەتتە نەزىرە تۆگىمگۈچە مېيىت ئۇزىتىلغان ئۆيدىن ئايرىلمايدۇ (ئالاھىدە ئەھۋال بۇنىڭ سىرتىدا). يەتتە نەزىرە تۆگىگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ باشقا تۇغقانلىرى ياكى دوست- بۇرادەر، قولۇم- قوشنىلىرى مېيىت ئۇزىتىلغان ئۆيگە كېلىپ ھازىدارلارنىڭ بېلىدىكى ئاقنى يېشىپ، بېشىدىكى ئاق روماللارنى ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا باشقا رەڭلىك روماللارنى ئارتىپ قويىدۇ. ھەمدە ئۇلارغا چىرايلىق تەسەللىي بېرىپ، ئۆز ئۆيلىرىگە يۆتكەپ قويىدۇ، ھەمدە شارائىت يار بەرگەن ئەھۋالدا ئۇلارنى مېھماندارچىلىققا چاقىرىش، سەيلىگە تەكلىپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ھازىدارلارنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتىنى پەسەيتىپ، خۇشال- خۇرام، ئەركىن- ئازادە كەيپىياتتا ئەسلىدىكى تۇرمۇش ۋە خىزمەتلىرىگە كىرىشىپ كېتىشىگە ياردەم بېرىدۇ.ھازىدار ئۆلۈپ كەتكۈچىنىڭ ۋاستىلىق تۇغقانلىرى ھېسابلىنىدىغان ھاما- تاغىلىرى، بىر نەۋرە ئاكا- ئۇكا، ئاچا-سىڭىل، قۇدا- باجىلىرى، قولۇم- قوشنا ۋە دوست- بۇرادەرلىرى بولسا، مېيىت ئۇزىتىلىپ ئىككىنچى كۈنى ياكى ئۆلگۈچىنىڭ ئۈچ نەزىرىسى ئاياغلاشقان كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ باشقا

تۇغقانلىرى ياكى دوست ـ بۇرادەرلىرى مېيىت ئۆزىتىلغان ئۆيگە كىلىپ، ئۇلارنىڭ بېلىدىكى ئاقنى يېشىپ، ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ ئۆز ئۆيلىرىگە يۆتكەپ قويىدۇ. قارىلىق تۇتقۇچىلارغا (هازىدارلارغا) ئەنە شۇنداق تەسەللىي بېرىش، ئۇلارنى قارىلىق كىيىملەرنى، قارىلىق بەلگىلىرىنى تاشلاپ، ياسىنىپ، تارىنىپ، ئەركىن ـ ئازادە كەيپىياتقا قايتىشقا دەۋەت قىلىش ھەمدە ئۇلارنى مۇسىبەت بولغان ئۆيدىن ئۆز ئۆيلىرىگە يۆتكەپ قويۇش پائالىيىتى «قارىلىق ئۇشتۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. قارىلىق ئۇشتۇش ئۆچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر قارىلىق تۇتقۇچىلارغا قارىلىق مۇددىتىنىڭ توشقانلىقىنى ئەسكەرتىپ، ئۇلارنىڭ قايغۇنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ئاسراپ، نورمال پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ئىلهام بېرىدىغان ئۇنۇملۇك ئۇسۇلدۇر.

## 3. قارىلىق تۇتۇشنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى

قارىلىق تۇتۇش قانداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭدا هازىدارلارنىڭ بىر ئورتاق ھېسسىياتىنى، يەنى مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى، بىر ئورتاق ئارزۇسىنى يەنى مەرھۇمنىڭ «ئاخىرەت» لىكى ئۈچۈن ئاقىۋىل تىلەش ئارزۇسىنى ئىپادىلەش تۈپ مەقسەت قىلىنغان. ئەنە شۇنداق تۈپ مەقسەت قارىلىق تۇتۇشنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ھېسابلىنىدۇ. ئەجدادلىرىمىز قارىلىق تۇتۇش ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان ئەنە شۇنداق تۈپ مەقسەتلىرىنى قارىلىق تۇتۇش شەكىللىرىدىكى ئاق رەڭ ۋە قارا رەڭلىك شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە سىماسى ئارقىلىق ئىنتايىن ئوبرازلىق ۋە كونكرېتلاشتۇرۇپ نامايان قىلىپ كەلگەن.

ئالايلى: قارا رەڭ خەلقىمىز ئىچىدە قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆپ خىل سىمۋوللۇق مەنىلەردە ئىستېمال قىلىنىسمۇ، لېكىن ئاساسلىقى بۇ خىل رەڭ كىشىلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى ـ ئاپەتلەرنى، قايغۇ ـ ئەلەملەرنى، زۇلۇم ـ ستەملەرنى، قارا كۆڭلەرنى، شۇ سەۋەبلىك كۆڭلى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سىمۋوللۇق ئىپادىلەيدىغان ئاساسلىق ۋاستە بولۇپ كەلگەن. شۇڭا خەلقىمىز ئۆزى يامان كۆرىدىغان، قارشى تۇرىدىغان شەيئىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسىنى قارا رەڭگە مۇناسىۋەتلىك «قارا كۆڭۈل»، «قاراڭغۇ زىندان»، «قارا نىيەت»، «قارا بوران»، «قارا تۇپراق» (نەۋائىي: «ياتار جايىم قارا تۇپراق، ھەر نەپەسىم پىغان بولدى.» دەپ يېزىپ قارا كۆڭلەرگە بولغان قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن)، «قارا گۇرۇھ»، «قارا جەمئىيەت»، «قاراڭغۇ بازار» دېگەندەك سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ كەلگەن. قارىلىق تۇتۇش شەكىللىرىدىكى قارا چاپان، قارا تۇماق، قارا ئۆتۈك ـ ئاياغ، قارا مەسە ـ كالاچ كىيىش، جىنازىغا قارا يوپۇق يېپىش، قارا چاچ ـ ساقاللىرىنى ياساتماسلىق، تارىماسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى هازىدارنىڭ مەرھۇمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق ھەسرەت چېكىپ قايغۇ ـ ئەلەمگە پاتقانلىقىنى، شۇ سەۋەبلىك كۆڭلى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانلىقىنى، ئۇنىڭسىز ياشاشنىڭ قاراڭغۇ زىنداندا ياشىغاندەك ئازابلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش، شۇ ئارقىلىق مەرھۇمغا بولغان يېقىنلىقىنى، ۋاپادارلىقىنى، ھۆرمىتى ۋە ئىخلاسىنى باشقىلارغا (ياشاۋاتقانلارغا) بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئىدىيە ـ ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى مەرھۇم بىلەن قارىلىق تۇتقۇچى ئەر ـ ئايال، ئاتا ـ بالىلار، قېرىنداشلار، دوستلار ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ، سەمىمىي ـ ساداقەتنىڭ، ۋاپادارلىقنىڭ، ئىشەنچ ـ ئېتىقادنىڭ چەكسىزلىكى، ئۇلۇغلۇقى، گۈزەللىكىنى ۋە مۇقەددەسلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەنە شۇنداق ئالىيجاناپ روھنى ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشتا، ياشاۋاتقانلارنى ئەنە شۇنداق گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەر بىلەن تەربىيەلەشتە مۇھىم ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەمدى ئاق رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىگە كەلسەك، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ئاق رەڭنى بەخت ـ سائادەتنىڭ، پاكلىقنىڭ، گۈزەللىكنىڭ، ياخشىلىقنىڭ، نۇسرەت ـ ئامەتنىڭ، ئاقكۆڭۈللۈك ۋە

سەمىمىيلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ كەلگەن. ئاق رەڭنى ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىك ۋە مۇقەددەسلىككە سىمۋول قىلىپ قوللىنىش خەلقىمىزنىڭ قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرىدىمۇ ئاجايىپ گۈزەل تىلەكلەرگە ۋە تولىمۇ يۈكسەك مەنىلەرگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان. ئالايلى: قارىلىق تۇتقۇچىلارنىڭ ئاق سەللە، ئاق بەلباغ، ئاق رومال ئىشلىتىشى، مېيىتنى ئاق رەڭلىك لاتا بىلەن كېپەنلەش، جىنازىغا ئاق رەڭلىك كىگىزگە ئوراپ سېلىش، مېيىتنى يۇيغۇچىلارنىڭ ئاق رەڭلىك پەلەي، ئاق رەڭلىك سوپۇن ئىشلىتىشى، مېيىت يۇيۇلغان جايغا ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈن نوكچا يورۇتۇش (چوكا ئۇزۇنلۇقىدىكى ياغاچنىڭ بىر ئۇچىغا چىلانىدەك چوڭلۇقتا پاختا يۆگەپ، ئۇنى سۇ مايغا چىلاپ ئوت يېقىپ يەنە بىر ئۇچىنى يەرگە تىك سانجىپ قويۇش) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاللادىن مەدەت تىلەش، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىپ، «ئاخىرەت» لىكىنىڭ ئاقىۋەتلىك بولۇشىنى، ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولۇپ، يورۇق، ئازادە، گۈزەل جەننەتتىن ئورۇن ئېلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشنى چىقىش قىلغان. بۇ، قان- قېرىنداشلار ياكى يار- بۇرادەرلەرنىڭ بىر بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا كۆيۈنۈش، ئۇلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرۇش، ئۇلارنىڭ شاتلىقىغا ھەمدەم بولۇش، بەخت- ئامىتىدىن پەخىرلىنىشتىن ئىبارەت چىن ئىنسانىي تۇيغۇ، ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ ئاق رەڭلىك شەيئىلەر ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. ئەنە شۇنداق چىن ئىنسانىي تۇيغۇنىڭ، ئالىيجاناب پەزىلەتلەرنىڭ قارىلىق تۇتۇش ئادەتلىرىمىز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ تۇرۇشى -- مەنىۋى قىممىتى چەكسىز ئىجتىمائىي بايلىقىمىزدۇر. بۇلارنىڭ ياشاۋاتقانلارنى ھەقىقىي ئادىمىيلىك ئۆلچەملىرى بىلەن تەربىيەلەشتە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور.

قىسقىسى، مەيلى مېيىت ئۈزۈتىش پائالىيىتى ياكى قارىلىق تۇتۇش شەكىللىرى بولسۇن، مەيلى قارىلىق تۇتۇش مۇددىتى ۋە قارىلىقنى ئوشتۇش ئۇسۇللىرى بولسۇن ھەممىسىدە يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك مۇھەببەت نامايان قىلىنىپ، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، مېھرىبانلىق، ئىناق- ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈشتەك ئىنسانىي پەزىلەتلەر تەشەببۇس قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداق گۈزەل ئۆرپ- ئادەتلەرنى، ئالىيجاناب خىسلەتلەرنى، يۈكسەك مەنىۋى قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قېزىشىمىز، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى ئېسىل جەۋھەرلەرنى قوغدىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ تەركىبىدىكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماس كەلمەيدىغان، تۇرمۇش شارائىتىمىزنىڭ، تۇرمۇش ئۇسۇللىرىمىزنىڭ ئىجابىي تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغانلىرىنى تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىز لازىم.

## پايدىلانمىلار

[1] مۇئجىزى : «تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982- يىلى نەشرى، 26- بەت.

[2][3] «مىراس» ژورنىلىنىڭ 2006- يىللىق 5- سانى، 21-،22-بەتلەر.

[4] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993-يىلى نەشرى، 330- بەت.

[5] ئابدۇكېرىم راخمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ- ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996- يىلى نەشرى.

[6] رەخمان ئابدۇرېھىم: «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى نەشرى.

[7] «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006- يىللىق 5- سانى.

[8] «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 2009- يىللىق 3- سانى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى**

ماقالە نومۇرى: 07 ـ 104 ـ 01 (2011) 1005 ـ 5878

# ھەزرەت سەيلىسى ۋە ئۇنىڭ فولكلورلۇق ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا*

مەمەت ساۋۇت

(شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسى، ئۈرۈمچى، 830049)

قىسقىچە مەزمۇنى: ھەزرەت سەيلىسى كۈچلۈك ئاممىۋىلىققا، ئۇنىۋېرساللىققا، رەڭدار مەزمۇنغا ئىگە يەرلىك ئەنئەنىۋى بايرام. ئۇ نوقۇل ھالدىكى تاۋاپ، ئىبادەتنى ئاساس قىلغان مازار سەيلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باغ سەيلىسى، مەدداھلىق، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى، يەرمەنكە تۈسىنى ئالغان ئۇنىۋېرسال سەيلە پائالىيىتىدۇر. بۇ ماقالىدە 19 ـ ۋە 20 ـ ئەسىرلەردە قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ھەزرەت سەيلىسى» دىن ئىبارەت بۇ پائالىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخى، خەلق ئارىسىدا تۇتقان ئورنى، خەلق ئاممىسىنىڭ قوشنىدارچىلىق ۋە يۇرتداشلىق مېھرى ـ مۇھەببىتىگە ئوخشاش باردى ـ كەلدى مۇناسىۋەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كۈچەيتىشتە تۇتقان رولى، چەتئەللىك سەيياھلارنىڭ كۆز قاراش ۋە خاتىرىلىرى، سەيلىدە شەكىللەنگەن ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەت، دىنىي ئېتىقاد، سودا ـ سېتىق، كۆڭۈل ئېچىش، ، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتىگە ئوخشاش فولكلورلۇق ھادىسىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**摘要：** 艾孜来提郊游是具有很强的群众性、综合性和丰富内容的地方性传统节日，它不是单纯以宗教为基础的麻扎朝拜，而是带有游园、说书、民间曲艺表演、商品交易会等特色的综合性郊游活动。本文主要研究 19 和 20 世纪以喀什为中心的新疆南部地区维吾尔民间广为流行的“艾孜来提郊游”活动的历史来源、在人民群众中的地位、在推动和加强各地人民群众之间的邻里关系和同乡交往中的作用、外国旅行家们的看法和记载、此活动中形成的独特的风俗习惯、宗教信仰、买卖、娱乐、民间艺术、说书等民俗现象。

**Abstract:** "Hezret seyle (Garden Party)" is a traditional local festival having strong communality, comprehensiveness and richer contents. It is not only the basis for worship and pray tomb seyle (party), but also the festival has characteristic features such as garden party, story-telling, folk art forms, trade fair. In this paper, the author mainly studied the historical origin of "hezret seyle (Garden Party)" popular among Uyghur people during 19th and 20th century in southern Xinjiang centered in Kashgar. He also expounded the role of "hezret seyle (Garden Party)" among Uyghur people, its function of enhancing the relationships of the people, the views and records of the foreign visitor of it, and the unique customs, religious beliefs, business, entertainment, folk art and storytelling that came into being during "hezret seyle (Garden Party)". It is not only a worshipping and praying garden party, but a comprehensive garden party which includes orchard tours, storytelling, folk art, and fair and so on.

كىتابلارنى جۈملىگىچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G03　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ھەزرەت سەيلىسى ـ قەشقەردە كەڭ ئومۇملاشقان، قاتنىشىدىغان ئادەم سانى كۆپ بولغان، ئەسىر

* بۇ ماقالە 2009 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان.
ئاپتور: مەمەت ساۋۇت (1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، ماگىستىر. ئەدەبىيات ۋە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

دائىرىسى چوڭ، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان سەيلە. بۇ سەيلە قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تۆت كىلومېتىر كېلىدىغان ھەزرەت[1] دېگەن كەنتتە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ كەنتنىڭ نامى بىلەن «ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتالغان. «ھەزرەت» دېگەن بۇ سۆز قەشقەردە ئاپئاق خوجا نامى بىلەن ئاتالغان ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ مازىرى جايلاشقان مەلۇم دائىرىنىڭ نامى، ئۆتمۈشتە بۇ يەردە ھەر يىلى بىر قېتىم پەيشەنبە ۋە جۈمە كۈنى چوڭ سەيلە بولۇپ تۇراتتى. بۇ سەيلە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارىخىي ئەنئەنە بولۇپ قالغاچقا، باشقا ناھىيەدىكى كىشىلەرمۇ ھەر يىلى بىر قېتىم ياكى ھاياتىدا بىر قانچە قېتىم بۇ جايغا كېلىپ سەيلە قىلىپ قايتىشاتتى. سەيلە « ھەزرەت» بولغاچقا، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ سەيلىنى « ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇ ھەقتە ئەھمەد زىيائى «رابىئە-سەئىدىن » داستانىدا مۇنداق توختالغان:

شۇنىڭدەك بولىتى قەشقەردە سەيلى،
يۇقارقى رەسمىلەردىن ئۆزى غەيرى.
شۇلارنىڭ بىرى ھەزرەت سەيلىسدۇر،
ئۇنى قەشقەردە ئادەت قىلىشىپتۇر.
باھار بولسا، يېتىپ كەلسە بەشىنچى ئاي،
بۇ قەشقەر بولسا پىشقان مېۋىگە باي.
گىلاس، ئۈجمە، ئۆرۈك ۋە چىلگە پىشسا،
قىزىل گۈل، ئەتىرگۈل كۈلسە، ئېچىلسا،
دولان، مەكىت، يېڭىسار، پەيزىۋاتتىن،
مارالبېشى، يەكەن، يېڭى ئاۋاتتىن.
گۇما ھەم قاغىلىق بىرلە خوتەندىن،
تارىم، موغۇل ، يوپۇرغا ھەم يەكەندىن،
ئاقار ئەللەر قەشقەرگە بولۇپ، سەل[2]

ھەزرەت سەيلىسى 1900- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا چوڭ داغدۇغىسى بىلەن ئەينى چاغدا قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەللىكلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغان. شۇنداقلا قەشقەرگە دىن تارقىتىشقا كەلگەن شۋېتسىيە ۋە ئەنگلىيەلىكلەرنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغان. 20 -ئەسىرنىڭ بېشىدا قەشقەرگە ساياھەتكە كەلگەن گۇننار يارىڭ « رەكىت يازمىلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ 20- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ۋە مائارىپ ئەھۋالى» دېگەن ماقالىسىدە ئاپئاق خوجا مازىرىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ يىغىلىشنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ: « كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدىغان بىرخىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى، ئەتىياز ۋە ياز كۈنلىرىدىكى مۇقەددەس جاي (مازار) دىكى ئاممىنىڭ چوڭ يىغىلىشى بولۇپ، ئادەتتە ئۇ كىشىلەردىن ئىخلاس بىلەن ئاۋاپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭغا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بەزىلەر ياكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مازاردىكى پائالىيىتىنى ئۆلۈغلارنىڭ بېشىدا تەلپىنىڭ ئىجابەت بولۇشى ۋە كېسەللىگە شىپالىق بېرىشىنى تەلەپ تاماملايدۇ.»[3] لېكىن گۇننار يارىڭ ئەينى يىلى 2-ئايدا بارغان بولغاچقا« ھەزرەت سەيلىسى» نى كۆرەلمەي، ئاپئاق خوجا قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىش بىلەنلا چەكلەنگەن. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، كىشىلەر تەرەپتىن-تەرەپتىن كېلىپ بۇ يەردە ناھايىتى چوڭ يىغىلىش مەركىزى ھاسىل قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ھەزرەت سەيلىسى» دە بولىدىغان ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تاماشا قىلسا، بەزىلىرى بۇ چوڭ مازارغا تۇۋا ئىستىغپار ئوقۇغىلى، بېشىدىكى بالا-قازالارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى ۋە كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىنى تەلەپ قىلغىلى كېلىدۇ. بۇ سەيلىنىڭ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكى بىلەن داڭق چىقارغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئەلۋەتتە.

رۇسىيەلىك سەيياھ نوشىرۋان يائۇشۇف ئۆزىنىڭ«ئۇيغۇر ئېلىگە زىيارەت» دېگەن ماقالىسىدىمۇ «ھەزرەت سەيلىسى » ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: « بۇ يەردە زىيارەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس بازارلار ئېچىلغان. زىيارەتچىلەرنىڭ سانى يوق. ئەلتە شەھەرلىكلەر بارچە مۇراد-مەقسەتلىرىنى بۇ يەردىن ئىزدەيدۇ، ھاجەتلىرىنى سورايدۇ. يولدا ئاتلىق، پىيادە، ئېشەكلىك ۋە ھارۋىلىق كىشىلەر ئۇرۇشقا ماڭغان ئەسكەرلەردەك مازارغا كېتىپ باراتتى.بۇ كۈنلەردە شەھەرلەردە ئادەم شالاڭلاپ قالغاندى.»[4]

تۈركىيەلىك يازغۇچى ئە.ك.ئىلكۇل (1889ـ 1966) 1914ـ يىلىدىن 1919ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر، ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا تۇرۇش جەريانىدا ئاپئاق خوجا مازىرىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان «ھەزرەت سەيلىسى»گە بىۋاستە داخىل بولغان. ئۇ يەردە كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشنى باھانە قىلىپ، پۈتۈن كېچە بۇ يەردە ئويۇن-تاماشا قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان. شۇنداقلا ئايەم كېچىسىگە كېلىپ-كېتىشنىڭ سەھرا خەلقىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئايەم كېچىسىگە سەھرا خەلقى بەكمۇ ئىخلاس قىلىدۇ. بەزى يۇرتلاردا تويلاشماقچى بولغانلار، ئەرنىڭ ئالماقچى بولغان ئايالنى ئايەمدە ئاپئاق غوجىنىڭ مازارلىقىغا ئېلىپ بېرىشى شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ پۇلى بولمىسا قازان، كوزا، چىنە-چەينەكلىرىنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ شەرتنى ئادا قىلىدۇ.»[5]

يەنە بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇشۇ سەيلىگە ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان كىشىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سەيلىگە قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى ھەددى-ھېسابسىز بولۇپ، قەشقەر ئەتراپىدىكى ھەرقايسى ناھىيە، يېزىلاردىن ھەتتا ئاتۇش، خوتەنلەردىنمۇ كىشىلەر كېلىپ قاتناشقان. كىشىلەر ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ «ھەزرەت سەيلىسى» گە قاتنىشىشنى شەرەپ دەپ بىلگەن. ھەتتا توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان قىز تويدىن بۇرۇن يىگىتىنىڭ «ھەزرەت سەيلىسى»گە ئېلىپ بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئەگەر بۇ سەيلىگە ئېلىپ بارالمىسا، توي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىكەن. دېمەك بۇ سەيلىگە قاتنىشىش كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىش باھانىسىدە كۆڭۈل ئېچىش ۋە ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۇچرىشىشىدىكى ئاساسلىق سورۇنى بولۇپ قالغان. بۇ ھەقتە ئەھمەت زىيائى «رابىئە- سەئىدىن» داستانىدا توختىلىپ مۇنداق مىسرالارنى تىلغا ئالىدۇ:

ئۈچىنچى يىل ئوقۇشتا ئىدى سەئىدىن،
ئۆتۈنىدى رابىئە كۆپ، ئانىسىدىن.
بېرىشنى سورىدى ھەزرەت سەيرىسىگە(سەيلىسىگە)،
كۆتۈپ مەجنۇن كۆرۈنسۇن لەيلىسىگە.[6]

شۇنداق بولغاچقا، بۇ سەيلە كىشىلەر ئارىسىدا كەڭ ئومۇملىشىپ نۇرغۇنلىغان سەيلىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.

بۇ سەيلە ھەر يىلى ئۈجمە پىششىقىدا باشلىنىپ، ئورما باشلىنىدىغان ۋاقىتقا قەدەر ئىككى ئاي داۋام قىلاتتى. ھەر پەيشەنبە، جۈمە كۈنى بۇ پائالىيەتكە قېرى-ياش، قىز-ئاياللار، ھەتتا ئۇششاق باللارمۇ قاتنىشاتتى. كىشىلەر مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، پەيزىۋات، مارالبېشى، ئاتۇش قاتارلىق يۇرتلاردىن يوغان چاقلىق ھارۋىلىرىغا ئات-كالىلىرىنى قېتىپ، ھەپتە ئون كۈن يول يۈرۈپ، بۇ يەرگە ھازىر بولاتتى.

بۇ مەۋسۇمدۇر ئۆرۈكنىڭ پىششىقى دەل،
كېلىشىدۇ ئۇلار بۇندا، تاۋاپ دەپ.
مۇشەققەتلەر چېكىشىپ، چاڭ -توزان يەپ،
تاۋاپ دېگىنى ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئاپئاق،
ياسالغان ھەشەمەتلىك كاھشلىق تاق.[7]

يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئېشەكلىك ياكى پىيادە بولۇپ كېلەتتى. بۇ ئىككى ئاي جەريانىدا بۇ يەرگە كېلىپ كۆڭۈل ئاچىدىغانلار، ئىبادەت قىلىدىغانلار بەك كۆپ بولۇپ، كۈنىگە تەخمىنەن 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ يەرگە جەم بولاتتى. بۇ كۈنى «ھەزرەت سەيلىسى» گە كېلىدىغانلارنىڭ سانى كۆپ بولغاچقا، تۆشۈك دەرۋازىسىدىن تارتىپ، تا ھەزرەتكىچە كوچىدا ئادەم لىق تولۇپ كېتەتتى. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالار ئارقىلىق دەلىللەشكە بولىدۇ:

ئىدى ئورتالىرى ئالتىنچى ئاينىڭ،
پىشىپ ئۈجمە، كۈنى تۇغقان گادايىنىڭ.
كىشى كۆپ، تىقما- تىقماق بىر ئالامەت،
تۆشۈك دەرۋازىسىدا بولغان قىيامەت.
ئاقاتتى كوچىدا ئادەم بولۇپ، سەل،
ماڭاتتى ھەزرىتى ئاپپاققا قاراپ دەل.[8]

ھەزرەت سەيلىسىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مال ـ مۈلكەت ئىن د ھىر ئازاد،
بىلكە نام پاك ئوست دىلشاد
ئىگەر ھۇسەد ھەم بىنىست شەش بۇد [9]

بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا بۇ سەيلە ھىجرىيە 1226-يىلىدىن باشلانغان. يەنى شۇ يىلى دىلشادى خېنىم (سۇدەيشاڭ) شەربەت كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى پەلەمپەينى ياسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئەتراپتىكى كىشىلەرگە ئاپئاق خوجا مازىرىنى تاۋاپ قىلغاچ ھەزرەت سەيلىسىگە قاتنىشىشقا تەۋسىيە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ سەيلە قىلىدىغانلار بارغانسىرى كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا دىلشادى خېنىم مەسچىتنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنى كۆپەيتىپ بۇ يەرگە ئۈجمىلىك باغ، چارۋاغ، ئىرەمباغ، ۋاپ باغ قاتارلىق ئالتە باغ بىنا قىلدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈجمىلىك باغ ۋە چارۋاغلار ھەزرەت تەۋەسىدە بولۇپ، ئاپپاق خوجا مازىرىغا تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى بولغان. بولۇپمۇ ئۈجمىلىك باغ بىر قەدەر چوڭ بولۇپ، بىر تۈپ ئۈجمىنىڭ سايىسى بىر مو يەرنى ياپىدىكەن. بىر تۈپ ئۈجمىگە 80-70 ئادەم تويىدىكەن. بەزى كىشىلەر ئۈجمىلىك باغدا ئۈجمە يېگەچ سايىدا ئولتۇرۇپ ساز چېلىشىپ، ناخشا ئوقۇسا، بەزىلەر بۇ يەرنى قىمار ئوينايدىغان ياخشى سورۇن قىلىۋالغان..

بىرى بىر قەبرە يېنىدا يىغلاپ،
كۆزدىن ياش تۆكەر يېقىنىنى يادلاپ.
يەنە بىر ياقتا سازچىلار ساداسى،
ئۇرۇلغان داپ بىلەن نەغمە ـ ناۋاسى[10].

«ھەزرەت سەيلىسى»نىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى ئاپئاق غوجا مازىرىنىڭ ئالدىدىكى «شەربەت »كۆل ۋە چوڭ كۆلنىڭ بويى ۋە مازارنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئىچكى ۋە تاشقى سەيلىگاھ- دەپ ئىككىگە ئايرىلغان.

ئىچكى سەيلىگاھ ئاساسلىقى ئىبادەت قىلغۇچىلار بىلەن توشقان بولۇپ، كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قەبرىگە يۈزلىرىنى يېقىپ، ئاپئاق خوجىدىن ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولۇشىنى تىلىگەن، ھامىلىدار ئاياللار تۇغۇتىنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن قەبرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قويلارنىڭ مۆڭگۈزلىرىنى قورساقلىرىغا باغلاپ يۈرگەن. تاشقى سەيلىگاھ بولسا شەربەت كۆلىدىن تارتىپ، چوڭ كۆل بويىغىچە ئارىلىقتا كىچىك بىر رەستىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، «رەستىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا گەزلىمىچىلەر، يېمىشچىلەر ئوقەت قىلىشاتتى، رەستىنىڭ مازارغا يانداش قىسمىدا بولسا يېمەكلىك ۋە ئۇسسۇزلۇق ساتقۇچىلار ئوقەت قىلىشاتتى»، كىرىپ چىقىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كۆپلىكىدىن كوچىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەيلە كۈنى ئاتا-ئانىلار باللىرىنى يۈتۈپ كەتمىسۇن،- دەپ ئۆيگە سولاپ قوياتتى.باللار ئۆگزىگە چىقىپ سەيلىنى تاماشا قىلاتتى[11]. ھۆپىگەرلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ماختاپ توۋلاۋاتقان ئاۋازلىرى، سامسىپەز، كاۋاپچى، ناۋايلارنىڭ خېرىدارلارنى چاقىرغان ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالغان بولۇپ، بۇ ئاۋازلار ھەتتا قەشقەر شەھىرىگىچە ئاڭلىناتتى. نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ ھەزرەت سەيلىسىدە قىلغان بىر كۈنلۈك سودىسى بىر ئايلىق سودىسىغا تەڭ بولاتتى. بىر ئاشخانىدا سەيلە ۋاقىتلىرىدا كۈنىگە ئۈچ خالتا ئۇننى ئىشلىتىپ بولغىلى بولاتتى.بىر دۇكاندىن ئۈچ مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم بولاتتى. چوڭ كۆل ئەتراپى كىشىلەرنىڭ ئارام ئالىدىغان كۆڭۈل ئاچىدىغان ئاساسلىق جايى بولۇپ، بەزى دۇكاندارلار كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تارتىپ، كۆلنىڭ ئەتراپىغا قەدەر قوزۇق قېقىپ چوڭ كارىۋاتلارنى ياساپ چوڭ ساماۋەرلەرنى قويۇۋالاتتى. ئەلنەغمىچىلەر ساماۋەر ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، كۈي-نەغمىلەرنى چېلىشىپ، سەيلىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈشەتتى.

قۇرۇلغان قانچە يۈز جايدا ساماۋەر،
بولۇشۇپ ئۇندا ئۈلپەت، دوست ھەم يەر .
بولۇپ توپ-توپ، ئىچىشىپ قەنت سېلىپ چاي،

ساما سېلىشىپ، دېيىشىپ هاي-هاي-هاي.
دۇتار، ساتار، راۋابۇ نەي هەم تەمبۇر،
ياڭرىتىپ ناخشىنى سازغا قىلىپ جور.
ئۇسسۇلغا تارتىشىپ بىر-بىرىنى زورلاپ،
يۇرۇشەتتى مۇشۇنداق سەيلە ئويناپ .[12]

سەيلىچىلەر كوچىدىكى تاماشالاردىن زېرىكسە كۆلنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ تاشۋاي قاتارلىق ئەلنەغمىچىلەرنىڭ سازلىرىدىن قانغۇچە هۇزۇرلانغان. بۇ هالەت تەبئىي هالدا نۇرغۇنلىغان خەلق ئەلنەغمىچىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا سورۇن هازىرلاپ بەرگەن. دادا غوجا ۋە روزەك باشى قاتارلىق خەلق ئەلنەغمىچىلىرى بۇ ئاممىۋى پائالىيەتكە قاتنىشىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇنداق داڭلىق ئەلنەغمىچى مۇقامچىلارنىڭ شۆھرىتى سەيلىچىلەرنىڭ كۆپىيىشىگە تۈرتكە بولغان. دادا غوجا ئاتۇش ئازاقتىن بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن موللا ئەزىز يىگىت بېشى هەر يىلى «هەزرەت سەيلىسى»گە كېلىپ، مۇقام سادالىرىنى ياڭرىتىپ، مىڭلىغان سەيلىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. روزەك باشى هەزرەتكە يېقىن بۇچى كەنتىدىن بولۇپ، دادىسىنىڭ راۋابقا بولغان ئىشتىياقىنىڭ تەسىرىدە ئانچە مۇنچە راۋاب چېلىشقا كىرىشكەن، كېيىنكى كۈنلەردە «هەزرەت سەيلىسى»گە بېرىپ ئۇستا راۋابچى ۋە مۇقامچىلارنىڭ ئاهاڭلىرىنى قېتىرقىنىپ ئاڭلاپ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاهاڭلارنىڭ ئېسىدە قالغانلىرىنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق كېيىن خەلق ئارىسىدا«روزەك باشى»دېگەن نام بىلەن مەشهۇر خەلق سەنئەتكارى بولۇپ تونۇلغان. هەزرەت سەيلىسى مەشهۇر خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا سورۇن هازىرلاپ بېرىپلا قالماستىن يەنە قوشاقچى، داستانچىلارنىڭمۇ يېتىشىپ چىقىشىغا سورۇن هازىرلاپ بەرگەن. سەيلە كۈنى ئۇجمىلىك باغ، شەربەت كۆلى ۋە چوڭ كۆل ئەتراپلىرىدا قوشاقچىلار ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن «نوزۇگۇم»نى ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن داستانچىلار «سېيىت نوچى»داستانلىرىنى ئېيتىپ سەيلىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرگەن. بۇنىڭدىن باشقا مەدداهلىقمۇ بۇ سەيلىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر تۈر هېسابلانغان. «هەزرەت سەيلىسى»كۈنى «يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن مەدداهلار تەرەپ-تەرەپتە سورۇن تۈزۈپ، مىڭلىغان سەيلىچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان.»[13] چۈنكى مەدداهلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاممىۋى سورۇن ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلىشى ئۈچۈن تېگىشلىك رول ئوينىغان. سەيلە مەزگىلىدە يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن مەدداهلار جەڭنامە، قىسسەلەرنى ئېيتىپ ئۇيغۇر ئاغزاكى سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆز تۆهپىسىنى قوشقان.

يېتىم باللار، خوتۇنلار كۆپ، تىلەمچى،
سېتىپ يالغاننى، سۆز قىلماقتا رەمچى.
يەنە بىر ياندا تارتىپ نەرە مەدداه،
يىغىپ چۆرىسىگە ئەلنى، ئۇرىدۇ ئاه،[14]

هەزرەت سەيلىسى ئۆلپەتچىلىك ۋە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشتە مۇهىم رول ئوينىغان. هەر يىلى بۇ سەيلىگە كېلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولغاچقا، بۇ يۇرتقا بالدۇرراق كېلىپ ئۆزلىرى تۇرىدىغان جاينى مۇقىملاشتۇرۇش مۇهىم، دەپ قارالغان. كىشىلەر هەپتە-ئون كۈن بۇرۇنراق يولغا چىقىپ. سەيلە باشلانغۇچە بۇ يەرگە جەم بولىدۇ. ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندە، هەر قېتىم ئوخشاش بىرسىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پاناهلىنىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئۇلاردىن هەق تەلەپ قىلماي ئاش-تاماق، قونالغۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. سەيلىچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىجەزى چىقىشىدىغان ساهىبخانلارنىڭ ئۆيىدە دائىملىق مېهمان بولۇشنى خالايدۇ. سەيلە تۈگىگەندىن كېيىن سەيلىچىلەر يۇرتلىرىغا بۇغداي ئورمىسى ئۈچۈن قايتىشىدۇ. ئىككى ئاي سەيلە جەريانىدا يۇرت-يۇرتتىن كەلگەن سەيلىچىلەرنى كۈتۈۋالغان هەزرەتلىكلەر ئورما باشلانغاندا هارۋىلىرىنى هەيدىشىپ، هەرقايسى يۇرتلارغا سەپەرگە ئاتلىنىپ، تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ، ئۆزلىرى سەيلە جەريانىدا كۈتۈۋالغان يارەنلىرىنىڭ خامانلىرىغا بېرىپ، ئۆزىگە تېگىشلىك نېسىۋىسىنى ئېلىپ قايتىدۇ. ئېلىپ كەلگەن بۇ ئاشلىقلىرى كېلەر يىلى ئورمىغىچە يېتىدۇ. ئۇلارنىڭ خاماندىن ئالغان

نىسۋىسى «چەچۈۈن» دېيىلىدۇ. «چەچۈۈن» (چەشنىڭ بۆرنى) ھەر قايسى خانىلاردا ئالدىن تەييار قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، «چەچۈۈنچىلار» خامانغا ئۆلگۈرۈپ كېلەلىسە، خاماندىن ياكى ئۆيىدىن ئېلىپ كېتىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا «چەچۈۈن» توغرىلىق مۇنداق رىۋايەت تارقالغان. ئاپئاق خوجا زامانىسىدا كىشىلەر خامانىنى 5- 10ئېشەكنى بىر قاتار قىلىپ، خاماننىڭ ئوتتۇرىغا تىكلەنگەن مومغا باغلاپ، بۇغداينى دەسسىتىش ئارقىلىق تەييار قىلاتتى. مۇشۇ رەۋىشتە خامان 3-4 كۈندە يۇمشىتىلىپ سورۇلاتتى. ئېشەكلەر بۇغداي ئېگىزلىرى ئۈستىدە 3-4 كۈن ئايلانغان چاغدا ئۇلارنىڭ تەرەت قىلىشى تەبىئىي ئىدى. بۇ بۇغدايلارنى يۇيۇۋەتكىلى بولمايتتى. بۇنى كۆرگەن ئاپئاق خوجا كىشىلەرگە يۇيغىلى بولمىغان بۇغدايلارنى خاماندا سورۇپ، چەشلەپ تاغارغا ئۇسۇشنىڭ ئالدىدا «چەشنىڭ بۆرنى» نى ئايرىم ئېلىپ قويۇڭلار،- دېگەن ئىكەنمىش. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تا ھازىرغىچە بەزى يېزىلاردا بۇغداينى تاغارغا ئۇسۇشنىڭ ئالدىدا ئۆزى خالاپ «چەچۈۈن » ئېلىپ قويۇپ، كېيىن سوراپ كەلگۈچىلەرگە بېرىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. سەيلىچىلەرنىڭ ھەر يىلى سەيلە جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئۆلپەتلىرىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇشى، ساھىبخانىلارنىڭ ئورمىدا شۇ ئۆلپەتلىرىنىڭ خامىنىغا بېرىپ «چەچۈۈن» ئېلىپ كېلىشى جەريانىدا ئۇلار بارا-بارا يېقىن دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكەن. يۇرتلار ئارا ئىناقلىقنى، ئىتتىپاقلىقنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ھەزرەت سەيلىسى يەنە تىلەمچى، دىۋانىلەرگىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە تىرىكچىلىك سورۇنى ھازىرلىغان. سەيلە مەزگىلىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن تەۋەسىدىكى تىلەمچى، دىۋانىلەر بۇ يەرگە يىغىلىپ، تىلەمچىلىك قىلغان. بۇ چاغدا تىلەمچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئالاھىدە كۆپ بولغان.

يۇرۇيدۇ ئەنە دىۋانە- قەلەندەر،
سوزۇشۇپ قوللىرىنى «ماگا نان بەر»
گادايلار دېيدۇ «ھەق يا شەيئىللا»
بېشگلار سەدىقىسى نەرسە بېرىگلار.[15]

نېمە ئۈچۈن ئەينى چاغدا شۇنچە كۆپ ئادەم بۇ سەيلىگە قاتناشتى؟- دېگەن مەسىلىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەلۇم نۇقتىدىن مازار- ماشايىخلارغا چوقۇنۇش بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئۇ ئەينى دەۋر قەشقەر خەلقىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش تەرتىپى ۋە خەلق مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتىكى كاتتا سورۇن. كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاپئاق خوجىدىن ئىبارەت بۇ شەخسكە بولغان ئېتىقاد ۋە ھۆرمىتىنىڭ مەھسۇلى بولغان. گەرچە ئەينى دەۋردە خەلق ئاپئاق خوجىنىڭ قانداق شەخس ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ يەرنى تاۋاپ قىلىشنى تاشلىمىغان. ئۇ يەرنى سەيلە قىلىشنى ساۋاب،- دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھىم ئادەتكە ئايلانغان. بۇ ھەقتە ئەھمەت زىيائى مۇنداق خۇلاسە قىلغان:

سۇرۇشتۇرگەندە ئەسلى بۇ ئىشنىڭ،
مۇشۇنداق سەيلىنى ئادەت قىلىشنىڭ.
ئاساسەن باشچىسىنى قەدىرلەشتى،
ئۆزى ئۆزىگە ئىگىلىكنى يۆلەشتى. [16]

ھەزرەت سەيلىسىگە نۇرغۇنلىغان خۇراپىي ئادەتلەر ئارىلاشقان بولسىمۇ ئۇنى ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامداش، سەيلە باھانىسىدە خەلقىنىڭ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش، كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنداق دەبدەبىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەزرەت سەيلىسى 1959-يىلىغىچە داۋاملىشىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاستا-ئاستا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، 200 يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان. ھەزرەت سەيلىسى قايناق كەيپىياتى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى، ئاۋاتلىقى بىلەن خەلق ئارىسىدا تا ھازىرغا قەدەر تىللاردا داستان بولماقتا.

دېمەك ھەزرەت سەيلىسى كۈچلۈك ئاممىۋىلىقتا، ئۇنىۋېرساللىقتا، رەڭدار مەزمۇنغا ئىگە يەرلىك ئەنئەنىۋى بايرام. ئۇ نوقۇل ھالدىكى تاۋاپ،

ئىبادەتنى ئاساس قىلغان مازار سەيلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باغ سەيلىسى، مەدداھلىق، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى، يەرمەنكە تۈسىنى ئالغان ئۇنىۋېرسال سەيلە پائالىيىتىدۇر. ئۇ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنى تەرغىب قىلىدىغان بولۇپ، 19 ـ 20ئەسىرلەردىكى مول، باياشات ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ كارتىنىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ-ئادىتى، سوداـ سېتىق ئەھۋالى، ئىناق-ئىتتىپاق يۇرتداشلىق مۇھەببىتى، خەلق ئەلنەغمە سەنئىتى قاتارلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] ئاپپاق خوجا مازىرى جايلاشقان مال كوچىنى كېيىنكىلەر ئۇلۇغلاپ«ھەزرەت » دەپ ئاتىغان.ــ قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك يەر ناملىرى كومىتېتى تۈزگەن: «قەشقەر كونا شەھەر ناھىيەسىنىڭ يەر ناملىرى خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، 1986-يىلى، 256 ــبەت
[2] ئەھمەت زىيائى: «رابىئە-سەئىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 75-بەت
[3]Gunnar Jarring “Enthnological and Folklorestic materials from Southern Sinkiang”, Lund, 1975, Page 20
[4] نۇشرىۋان يائۇشۇف: «ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2005-يىللىق 2-سان، 12-بەت
[5] ئە.ك.ئىلكۇل: «قەشقەر ئادەتلىرى»، مىراس ژۇرنىلى، 2003-يىلى 2-سان،29-بەت
[6] [8][16] ئەھمەت زىيائى: «رابىئە-سەئىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 86-، 109-بەت، 110-، 111-بەتلەر
[7][10][12][14][15]ئەھمەت زىيائى: «رابىئە-سەئىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985-يىلى نەشرى، 75- ،111-،112-بەتلەر
[9]مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى: « كاشا سەنئەت ماكانىدىكى مەدەنىي يادىكارلىق ھەزرەت»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمىي ژۇرنىلى، 1989-يىل 4-سان 90-بەت
[11]مۇھەممەت ئىمىن قۇربانى« قەشقەردە ھەزرەت سەيلىسى»، شىنجاڭ تەزكىرىسى، 1997-يىللىق 1-سان 65-بەت
[13] ئابدۇكېرىم راخمان، شېرىپ خۇشتار: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرى»، شىنجاڭ ياش-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2008-يىلى نەشرى، 197-بەت

**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

---

### سۇلتان قىرمىش تەزكىرىسى

تومغا بۆلۈنمىگەن ، بىر قىسىم ، 135 بەت. 19ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا مەۋلانە مۇزەپپەر بابقەمبەر ئاقسۇدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان. بۇ ئاقسۇ ئونسۇدىكى «قىرمىش ئاتا» نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان سۇلتان قىرمىش مازىرى ھەققىدىكى تەزكىرە بولۇپ، قىرمىش ئاتا مازىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئەينى دەۋردىكى ئاقسۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇنىڭدا، سۇلتان قىرمىشنىڭ نەسەب جەھەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغان شەجەرىسى ۋە بۇ مازار تەزكىرىسىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر روھىدىن، مەۋلانە ئابدۇل ئەلىم بۇخارىغا بىشارەت بولغانلىقى، قىرمىشنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئاجايىپ ـغارايىپ مۆجىزات، كارامەتلىرى ۋە ئۇنىڭ دىنىي قوغداش جەڭلىرىدىكى ماھارەتلىرى ھەققىدە بىر مۇنچە قىسقا ھېكايىلەر بايان قىلىنغان.

ئاقسۇنىڭ جۈملىدىن ئونسۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە.

19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قوليازما، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، سىياھ رەڭگى قارا ، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 17.5×10.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 13 ×7 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، بەزى بەت يۈزىدە خەت يوق. ھەر بىر بەتتە 11 قۇر خەت بار. ئالاھىدە بەلگىسى ــ مۇقاۋىسى ۋە باش تەرەپتىن بىر نەچچە بەت يوقالغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ069 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا، تېخى تەتقىق قىلىنمىغان.

32-يىللىق 1-سان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى) 第 32 卷第 1 期
2011-يىلى 3-ئاي 新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版) 2011 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 05-111-01 (2011) 5878-1005 ,

# ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئاياللار ھەققىدىكى زىددىيەتلىك قاراشلار*

رەشىدە ھېمىت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

قىسقىچە مەزمۇنى: ماقالىدە ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئاياللارغا ئائىت رەڭگا-رەڭ ماقال-تەمسىللەرنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى گاھ ماختاش تۈسىنى ئالغان، گاھ كەمسىتىش تۈسىنى ئالغان زىددىيەتلىك قاراشلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈلۈپ، تارىختىن بۇيانقى كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان قارىشى ۋە باھاسى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. بۇ خىل زىددىيەتلىك قاراشلار تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كەتكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ

摘要：本文以维吾尔谚语中有关女性的丰富多彩的谚语为依据，分析维吾尔族对女性带有时而赞美、时而贬损色彩的矛盾的看法，说明历史上人们对女性的看法和评价，指出这种矛盾的看法存在于生活的方方面面，渗透到社会家庭生活的深层。

**Abstract:** In this paper, the author discussed commendatory and derogatory views of Uyghur people on female on the basis of various Uyghur proverbs. Since ancient times, people's views and assessments of women have been changing and developing in contradictions.These contradictive views can be seen in all aspects of social life, have gradually permeated through the people and have been reflected in proverbs.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G4 ماتېرىيال بەلگىسى: A

ماقال-تەمسىل بولسا تىلنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ ئوبرازلىقلىقى، ئىخچاملىقلىقى، خاسلىقى ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك دۇنيا قارىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىخچام ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ماقال-تەمسىللەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ كىشىلىك پوزىتسىيەسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ماقال-تەمسىللەرنىڭ تۈرى ھەم سانىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەممە ساھەگە چېتىلىدۇ. شۇنىڭ ئىچىدە ئاياللار ھەققىدىكى ماقال-تەمسىللەرمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ ماقال-تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللارغا بولغان باھاسى ۋە قارىشى ئىپادىلەنگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن ئاياللار ھەققىدىكى قاراشلار نوقۇل ھالدا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا ۋە ئاياللارنىڭ ئاياللارغا بولغان قارىشى بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان ئاياللار ھەققىدىكى ئومۇميۈزلۈك باھا ۋە قاراشتۇر. قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئۇيغۇرلار ئاياللارنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ خىل قاراش ۋە ئىدىيەنى شەكىللەندۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان چەتكە قېقىش، ھۆرمەت ھەم

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 10-ئاينىڭ 11-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** رەشىدە ھېمىت (1963-يىلى 2-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

كەمسىتىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى مۇھىم رولىنى «ئاياللار يېرىم دۇنيا» دەپ ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە،« خوتۇن كىشىنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەندەك كەمسىتىش خاراكتېردىكىسىمۇ؛ ئائىلىدە بولسا « تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى ياخشى خوتۇن بىلەن» دېگەندەك ماختاش تۈسىنى ئالغانلىرىمۇ ھەم شۇنداقلا «خوتۇن كىشى ئىشكەل،ئەرنىڭ بېشىغا پېشكەل» دېگەندەك پەس كۆرۈش تۈسىنى ئالغانلىرىمۇ ؛ ھەتتا ئاياللارنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان گۈزەل ھۆسنى-جامالىغا بولغان ھېرىسمەنلىك بىلەن ئۇنىڭدىن قورقۇش پسىخىكىسى ھەققىدىكى ئىدىيەلەرمۇ ئىپادىلەنگەن. مەيلى قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەت بولسۇن ۋە ياكى بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا ئاجايىپ تەرەققىي قىلغان زامانىۋى جەمئىيەتتە بولسۇن، كىشىلەر ھەر ۋاقىت ئاياللارنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىگە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، بۇ دۇنيا ئاياللار بولغانلىقى ئۈچۈنلا گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما باشتىن-ئاخىر ئاياللار ھەققىدىكى قاتمال ھەم زىددىيەتلىك قاراشلاردىن مۇستەسنا بولالىغىنى يوق.

ئەڭ قەدىمكى دەۋردە، ئاياللار ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى يەنى ئىنسانلارنى كۆپەيتكۈچى،- دەپ ھېسابلىنىپ، ئايال جىنسقا چوقۇنۇش پەيدا بولغان. چۈنكى ئۇ چاغلاردا، ئىنسانلار ھەر دائىم تەبىئىي ئاپەت ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرغاچقا، كىشىلەرنىڭ نوپۇسقا بولغان ئېھتىياجى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا ئاياللار جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ھەم ھۆرمەت قىلىشىغا ئېرىشكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىكى «ئىنسانلارنى ياراتقۇچى ئايال ئىلاھ» «ئايال ئىلاھ ئۇماي» قاتارلىق تەسۋىرلەردىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاياللارغا چوقۇنۇش ئىزنالىرىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان « ئاتاڭمۇ يەر، ئاناڭمۇ يەر»، « ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار»، « ئاتا ـ بىلەك، ئانا ـ يۈرەك» دېگەن ماقال-تەمسىللەردىن ئاتا بىلەن ئانىنىڭ ئورنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېڭىدىكى ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى شەرھلەنگەن. بۇ ئەمەلىيەتتە قەدىمكى دەۋردىكى ئايال جىنسقا چوقۇنۇش ئېڭىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى بىر چۆكمە خالاس. بىراق دەۋر تەرەققىياتى بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان « ئاياللار يېرىم دۇنيا » ئىدىيەسى، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى، خىزمەتكە قاتنىشىش، پاراۋانلىقتىن بەھرىمەن بولۇش، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلىش، قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇشتەك ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بىراق ئىنسانلار ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپ، ئەرلەر ھوقۇقچىلىقىدىكى تۈزۈلمىلەر جاھاننى تىزگىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەرلەر تەبىئەت دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئاياللارنىمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ بويسۇندۇرۇش ئوبيېكتىغا ئايلاندۇردى. ئۇيغۇرلارمۇ ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كىرىش بىلەن تەڭ، ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىي قىلىپ، تېرىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى سالمىقى ئېغىر ھەم ئاساسلىق تۇرمۇش مەنبەسى بولۇپ، كۈچلۈك جىسمانىي ئەمگەك تەلەپ قىلاتتى، شۇ ۋەجىدىن ئەرلەر تەبىئىي ھالدا ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىدىغان ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى مونوپول قىلدى، ئىقتىسادىي قىممەت ياراتمايدىغان ئائىلە ئەمگىكى تەبىئىيلا ئاياللارنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئائىلىۋى تۇرمۇش ــ بالا تۇغۇش، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش، ئەرلەرنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ۋە ئەرلەر بىلەن باللارنى كۈتۈشتىن ئىبارەت تار دائىرىگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ باردى، يەنى ئاياللار ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىنى يوقىتىپلا قالماي بەلكى، پۈتكۈل جەمئىيەت تەرىپىدىن ئومۇميۈزلۈك كەمسىتىلىشكە دۇچ كەلدى. مەسىلەن: « خوتۇن

كىشىنىڭ چىچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا»، «خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى يوق». بۇلاردىن كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان ئېتىراپ قىلىش ھەم قىلماسلىقتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك قاراشلار گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ خىل زىددىيەتلىك قاراشلاردا ئاياللارنى كەمسىتىش خاھىشى يەنىلا كۈچلۈك بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە ئاياللارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كەمسىتىش خاھىشىمۇ خېلى زور سالماقتا ئىگە.

ئەرلەر ھوقۇقچىلىقىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتتە، ئەرلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى ۋە ئىدىيەسى تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، مۇكەممەللىشىپ باردى. شۇڭا «ئەرلەر تۆردە، ئاياللار پەگادا؛ ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار» بولۇشتەك ئىدىيەلەر كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كىردى. بولۇپمۇ قىزلار چوڭ بولۇپ توي قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە قىممىتى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆۋەنلىدى.

«قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى»، «قىز بالا دېگەن خەقنىڭ ئادىمى»، «ئېرى يوقنىڭ جېنى يوق»، «خوتۇن كىشى ئەردە ياخشى، بولمىسا يەردە»، «ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ بولسۇن، ئۆڭكۈر بولسىمۇ ئۆيۈڭ بولسۇن» قاتارلىق بىر قاتار ماقال-تەمسىللەردە، قىز-ئاياللارنىڭ ھاياتىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس باشقىلارغا — ئەرلەرگە تەۋە ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق شەرھلەنگەن بولۇپ، قىز بالا كىچىك ۋاقتىدىكى ئائىلە تەربىيەسىدىن تارتىپلا، ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ باشقىلارغا تەۋە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدىيەۋى تەربىيە ئاستىدا چوڭ بولىدۇ، ھەم شۇنداقلا ئەرگە تېگىشنىڭ ئۇلارنىڭ ھايات كەچۈرۈشى ۋە جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرالىشىنىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بارلىق ئۈمىدى پەقەت ئەرگە تېگىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭغا پۈتكۈل جەمئىيەتمۇ قوللاش پوزىتسىيەسىدە بولغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، توي قىلغان ئاياللار ئەرلەرنىڭ شەخسىي مۈلكى قاتارىدا قارىلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرى خالىغانچە باشقۇرۇپ كەلگەن. «خوتۇن ئالساڭ بازاردىن ئال، يىغىۋېلىش ئۆزۈڭدىن»، «قوشۇم بولسا قوشلايمەن، خوتۇن ئالسام مۇشلايمەن»، «قويى بار ئادەم گۆش يەيدۇ، ئېرى بار ئادەم مۇش يەيدۇ»، «بالىنى ياشتىن ئۆگەت، خوتۇننى باشتىن». بۇلاردىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەرلەر ئاياللارنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە باشقۇرۇپ كەلگەن ھەم ئاياللارغا قارىتا زوراۋانلىق پوزىتسىيەسىمۇ ناھايىتى ئېغىر بولغان. بۇلار پەقەت جىسمانىي جەھەتتىكى باشقۇرۇش بولۇپ، ئاياللارنىڭ ئىدىيەسىنى بوغۇش ۋە ئۇلارنى مەڭگۈ بېكىنمىچىلىك ئىچىدە قالدۇرۇپ قويۇش ھادىسىسى تېخىمۇ ئومۇملاشقان. «خوتۇن كىشى تۆت تامنىڭ قۇلى»، «خوتۇن يولدا، بالا بەلدە»، «خوتۇن كىشىنىڭ ھېلىسى، قىرىق ئېشەككە يۈك»، «ياخشى خوتۇن ئىككى ئەرگە تەگمەيدۇ»، «بىرگە تەگسە ياخشى، ئىككىگە تەگسە پاخشى، ئۈچكە تەگسە ئۇنىڭدىن ئىت-ئېشەك ياخشى» قاتارلىق بىر قاتار ماقال-تەمسىللەردە ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ خالىغانچە ھەۋەسىنى قاندۇرىدىغان پايدىلىنىش ۋاستىسى، شۇنداقلا ياخشى-يامان ئۆلچىمى ئارقىلىق ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەرلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياشاش كېرەكلىكىدەك ئىجتىمائىي بېسىم تەسۋىرلەنگەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى مۇھىم رولى ۋە مەسئۇلىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ماقال-تەمسىللەرمۇ بار. «ئۆينىڭ بەرىكىتى ياخشى خوتۇن بىلەن»، «ياخشى خوتۇن ئەرگە دۆلەت»، «تىرىكچىلىكنىڭ بەرىكىتى ياخشى خوتۇن بىلەن»، «خوتۇنى يوقنىڭ خۇدى يوق»، «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، «خوتۇن يوق ئۆيدە بوران چىقار»....... مانا بۇلاردا ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى مۇھىم رولى ۋە قىممىتى ئىپادىلەنگەن.

ئەجدادلىرىمىز ئائىلىنىڭ مۇھىملىقىنى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلەپ، «ياخشى ئايال»نىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ كەلدى. ئۇنداقتا كىملەر بۇ «ياخشى ئايال» ئوبرازىنى ياراتتى؟ ئەلۋەتتە ئەرلەر. شۇڭا تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان ئەرلەر يازغان «ئائىلە دەستۇرىدا»، ئاياللارنى قانداق باشقۇرۇش، ھەم ئۇلارنى قانداق قىلغاندا ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئايال قىلىپ تەربىيەلەپ چىقالايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئىشلار بايان قىلىندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەرلەر ئاياللارنى پەقەت ئۆز ئارزۇسى

بويىچە ئۆلچەم بېكىتىپ ھەم ئۇلارنى ئۆزىگە مۇتلەق بېقىندۇرۇپ كەلدى.

ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە گەپ بولۇنسا، ھەممىمىز بۇ دۇنيانىڭ پەقەت ئاياللار بولغانلىقى ئۈچۈنلا تېخىمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز. چۈنكى ئاياللاردىكى تەبىئىي نازاكەت پەقەت ئاياللارغىلا خاس بولغان ئالاھىدىلىك. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاياللارنىڭ بۇ خىل گۈزەللىكى شائىرلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا توختىماستىن كۈيلەندى. «باتۇرلار ساھىبجامالنىڭ ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمەيدۇ»، «چىراي يېرىم دۆلەت»، «قىز بالا ئۆينىڭ گۈلى»، دېگەندەك ماقال-تەمسىللەرمۇ دەل شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. بۇ خىل ھادىسە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى قىزلىرىغا «گۈل»، «ئاي» قاتارلىق قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغان ئىسىملارنى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بىراق يەنە گۈزەل ئاياللاردىن قورقۇش پسىخىكىسىنىمۇ يوشۇرمىغان. مەسىلەن: «چىرايلىقتا ۋاپا يوق»، «چىرايلىق قىزىم بولغۇچە، ئەدەپلىك قىزىم بولۇڭ»، «خوتۇنى چىرايلىقنىڭ دەردى كۆپ»، «چىرايلىقنىڭ دەردى كۆپ»...... بۇلاردىن چىرايلىق ئاياللارنىڭ باشقا ئادەتتىكى ئاياللارغا نىسبەتەن ھەم تەلەيلىك ھەم تەلەيسىز ئىكەنلىكىنى ھەم بۇ خىل تەلەينىڭ پەقەت ئەرلەر تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## خۇلاسە

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىكى ئاياللارغا قارىتا مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇ ئارىلاشقان قاراشلار، پۈتكۈل ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاڭ فورماتسىيەسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن . شۇڭا كىشىلەر بىر تەرەپتىن ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ، ئەخلاقىي-پەزىلىتىنى تەرغىب قىلىپ، ئانىلارنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى تەشۋىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئاياللارغا قاتمۇ-قات چەكلىمىلەرنى بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى ھەتتا تەپەككۇرىنى كونترول قىلىپ، ئاياللارنى ئۆزلىرى بەلگىلىگەن ئەخلاق رامكىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. بىراق جەمئىيەتنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، كۆپلىگەن ئاياللارنىڭ خىزمەتكە قاتنىشىشى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئاياللار ھوقۇقىنى تەشۋىق قىلىشى بىلەن بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان قارىشى ۋە باھاسى ئۆزگىرىپ، ئاياللارنىڭ قابىلىيىتىگە ئېتىبار بېرىدىغان، قىزلارنى كۆپلەپ ئوقۇتىدىغان ۋەزىيەت شەكىللىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپمۇ چەت يېزىلاردا تەرەققىيات ۋە ئۇچۇرنىڭ بىر قەدەر ئاستا بولۇشى سەۋەبىدىن ئاياللارغا بولغان سەلبىي قاراشلار يەنىلا بىر قەدەر گەۋدىلىك بولۇپ، ئەل ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن قاراشلار ئاياللارنىڭ ئىدىيەدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە يەنىلا تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ئاياللار ھەققىدىكى بەزى سەلبىي كونا قاراشلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭ قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئاياللارغا بولغان ئىجتىمائىي كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئاتا-ئانىلار قىزلارنى مائارىپتىن تولۇق بەھرىمەن قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ ئوقۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك. بۇنىڭدا ھۆكۈمەت خادىملىرى بولۇپمۇ ئاياللار خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرلار ئاياللارغا كۆپلەپ خىزمەت ئىشلىشى، قىزلارنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى كۆپلەپ تەشۋىق قىلىشى، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يوچۇق ئىزدەپ، قىزلارنىڭ ئوقۇشىنى چەكلىشىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشى كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى ياش ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك

ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ قانۇن ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ھەم كەڭ كۆلەمدە ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئەتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۇلاردا قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن «ئاياللار ئاجىز» دەيدىغان ئىدىيەنى ئاستا-ئاستا تۈگەتكىلى، ئاياللارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭىنى تۇرغۇزغىلى شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا بولغان بىر-بىرىگە زىت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. دېمەك، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشىدە، جەمئىيەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق تەرەققىي قىلىشىدا، ئاياللارنى كونا قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ئېتىراپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار


[1] ئابلىز ئەمەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى،2001 ـيىلى.

[2] مەمەت رېيىم: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 ـيىلى.

[3] ئوسمان ئىسمايىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998-يىلى .

[4] ئەركىن قادىر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى جىنسىي كەمسىتىش ھەققىدە»، تىل ۋە تەرجىمە ، 2008-يىلى 1-ئاي.

[5] جاڭ يوڭ: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى ئاياللار قارىشىغا نەزەر». شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007-يىلى 9 ـئاي.

[6] يۇ جيەن: «فىرازېئولگىيەدىكى ئاياللار ھەققىدىكى زىددىيەتلىك قاراشلار» ، 2005-يىلى 9- ئاي.

[7] جاڭ جيەنخوڭ: «مەدەنىيەتتىكى جىنسىي كەمسىتىش ۋە ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى ئىپادىسى» ، لوياڭ سانائەت ئالىي تېخنىكومى ژۇرنىلى، 2003-يىلى 4- ئاي.


**جاۋابكار مۇھەررىرى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

---

### تۆت ئىمام تەزكىرىسى

بۇ ئەسەر تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 87 بەت. 1796-يىلى7-ئايدا موللا مۇھەممەد نىياز دېگەن كىشى خوتەندە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان.

ئىسلام دىنىنى قەشقەرگە تارقىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەر رايونىغا كەلگەن ئىمام نەسىردىن، ئىمام زوھورىدىن، ئىمام مەئىنىدىن، ئىمام قەۋامىدىن قاتارلىق تۆت كىشىنىڭ پائالىيىتى ھەققىدىكى تەزكىرە خاراكتېرلىك كىتاب. ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرگە تارقىلىش تارىخىنى دىن نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا قاراخانىلارنىڭ خانى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ماۋرائۇننەھىردىن قەشقەرگە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى، قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى، يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ تۆت ئىمامغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ نامە ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكى، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بولغان جەڭگە-جېدەللەر، تۆت ئىمامنىڭ شېھىت كەتكەنلىكى، يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ ماتەم تۇتۇپ، ھازا ئاچقانلىقى قاتارلىق ۋەقەلەر دىنىي تەرىزدە بايان قىلىنغان. گەرچە بۇ دىنىي قاراشنىڭ تۈرتكىسىدە يېزىلغان ئەسەر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان خوتەنلىك موللا مۇھەممەد نىيازنىڭ تەرجىمھالىنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە قىممىتى بار.

مۇھەممەد ئىمىن ئىبنى ئابدۇللا سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرگەن قولىيازما، كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 14 ×21 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى10×16.5 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، بەزى بەتلىرىدە خەت يوق، ھەر بەتتە 15 قۇر خەت بار. ئالاھىدە بەلگىسى-تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، شېئىرلار ئىككى رەت كۆچۈرۈلگەن، ھەر بىر مىسرانىڭ ئاخىرىغا قىزىل سىياھ بىلەن بەلگە قويۇلغان.تولۇق، ياخشى ساقلانغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ061 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

32 ـ يىللىق 1 ـ سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 32 卷第 1 期
2011 ـ يىلى 3 ـ ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2011 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 1005ـ5878 (2011) 03ـ116ـ05

# ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئېستېتىكىلىق پىرىنسىپلار توغرىسىدا *

مەريەم قۇربان

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئاجايىپ مول ئېستېتىك قاراشلارنى ۋە ئۆزىگە خاس ئېستېتىك پىرىنسىپلارنى ياراتتى. مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئىستېرېئولۇق ئىپادە، مۇكەممەللىك، يۈكسەكلىك، سىمۋولدىن ئىبارەت بىر قەدەر تىپىك خاراكتېر ئالغان ئېستېتىك كاتېگورىيەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**维吾尔古典诗歌在自身的发展历史上创建了丰富多彩的审美观念和独特的审美原则。本文就维吾尔古典诗歌中具有立体表现、完美、崇高、象征等一系列典型性质的审美范畴提出了自己的观点。

**Abstract:** The Uyghur classical poetry in the long development process has formed a variety of aesthetic ideas and unique aesthetic, and these aesthetic also have profound impact on the aesthetic of the modern Uighur poetry. In this paper, the author analyses aesthetics of Uygur classical poetry and put forward some new ideas.

كىتابلارنى جۈڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى I207.227    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول شېئىرىيەت خەزىنىسى بىلەن مەشھۇردۇر. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈ ۋە لىرىك تۇيغۇلار ئېقىنى بولغان كىلاسسىك شېئىرىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا ئاجايىپ مول ئېستېتىك قاراشلارنى ئىپادىلەپ كەلدى ھەمدە بۇ خىل ئىدىيەنى ئىپادىلەشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان ئۆزىگە خاس ئېستېتىك كاتېگورىيەنى ياراتتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ خىل ئېستېتىك پىرىنسىپلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۈزۈلمەس ئېقىنىنى ھاسىل قىلىپ بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىگىچە يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك ئىدىيەلەر كۆپ ھاللاردا شائىرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا سىڭىپ كەتكەن، ئەمما ئاڭلىق نەزەرىيەۋى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرىمۇ خېلى كۆپ. بىز بۇ ماقالىدە، پەقەت ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى بىر قەدەر تىپىك خاراكتېر ئالغان ئېستېتىك پىرىنسىپلار ۋە كاتېگورىيەلەر ئۈستىدە دەسلەپكى قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

### 1) ئىستېرېئولۇق ئىپادە

ئىستېرېئولۇق ئىپادە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بەدىئىي پىرىنسىپ بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن جەزبىدارلىقىنى نامايان قىلىشتا ئۇيغۇنلاشقان ۋە ئىزچىل داۋاملاشقان كاتېگورىيەدۇر.

* بۇ ماقالە 2010ـيىلى 11ـ ئاينىڭ 20ـ كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.
**ئاپتور:** مەريەم قۇربان(1958ـيىلى11ـئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئېستېتىكا ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئىپادىلىگەن ئىدىيە ۋە مەزمۇن كۆپ قىرلىق ۋە قاتلاملىققا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل كەڭ مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆپ قىرلىق ئىستېتىكىلىق كۆرۈنۈش تەقدىم قىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئىستېتىكىلىق خۇسۇسىيەت ئالدى بىلەن كىلاسسىك شائىرلار سۈرەتلىگەن كونكرېت بىر ئوبرازنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.كىلاسسىك شېئىرلاردىكى مەركىزىي مەسىلە ۋە مەزمۇن لىرىك قەھرىماننىڭ گۈزەل مەنزىلگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە بۇ جەرياندىكى روھىي كەچۈرمىشلىرى بولۇپ، لىرىك قەھرىمان ئىنتىلگەن گۈزەل مەنزىل مەزمۇن دائىرىسى جەھەتتىن مۇئەييەن بىر خاس ئوبيېكتقىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى خىلمۇ-خىل ۋە مۇقىمسىز بولغان روھىي قىممەتكە باراۋەر بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاشىق-مەشۇقلار تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ۋە لىرىك شېئىرلاردىكى قەھرىمان «مەن»نىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى بولغان خىلمۇ-خىل ئىپادىلەر كونكرېت ھالدا قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقىمۇ، مەننىڭ ئىلاھىي كۈچكە بولغان ئاشىقلىقىمۇ ۋە ياكى شائىر قەلبىدىكى مەلۇم تەلپۈنۈشكىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەسىلەن:

سەنسىز بۇ جاھان ئەيشى ئەلەمدۇر ماڭا، ئى دوست،
شادلىغى ھەم مىھنەتۇ غەمدۇر ماڭا، ئى دوست[1].

ئەي بېگىم، ئۇشبۇ يۈز دېگۈل، شەمس بىلە قەمەرمىدۇ،
ئەي بېگىم، ئۇشبۇ سوز دېگۈل، شەھد بىلە شەكەرمۇدۇ[2].

ئاتايىنىڭ بۇ شېئىرىدىكى شېئىرىي ئوبراز «مەن» نىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى ئىنسانىي ئاشىق-مەشۇقلۇق ئۇقۇمىدىن باشقا، ئىلاھىي ئاشىق-مەشۇقلۇق ۋە مۇتلەق گۈزەل كۈچكە بولغان ئىنتىلىشتەك قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىستېتىكىلىق ھالەتنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى شېئىرىي ئوبرازنىڭ بىر تەرەپ ئارقىلىق كۆپ تەرەپنى ئىپادىلەش پرىنسىپىدۇر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر قەدەر سىستېمىلاشقان شېئىرىيەت ئەندىزىسى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ شائىرلارنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت تېمىسىغا ئۆزىنىڭ بارلىق روھىي ئىنتىلىشىنى يۈكلەپ ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاشىق-مەشۇقلۇق تېمىسى قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكىلا بېغىشلانغان ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىشق تېمىسىدىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى سۆيۈمنىڭ ئاللاغا بولغان ئاشىقلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ ئەمەس. بەلكى، كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كونكرېت ۋاستىدىن ئىبارەتتۇر.

مەسىلەن:

غۇنچە بويلۇق يارنىڭ باسقان ئىزىدىن بىر سىقىم،
بۇ كۆزۈمگە سۈرگىلى توھفانە كەلتۈرگىل ماڭا [3] .

مولla بىلالنىڭ بۇ مىسراسىدىكى يار ئوبرازىنى شائىرنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى دېسەك، لۇتفىنىڭ:

قاشۇ كۆزۈڭ غارەتىندە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل،
ئاقىبەت تاپتىم سوراغىن چىنى، تۈركىستان سارى [4] .

دېگەن بۇ غەزەلدە «مەن»نىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى بولغان جانان ۋەتەندىن ئىبارەتتۇر. يەنى، لىرىك قەھرىمان ئىزدىگەن يار جۇڭگودىن تېپىلىدۇ. يار بىلەن ۋەتەن ئوخشاشلا سۆيگۈ نىشانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن

بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن. نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىدە بولسا، جانان ئىلىم سۆيەر داناغا ئوخشىتىلغان بولۇپ مەنىنىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى ئىلىم مەرىپەتتۇر.

ئەنەل ھەقنى مەنىسىن بىلمەس نادان، دانا كىبرەك ، بىلىپ با ئىشىن،
مەنى بىلگەن خاس ئاشىقلار بولدى جانان، بۇ سىرلارنى ئەرىش ئۈستىدە كۆردۈم.

شۇڭا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىك قەھرىماننىڭ سۆيگۈسى سۆيۈشتىدە تەسۋىرلەنگەن يار ئوبرازى ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتتىن ھالقىغان بولۇپ، كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لىرىك قەھرىمان ئاشىق «مەن»، گۈزەل جانانىنىڭ ئاشىقى، ئىلىم-مەرىپەت ئاشىقى، ئادالەت- پەزىلەتنىڭ ئاشىقى، ۋەتەن ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئاشىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇخىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يوشۇرۇنلۇققا ۋە كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا ئىگە قىلغان.

دەۋر ئەل دەير ئارا مەي ئىچكەلى،
چەكمەك نېمە مەسچىت ئارا سەف.

بۇ شېئىردا مەيخانا مەسچىتتىن ئۈستۈن قويۇلغان بولۇپ، قارىماققا دىنىي ئەقىدىدىن ۋاز كەچكەن بىر مەيپۇرۇشنىڭ دىنغا بولغان ئىسيانكارلىق ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەندەك بىلىنىدۇ. لېكىن، شېئىرىي ئوبراز مەيخانا، بېشارەت دائىرىسىدە ئاللانىڭ دەرگاھىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتور روھىي مۇقەددەسلىكنى ھەر قانداق شەكىلدىن ئۈستۈن قويىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك كىتابخانىغا غۇۋالىق ۋە تەپەككۇر بوشلۇقىنى قالدۇرۇپ، كىتابخانىنىڭ شېئىرىي مەنە ئىچىگە چوڭقۇرلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئاددىي، قاتمال مەنىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بولماستىن، بەلكى بىر قەدەر كەڭلىككە ئىگە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**2) مۇكەممەللىك**

مۇكەممەللىكنى ئىپادىلەش ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئېستېتىك پرىنسىپى. مۇكەممەللىك ئىنسانىنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشىدىكى ئەڭ مۇقەددەس دائىرە بولۇپ، نۇقسانسىزلىق، بىرلىك، ئۇلۇغلۇق قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىنسانىي گۈزەللىك مۇكەممەللىكنى ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، مۇكەممەللىك قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. بۇ خىل مۇكەممەللىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى بولسا شېئىرىي قەھرىمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەخلاقىي كامىللىق، ئەقلىي كامىللىق ۋە جىسمانىي مۇكەممەللىكنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. « قۇتادغۇ بىلىك»تە يارىتىلغان كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئۇدغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئەنە شۇنداق نوقسانسىزلىقنىڭ تىپلىرى بولۇپ، ئەقىل-ئىدراك، بىلىم-ئەخلاق ۋە تاشقى گۈزەللىكتىن تەركىب تاپقان بىرلىك ئۇلارنىڭ خاراكتېر خاسلىقىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۈيۈك ئوبراز پەرھاد ئوبرازىمۇ بۇخىل مۇكەممەللىك پرىنسىپى ئاساسىدا يارىتىلغان بەدىئىي ئۈلگىدۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۈچلۈك فانتازىيەلىك ۋە غايىۋىلىك تۈس ئاتا قىلدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە روھىي گۈزەللىك ئىنسان پەزىلىتى ۋە گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى ۋە تەڭداشسىز گۈزەل غايىۋى ئوبرازلار يارىتىلدى، پېرسوناژلارنىڭ ھايات-پائالىيەتلىرى ھامان رېئاللىققا قارشى قويۇلغان غايىۋى مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئىلىپ بېرىلغان كۈرەش شەكلىدە تەسۋىرلەندى، گۈزەل دۇنيا ۋە مۇقەددەس روھقا بولغان ئىنتىلىش مەركەز قىلىندى، روھىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە يېتىش بىلەن خاراكتېرلەندى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەنە شۇنداق گۈزەل ھايات ياراتقۇچىنىڭ كۆزىدە تەبىئەت، جەمئىيەتنى

تويۇندۇرۇپ ۋە گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىنسانىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشىگە جاۋاب بەرگەن گۈزەل كارتىنىدۇر. شەرق ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەردىن «پەرھاد-شىرىن» «لەيلى -مەجنۇن» «يۇسۇپ-زۇلەيخا» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

### 3) يۈكسەكلىك

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي مەنزىلى يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ۋە مۇقەددەسلىكنى بەلگە قىلغان گۈزەل دۇنياغا تەلپۈنۈش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان ئېستېتىك كاتېگورىيەسىدۇر. شۇڭا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە گۈزەللىك نازۇك كۈچ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك دراماتىك توقۇنۇش، غايەت زور كۈچ-قۇدرەت، يېڭىلمەس ئىرادە، ئىلاھىي سۈپەت روھقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ نۇقتا كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە نەۋايى «ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئۇلۇغ قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا، ئىنسانىنىڭ گۈزەللىكى روھىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاللا، ئىنسان ئوخشاشلا گۈزەل» دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈكسەكلىك تەن ۋە نەپس تەقەززالىقىنى، ھايات تەمالىرىنى، بايلىق ۋەسۋەسىلىرىنى يەڭگەن بۈيۈك قەھرىمانلار ئوبرازىغا سىڭگەن ئىلاھىي قۇدرەتتە ئىپادىلىنىدۇ. «پەرھاد-شىرىن» داستانىدىكى پەرھاد ئوبرازى يۈكسەك پەزىلەتنىڭ تىپىك سىماسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھەر قانداق كۈچ توسالمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ئالىيجانابلىقتا، ئىلىم-مەرىپەتكە، ساداقەتكە ئاشىق بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمى مىسلىسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈكسەكلىك، ئىنسانىي بۈيۈكلۈكنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئىنسانىي بۈيۈكلۈكنىڭ ئىپادىسى بولسا پاك قەلبكە ئىگە بولۇشتۇر. پاك قەلب ھەقىقەتكە بولغان ئاشقانە ئىنتىلىشتۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاشىق-مەشۇقلار تېمىسى مۇشۇنداق ئاشىقلىقنى كۈيلەش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈكسەكلىك يەنە زىددىيەتلىك، مۈشكۈللۈك، ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا رېئاللىقتا قارمۇ-قارشى كۈرەش قىلىدۇ ۋە تىراگېدىيەلىك شەكىل ئارقىلىق مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىدۇ. نەۋايى ئاشىقلىقتىكى بۇ خىل بۈيۈكلۈكنى چۈشەندۈرۈپ «ئىشق چەك-چېگرىسىز كەڭ بىر مەشئەلدۇر، ئۇنىڭدىن ئالەم نۇرلىنىدۇ دەيدۇ». دېمەك، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بۈيۈكلۈككە ئىنتىلگەن سەنئەتتۇر.

### 4) سىمۋول

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنى ئۇنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىدىن ئېيتقاندا سىمۋوللۇق سەنئەت تۈرىگە مەنسۇپ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سىمۋول ئىزچىللاشقان سىستېما بولۇپ، تەقلىدچىلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. كىلاسسىك شېئىرلاردا ئىزچىللاشقان، گۈل، بۇلبۇل، يار، مەي، جام قاتارلىق كونكرېت سىمۋوللار شۇ كونكرېت ئوبيېكتلارنىڭ خاس بەلگىسى بولماستىن، بەلكى مەلۇم روھىي كۈچنىڭ ئوبيېكتىپلاشقان ئىپادىسى خالاس. بۇ سىمۋوللار پۈتكۈل روھىي ئىنتىلىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مەزمۇن قاتلىمىنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇنلاشقان. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، ئىپادىلەشنى مەركەز قىلغان سەنئەت ئۇسلۇبى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن كىرگەن،ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يات ئۇسلۇب بولماستىن، بەلكى، دەل ئەكسىچە شەرق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ خاس ئېستېتىك پرىنسىپىدۇر.

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە قاتلاملىرىنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇنلاشقان ئۇسۇل بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى، بىرىنچىدىن بىر قەدەر كەڭ ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئىككىنچىدىن مەنە مۇقىملىقى گەۋدىلىك بولمايدۇ. پەقەت ئومۇمىي ئوي-پىكىرگە باراۋەر كېلىدىغان ئوبراز ئارقىلىق كىتابخاننى بېشارەت ئارقىسىدىكى مەنىنى يېشىشكە يېتەكلەيدىغان ئۇسۇلدۇر. كىلاسسىك شائىرلار ئايرىم شەيئىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەشكە بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى، ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ

ماقالە نومۇرى: 1005 ـ 5878 (2011) 03 ـ 116 ـ 05

# ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئېستېتىكىلىق پىرىنسىپلار توغرىسىدا *

مەريەم قۇربان

(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى، غۇلجا. 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئاجايىپ مول ئېستېتىك قاراشلارنى ۋە ئۆزىگە خاس ئېستېتىك پىرىنسىپلارنى ياراتتى. مەزكۇر ماقالىدە، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئىستېرېئولۇق ئىپادە، مۇكەممەللىك، يۈكسەكلىك، سىمۋولدىن ئىبارەت بىر قەدەر تىپىك خاراكتېر ئالغان ئېستېتىك كاتېگورىيەلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**摘要：**维吾尔古典诗歌在自身的发展历史上创建了丰富多彩的审美观念和独特的审美原则。本文就维吾尔古典诗歌中具有立体表现、完美、崇高、象征等一系列典型性质的审美范畴提出了自己的观点。

**Abstract:** The Uyghur classical poetry in the long development process has formed a variety of aesthetic ideas and unique aesthetic, and these aesthetic also have profound impact on the aesthetic of the modern Uighur poetry. In this paper, the author analyses aesthetics of Uygur classical poetry and put forward some new ideas.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى I207.227　　ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مول شېئىرىيەت خەزىنىسى بىلەن مەشھۇردۇر. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈ ۋە لىرىك تۇيغۇلار ئېقىنى بولغان كىلاسسىك شېئىرىيەت تەرەققىياتى تارىخىدا ئاجايىپ مول ئېستېتىك قاراشلارنى ئىپادىلەپ كەلدى ھەمدە بۇ خىل ئىدىيەنى ئىپادىلەشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولغان ئۆزىگە خاس ئېستېتىك كاتېگورىيەنى ياراتتى. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ خىل ئېستېتىك پىرىنسىپلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېقىنىنى ھاسىل قىلىپ بۈگۈنكى زامان شېئىرىيىتىگىچە يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئېستېتىك ئىدىيەلەر كۆپ ھاللاردا شائىرلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ شېئىرىي مىسرالىرىغا سىڭىپ كەتكەن، ئەمما ئاڭلىق نەزەرىيەۋى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىرىمۇ خېلى كۆپ. بىز بۇ ماقالىدە، پەقەت ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى بىر قەدەر تىپىك خاراكتېر ئالغان ئېستېتىك پىرىنسىپلار ۋە كاتېگورىيەلەر ئۈستىدە دەسلەپكى قارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

### 1) ئىستېرېئولۇق ئىپادە

ئىستېرېئولۇق ئىپادە ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ئەڭ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بەدىئىي پىرىنسىپ بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇن جەزبىدارلىقىنى نامايان قىلىشتا ئۇيغۇنلاشقان ۋە ئىزچىل داۋاملاشقان كاتېگورىيەدۇر.

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11- ئاينىڭ 20- كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** مەريەم قۇربان(1958-يىلى11-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت. ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، ئېستېتىكا ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئىپادىلىگەن ئىدىيە ۋە مەزمۇن كۆپ قىرلىق ۋە قاتلاملىقتا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل كەڭ مەزمۇننى ئىپادىلەش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۆپ قىرلىق ئىستېتىكىلىق كۆرۈنۈش تەقدىم قىلغان. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى ئىستېتىكىلىق خۇسۇسىيەت ئالدى بىلەن كىلاسسىك شائىرلار سۈرەتلىگەن كونكرېت بىر ئوبرازنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.كىلاسسىك شېئىرلاردىكى مەركىزىي مەسىلە ۋە مەزمۇن لىرىك قەھرىماننىڭ گۈزەل مەنزىلگە بولغان ئىنتىلىشى ۋە بۇ جەرياندىكى روھىي كەچۈرمىشلىرى بولۇپ، لىرىك قەھرىمان ئىنتىلگەن گۈزەل مەنزىل مەزمۇن دائىرىسى جەھەتتىن مۇئەييەن بىر خاس ئوبيېكتقىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى خىلمۇ-خىل ۋە مۇقىمسىز بولغان روھىي قىممەتكە باراۋەر بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاشىق-مەشۇقلار تېمىسىدىكى ئەسەرلەر ۋە لىرىك شېئىرلاردىكى قەھرىمان «مەن»نىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى بولغان خىلمۇ-خىل ئىپادىلەر كونكرېت ھالدا قىز-يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقىمۇ، مەننىڭ ئىلاھىي كۈچكە بولغان ئاشىقلىقىمۇ ۋە ياكى شائىر قەلبىدىكى مەلۇم تەلپۈنۈشكىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ.

مەسىلەن:

سەنسىز بۇ جاھان ئەيشى ئەلەمدۇر ماڭا، ئى دوست،
شادلىغى ھەم مېھنەتۇ غەمدۇر ماڭا، ئى دوست[1].

ئەي بېگىم، ئۇشبۇ يۈز دېگۈل، شەمس بىلە قەمەرمىدۇ،
ئەي بېگىم، ئۇشبۇ سوز دېگۈل، شەھد بىلە شەكەرمۇدۇ[2].

ئاتايىنىڭ بۇ شېئىرىدىكى شېئىرىي ئوبراز «مەن» نىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى ئىنسانىي ئاشىق-مەشۇقلۇق ئۇقۇمىدىن باشقا، ئىلاھىي ئاشىق-مەشۇقلۇق ۋە مۇتلەق گۈزەل كۈچكە بولغان ئىنتىلىشتەك قاتلاملىق مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئىستېتىكىلوق ھالەتنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى شېئىرىي ئوبرازنىڭ بىر تەرەپ ئارقىلىق كۆپ تەرەپنى ئىپادىلەش پىرىنسىپىدۇر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بىر قەدەر سىستېمىلاشقان شېئىرىيەت ئەندىزىسى يارىتىلغان بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ شائىرلارنىڭ سۆيگۈ -مۇھەببەت تېمىسىغا ئۆزىنىڭ بارلىق روھىي ئىنتىلىشىنى يۈكلەپ ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئاشىق-مەشۇقلۇق تېمىسى قىز -يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكىلا بېغىشلانغان ئەمەس. شۇنىڭدەك ئىشق تېمىسىدىكى شېئىرلارنىڭ ھەممىسى سۆيىنىڭ ئاللاغا بولغان ئاشىقلىقىنىڭ ئىپادىسىمۇ ئەمەس. بەلكى، كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان كونكرېت ۋاستىدىن ئىبارەتتۇر.

مەسىلەن:

غۇنچە بويلۇق يارنىڭ باشقان ئىزىدىن بىر سىقىم،
بۇ كۆزۈمگە سۈرگىلى توھفانە كەلتۈرگىل ماڭا [3] .

مولla بىلالنىڭ بۇ مىسراسىدىكى يار ئوبرازىنى شائىرنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنىڭ ئىپادىسى دېسەك، لۇتفىنىڭ:

قاشۇ كۆزۈڭ غارەتىندە لۇتفىدىن كەتتى كۆڭۈل،
ئاقىبەت تاپتىم سوراغىن چىنى، تۈركىستان سارى [4] .

دېگەن بۇ غەزەلدە «مەن»نىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى بولغان جانان ۋەتەندىن ئىبارەتتۇر. يەنى، لىرىك قەھرىمان ئىزدىگەن يار جۇڭگودىن تېپىلىدۇ. يار بىلەن ۋەتەن ئوخشاشلا سۆيگۈ نىشانى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن

بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگەن. نەۋائىينىڭ تۆۋەندىكى غەزىلىدە بولسا، جانان ئىلىم سۆيەر داناغا ئوخشىتىلغان بولۇپ مەنىنىڭ ئىنتىلىش مەنزىلى ئىلىم مەرىپەتتۇر.

ئەنەل ھەقنى مەنىسىن بىلمەس نادان، دانا كىرەك ، بىلىپ با ئىشىن،
مەنى بىلگەن خاس ئاشىقلار بولدى جانان، بۇ سىرلارنى ئەرىش ئۈستىدە كۆردۈم.

شۇڭا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە لىرىك قەھرىماننىڭ سۆيگۈسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن يار ئوبرازى ئىنسانىي ئىشقى مۇھەببەتتىن ھالقىغان بولۇپ، كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لىرىك قەھرىمان ئاشىق «مەن»، گۈزەل جانانىنىڭ ئاشىقى، ئىلىم-مەرىپەت ئاشىقى، ئادالەت- پەزىلەتنىڭ ئاشىقى، ۋەتەن ۋە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئاشىقى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۈگۈنكى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇخىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى يوشۇرۇنلۇققا ۋە كەڭ تەسەۋۋۇر بوشلۇقىغا ئىگە قىلغان.

دەۋر ئەل دېير ئارا مەي ئىچكەلى،
چەكمەك نېمە مەسچىت ئارا سەف.

بۇ شېئىردا مەيخانا مەسچىتتىن ئۈستۈن قويۇلغان بولۇپ، قارىماققا دىنىي ئەقىدىدىن ۋاز كەچكەن بىر مەيپۇرۇشنىڭ دىنغا بولغان ئىسيانكارلىق ئىدىيەسىنى ئىپادىلىگەندەك بىلىنىدۇ. لېكىن، شېئىرىي ئوبراز مەيخانا، بېشارەت دائىرىسىدە ئاللانىڭ دەرگاھىغا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتور روھىي مۇقەددەسلىكنى ھەر قانداق شەكىلدىن ئۈستۈن قويىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك كىتابخانىغا غۇۋالىق ۋە تەپەككۇر بوشلۇقىنى قالدۇرۇپ، كىتابخانىنىڭ شېئىرىي مەنە ئىچىگە چوڭقۇرلىششىنى تەلەپ قىلىدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئاددىي، قاتمال مەنىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى بولماستىن، بەلكى بىر قەدەر كەڭلىككە ئىگە بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

**2) مۇكەممەللىك**

مۇكەممەللىكنى ئىپادىلەش ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق ئېستېتىك پىرىنسىپى. مۇكەممەللىك ئىنساننىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشىدىكى ئەڭ مۇقەددەس دائىرە بولۇپ، نۇقسانسىزلىق، بىرلىك، ئۇلۇغلۇق قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىنسانىي گۈزەللىك مۇكەممەللىكنى ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، مۇكەممەللىك قەھرىمانلار ئوبرازىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. بۇ خىل مۇكەممەللىكنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى بولسا شېئىرىي قەھرىمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەخلاقىي كامىللىق، ئەقلىي كامىللىق ۋە جىسمانىي مۇكەممەللىكنىڭ بىر گەۋدىگە ئايلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر. « قۇتادغۇ بىلىك»تە يارىتىلغان كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پېرسوناژ ئەنە شۇنداق نوقسانسىزلىقنىڭ تىپلىرى بولۇپ، ئەقىل-ئىدراك، بىلىم-ئەخلاق ۋە تاشقى گۈزەللىكتىن تەركىب تاپقان بىرلىك ئۇلارنىڭ خاراكتېر خاسلىقىدۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۈيۈك ئوبراز پەرھاد ئوبرازىمۇ بۇخىل مۇكەممەللىك پىرىنسىپى ئاساسىدا يارىتىلغان بەدىئىي ئۈلگىدۇر. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە كۈچلۈك فانتازىيەلىك ۋە غايىۋىلىك تۈس ئاتا قىلدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە روھىي گۈزەللىك ئىنسان پەزىلىتى ۋە گۈزەللىكنىڭ مۇھىم ئىپادىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى ۋە تەڭداشسىز گۈزەل غايىۋى ئوبرازلار يارىتىلدى، پېرسوناژلارنىڭ ھايات-پائالىيەتلىرى ھامان رېئاللىققا قارشى قويۇلغان غايىۋى مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش شەكلىدە تەسۋىرلەندى، گۈزەل دۇنيا ۋە مۇقەددەس روھقا بولغان ئىنتىلىش مەركەز قىلىندى، روھىي جەھەتتىكى مۇكەممەللىككە يېتىش بىلەن خاراكتېرلەندى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەنە شۇنداق گۈزەل ھايات ياراتقۇچىنىڭ كۆزىدە تەبىئەت، جەمئىيەتنى

تويۇنىدۇرۇپ ۋە گۈزەللەشتۈرۈپ، ئىنسانىنىڭ غايىۋى ئىنتىلىشىگە جاۋاب بەرگەن گۈزەل كارتىنىدۇر. شەرق ئەدەبىياتىدىكى بۈيۈك نامايەندىلەردىن «پەرهاد-شىرىن» «لەيلى -مەجنۇن» «يۇسۇپ-زۇلەيخا» قاتارلىق ئەسەرلەر بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

### 3) يۈكسەكلىك

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ بەدىئىي مەنزىلى يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلۇغلۇق، بۈيۈكلۈك ۋە مۇقەددەسلىكنى بەلگە قىلغان گۈزەل دۇنياغا تەلپۈنۈش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۆزۈلمەي كېلىۋاتقان ئېستېتىك كاتېگورىيەسىدۇر. شۇڭا، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە گۈزەللىك نازۇك كۈچ سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك دراماتىك توقۇنۇش، غايەت زور كۈچ-قۇدرەت، يېڭىلمەس ئىرادە، ئىلاھىي سۈپەت روهقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ نۇقتا كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدىكى بايانلىرىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە نەۋايى «ئىنسانىنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ ئۇلۇغ قىلىپ يارىتىلغانلىقىدا، ئىنسانىنىڭ گۈزەللىكى روهىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئاللا، ئىنسان ئوخشاشلا گۈزەل» دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈكسەكلىك تەن ۋە نەپس تەقەززالىقىنى، ھايات تەمالىرىنى، بايلىق ۋەسۋەسلىرىنى يەڭگەن بۈيۈك قەھرىمانلار ئوبرازىغا سىڭگەن ئىلاھىي قۇدرەتتە ئىپادىلىنىدۇ. «پەرهاد-شىرىن» داستانىدىكى پەرهاد ئوبرازى يۈكسەك پەزىلەتنىڭ تىپىك سىماسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ھەر قانداق كۈچ توسالمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبى ئالىيجانابلىقتا، ئىلىم-مەرىپەتتە، ساداقەتتە ئاشىق بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ روھى ۋە جىسمى مىسلىسىز كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىدۇر. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈكسەكلىك، ئىنسانىي بۈيۈكلۈكنى مەزمۇن قىلىدۇ. ئىنسانىي بۈيۈكلۈكنىڭ ئىپادىسى بولسا پاك قەلبكە ئىگە بولۇشتۇر. پاك قەلب ھەقىقەتكە بولغان ئاشىقانە ئىنتىلىشتۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئاشىق-مەشۇقلار تېمىسى مۇشۇنداق ئاشىقلىقنى كۈيلەش ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يۈكسەكلىك يەنە زىددىيەتلىك، مۈشكۈللۈك، ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى قەھرىمانلار ئوبرازى ئۆزىنىڭ گۈزەل غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا رېئاللىققا قارمۇ-قارشى كۈرەش قىلىدۇ ۋە تىراگېدىيەلىك شەكىل ئارقىلىق مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىدۇ. نەۋايى ئاشىقلىقتىكى بۇ خىل بۈيۈكلۈكنى چۈشەندۈرۈپ «ئىشق چەك-چېگرىسىز كەڭ بىر مەشئەلدۇر، ئۇنىڭدىن ئالەم نۇرلىنىدۇ دەيدۇ». دېمەك، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بۈيۈكلۈككە ئىنتىلگەن سەنئەتتۇر.

### 4) سىمۋول

ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنى ئۇنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسىدىن ئېيتقاندا سىمۋوللۇق سەنئەت تۈرىگە مەنسۇپ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سىمۋول ئىزچىللاشقان سىستېما بولۇپ، تەقلىدچىلىك ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. كىلاسسىك شېئىرلاردا ئىزچىللاشقان، گۈل، بۇلبۇل، يار، مەي، جام قاتارلىق كونكرېت سىمۋوللار شۇ كونكرېت ئوبيېكتلارنىڭ خاس بەلگىسى بولماستىن، بەلكى مەلۇم روهىي كۈچنىڭ ئوبيېكتىپلاشقان ئىپادىسى خالاس. بۇ سىمۋوللار پۈتكۈل روهىي ئىنتىلىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مەزمۇن قاتلىمىنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇنلاشقان. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، ئىپادىلەشنى مەركەز قىلغان سەنئەت ئۇسلۇبى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتىدىن كىرگەن،ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يات ئۇسلۇب بولماستىن، بەلكى، دەل ئەكسىچە شەرىق ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ خاس ئېستېتىك پرىنسىپىدۇر.

سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە قاتلاملىرىنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇنلاشقان ئۇسۇل بولۇپ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى، بىرىنچىدىن بىر قەدەر كەڭ ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئىككىنچىدىن مەنە مۇقىملىقى گەۋدىلىك بولمايدۇ. پەقەت ئومۇمىي ئوي-پىكىرگە باراۋەر كېلىدىغان ئوبراز ئارقىلىق كىتابخاننى بېشارەت ئارقىسىدىكى مەنىنى يېشىشكە يېتەكلەيدىغان ئۇسۇلدۇر. كىلاسسىك شائىرلار ئايرىم شەيئىلەرنىڭ مەنىسىنى ئىپادىلەشكە بېرىلگەن ئەمەس، بەلكى، ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ

جەريانىنىڭ ئەقىل كۈچى بىلەن ھېس قىلغىلى بولمايدىغان يوشۇرۇنلۇقنى ياكى ئىنساننىڭ غايىسىدىكى مەڭگۈلۈك گۈزەللىكنى سۈرەتلەپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي مىزانى قىلغان، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سىمۋوللار تەرەققىياتى بولغان يار، گۈل، مەي، جام، ساقىي، ئەجدىھا، كۇھقاپ دېگەندەك سىمۋوللار سىستېمىسىنى ياراتتى ھەمدە خاس ئەنئەنە سۈپىتىدە «قۇتادغۇبىلىك»تىن تارتىپ تاكى مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستانلىرىغىچە ئىزچىل داۋاملاشتى.

گۈزەللىك ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيىتىنى تونۇۋېلىشىدۇر، ئىنسان ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى، ئەركىنلىكىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئېستېتىك پائالىيەتنىڭ مەركىزىي بولغان سەنئەت شەكلى ئارقىلىق قاندۇردى ۋە ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن روھىيەت تارىخىي ۋە ئېستېتىك ئىدىيەسىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىدۇر. شۇڭا، ئۇيغۇر كىلاسسىك شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلىش روھىيەت تارىخىمىزنى چۈشىنىشتە تولىمۇ زۆرۈر.

## پايدىلانمىلار

[1][2] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى 11-ئاي نەشرى، 164 ـ166،168-بەتلەر

[3][4] «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى 11-ئاي نەشرى، 580 ، 256 -بەتلەر ،

[4] شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996-يىلى 11-ئاي نەشرى.

[5] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: « ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى نەشرى.

[6] مەريەم قۇربان: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىللىق 2-سانى.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

.........................................................................................

**زەۋزەتۇش شۇھۇدا ( شەھىدلەر باغچىسى)**

بۇ ئەسەر تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 410 بەت، نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان.

پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا جەڭ قىلىپ شېھىت كەتكەن كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان دىنىي مەزمۇندىكى تەرجىمىھال خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىدا « شېھىت » دەپ قارالغان بىر قىسىم كىشىلەرگە ئابىدە تۇرغۇزۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ھەم يېقىن كىشىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان جەڭ پائالىيەتلىرى، بولۇپمۇ ئەلى، ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۈسەن قاتارلىقلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوغداش يولىدا ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ « شېھىت» بولۇش ۋەقەلىكىنى مەركەز قىلغان ھالدا ساھابىلەر ئىچىدىكى يەنە بىر قىسىم « شېھىت » لەرنىڭ ئەھۋاللىرى بايان قىلىنغان.

ھىجرىيە 1228 ـ يىلى (مىلادىيە1813-يىلى) نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن يەكەندە سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 20×28.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 23×13.5سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، بەزى بېتىدە خەت يوق. ئالاھىدە بەلگىسى-قاتۇرما قەغەز مۇقاۋىلىق، تولۇق، ياخشى ساقلانغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ051 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا. تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

كىتابتا ھەر بىر ۋەقەگە مۇناسىۋەتلىك پارىسچە شېئىرلار ۋە بىر قىسىم ۋەقەلەرنىڭ يىلنامىلىرى بېرىلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

ماقالە نومۇرى: 1005 _ 5878 (2011) 01 _ 121 _ 05

# مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا تەھلىل*

## ئادىل ئايۇپ، ئالىمجان ئابدۇقېيۇم

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە، گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىدىكى مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئانالىز قىلىشنى ئاساس قىلىپ، بۇرۇنقى مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىنى چىقىش قىلىپ ، مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئائىت مەسىلىلەر، يەنى مەقسەت ئىپادىسى، قانۇنىي ھەرىكەت ئۇقۇملىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئۇقۇم مېغىزىنىڭ ئۆزگىرىشى ، شۇنداقلا بۇ مەسىلىلەرنىڭ دۆلىتىمىز قانۇنشۇناسلىقىغا بولغان تەسىرى مۇلاھىزە قىلىنىپ، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە مۇۋاپىق كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要：**本文以对德国民法典中的意识表示和法律行为之关系的分析为基础，与以往的意识表示理论相比较，从不同的角度出发讨论分析意识表示和法律行为的关系方面的一些问题，即意识表示、法律行为等概念的提出、概念内涵的变化以及这些问题对我国法学的影响，并提出有关这些问题的合理的观点。

**Abstract:** In this paper, the author based on the analysis of the relationships between expressed intention and legal action in German Civil Law and compared expressed intention theories, analyzed the relationships between expressed intention and legal action from different prospective, and discussed the impact of the presence of such definitions as "expressed intention", "legal action" on the law circle of China; and put forward reasonable opinions.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D9    ماتېرىيال بەلگىسى: A

مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەت چوڭ قۇرۇلۇق قانۇن سىستېمىسىدىكى ئىككى ئاساسىي ئۇقۇم. ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى بولسا مەقسەت ئىپادىسىنى يادرو قىلغان ھەرىكەت، مەقسەت ئىپادىسى بولمىسا قانۇنىي ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ. ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسى بىلەن ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى تۈزۈمى خۇسۇسىي قانۇن سىستېمىسىغا، بولۇپمۇ ھەق تەلەپ قانۇن كودېكسىغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم. قانۇنىي ھەرىكەت تۈزۈمى مۇكەممەل سىستېمىلاشقان نەزەرىيە ئارقىلىق ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى بىر قاتار ئۇقۇم ۋە پرىنسىپلارنى ئىخچام يىغىنچاقلايدۇ[1] . مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسى ۋە قانۇنىي ھەرىكەت تۈزۈمى مەسىلىسىدە، دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ قانۇن نەزەرىيەسى ۋە تۈزۈم ئەمەلىيىتىدە ئاساسلىق گېرمانىيە قانۇنىنىڭ مەيدانىنى قوبۇل قىلغان. لېكىن شۇنى

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 9- ئاينىڭ 21-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتورلار:** ئادىل ئايۇپ (1975-يىلى9-ئايدا تۇغۇلغان)، لېكتور، جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورانتى. ھەق تەلەپ، سودا قانۇنىغا ئائىت تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.
ئالىمجان ئابدۇقېيۇم (1984-يىلى3-ئايدا تۇغۇلغان)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن پەنلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ماگىستىر.

ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەككى، ھەر قانداق تۈزۈمنىڭ كۆچۈرۈپ كېلىنىشىدە بىزدە چوقۇم تەنقىدىي نەزەردە تۇرۇپ پىكىر قىلىش ئىدىيەسى بولۇشى لازىم.

خاتتىن خاۋىر (Hattenhauer) نىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، 18 ـ ئەسىردىكى «مەقسەت ئىپادىسى» (voluntatis declaration) دېگەن ئۇقۇم خۇگو گروتىيو (Hugo Grotius) نىڭ «ۋەدە» (Versperchen) [2]دېگەن سۆزىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. يازما قانۇندا بۇ سۆز 1794 ـ يىلىدىكى «پروسىيە ئادەتتىكى ئىشتات قانۇنى» دا تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلگەن. «بۇ قانۇندا بۇ ئۇقۇمنى ئىشلىتىشتىكى مەقسەت، قانۇنىي ھەرىكەت مەنىسىدىكى ھەرىكەتنى توغرا ئىگىلەش، ئۇنى ئادەمنىڭ مەقسەت ئىپادىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ بېكىتىش»[3] دەپ ئىزاھات بېرىلگەن.

«قانۇنىي ھەرىكەت» توغرىسىدا خاتتىن خاۋىر «19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قانۇنىي ھەرىكەت دېگەن ئۇقۇم قانۇن ساھەسىدە كەڭ قوللىنىلمىغان. بۇ كەسپلەشكەن ئاتالغۇنى شۇ ۋاقىتتىكى قانۇن كەسپى كىتابلىرىدىن تەستە ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە توختام بۇخىل قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تۈرى بولسىمۇ كىشىلەر تەرىپىدىن تېخى سىستېمىلىق ھالدا بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ ئۇقۇم دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىگەن»[4] دەپ ئېيتقان. قانۇنىي ھەرىكەت نەزەرىيەسىنىڭ راۋاجلىنىشىدا ساۋ بىيىنىڭ تۆھپىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ساۋبىينى «ھازىرقى زامان رىم قانۇن سىستېمىسى» دېگەن ئەسىرىدە«قانۇنىي ھەرىكەت» ئارقىلىق «شەخسنىڭ مەقسىتىنىڭ مۇستەقىل ئىدارە قىلىنىش دائىرىسى» دېگەن قاراشنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ، قانۇنىي ھەرىكەتنى ئالاقىدارلارنىڭ قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسىگە ئايلاندۇرغان. ئالاقىدارلارنىڭ مەقسىتىنىڭ مۇستەقىل ئىدارە قىلىنىشىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، ساۋبىينى «قانۇنىي ھەرىكەت» دېگەن ئۇقۇمنى «مەقسەت ئىپادىسى» دېگەن ئۇقۇم بىلەن مەنىداش دەپ قارىغان[5]. ئەمما، كېيىنكى ئىپادىلەش جەريانىدا «مەقسەت ئىپادىسى» نىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى «قانۇنىي ھەرىكەت» ئالغان. بىر قاتار ئۇقۇم ئالمىشىشلاردىن كېيىن، مەقسەت ئىپادىسى گەرچە «قانۇنىي ھەرىكەت» نىڭ يادروسى بولسىمۇ، ھەتتا مەقسەت ئىپادىسى بولمىسا، قانۇنى ھەرىكەت ۋۇجۇدقا چىقمىسىمۇ، ئۇ پەقەت قانۇنىي ھەرىكەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىل بولۇپ قالغان. ئالاقىدارلار ئارىسىدا قانۇنىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىدىغىنى «قانۇنىي ھەرىكەت»، «مەقسەت ئىپادىسى» ئەمەس. مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسىنىڭ مۇشۇ سەۋەبتىن قانۇنىي ھەرىكەت نەزەرىيەسى بىلەن بولغان بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوقالغان.، مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسى ئەسلىدىكى مەنىسىنى يوقاتقان [6].

«گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ‹كودېكسى› » قانۇنىي ھەرىكەت تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ ، قانۇن چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق قانۇنىي ھەرىكەت بىلەن مەقسەت ئىپادىسى دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى موقىملاشتۇرغان. لېكىن تەبىر بەرمىگەن ھەمدە ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن . «قانۇن چىقارغۇچىلار ‹قانۇنىي ھەرىكەت› ۋە ‹مەقسەت ئىپادىسى› دېگەن ئۇقۇمنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن »[7] . مېيدىكۇس بۇنىڭغا ئاساسەن «ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى كودېكىسى» دا ئىككى ئۇقۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن ، بۇ قانۇنىي ھەرىكەت ۋە مەقسەت ئىپادىسىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇقۇمنىڭ پەرقىنىڭ بەك چوڭ ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ[8]،ـ دەپ قارىغان . «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى ‹كودېكسى› قانۇن چىقىرىش ئاساسنامىسى»[9] دىكى «ئادەتتە ، مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەت ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. »[10] دېگەن بايان بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قانۇن چىقىرىش ئاساسنامىسىدا «مەلۇم مەقسەت ئىپادىسى پەقەت مەلۇم قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ پاكىت قۇرۇلمىسىنىڭ تەشكىلىي قىسمى» دېگەن بايانىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ھازىرقى زامان گېرمانىيە قانۇنشۇناسلىرىنىڭ بىر قانچە ئەسەرلىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، يەنىلا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي

ھەرىكەتنى پەرقلەندۈرمەي ، دائىم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ [11].

دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيۋەن رايونىدىكى بىر قىسىم قانۇنشۇناسلار گېرمانىيە قانۇنشۇناسلىرىنىڭ يەنىلا مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنى پەرقلەندۈرمەي، دائىم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكىنىگە قارىتا: «قانۇن چىقارغۇچىلار توختىماي ‹قانۇنىي ھەرىكەت› بىلەن ‹مەقسەت ئىپادىسى› نى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتمەكتە» [12] دەپ باھا بەرگەن. ئۇلار «مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ھەقىقەتەن زىچ مۇناسىۋىتى بولىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يەنىلا پەرق مەۋجۇت»[13] دەپ قارايدۇ. مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسى ۋە قانۇنىي ھەرىكەت تۈزۈمى مەسىلىسىدە، دۆلىتىمىز ھەق تەلەپ قانۇن نەزەرىيەسى ۋە تۈزۈمى ئاساسلىقى گېرمانىيە قانۇنىنىڭ مەيدانىنى قوبۇل قىلغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە گېرمانىيە قانۇنشۇناسلىرى ۋە دۆلىتىمىزدىكى بىر قىسىم قانۇنشۇناسلار ئوتتۇرىسىدا نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بولمىغان قاراش شەكىللىنىدۇ؟ مېنىڭچە بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى( كودېكسى) » دا ھەقىقەتەن ئۇقۇم ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. «گېرمانىيە ھەق-تەلەپ قانۇن دەستۇرى (كودېكسى)» ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ 3-بابى 104- ماددىسىدىن 185-غىچە بولغان ماددىلىرىدا «قانۇنىي ھەرىكەت» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، 105-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقىنىڭ، 107 -، 116-، 124- ماددىسىغىچە بولغان ماددىلىرىدا ئىشلىتىلگەن ئۇقۇم «قانۇنىي ھەرىكەت» بولماستىن، بەلكى «مەقسەت ئىپادىسى» دىن ئىبارەت ؛ قانۇن دەستۇرىنىڭ 119-، 120- ۋە 123- ماددىلىرىغا ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغىنى «مەقسەت ئىپادىسى»، ئەمما 142-ماددىسىغا ئاساسەن ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدىغىنى يەنىلا «قانۇنىي ھەرىكەت».

ئىككىنچى، «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» دا ئۇقۇم مەقسەتلىك ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن. «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» نىڭ 3-بابىنى تەپسىلىي كۆرگەندە، شۇنىسى مەلۇم بولىدۇكى، 105-ماددىسىنىڭ 1-تارمىقى، 107-ماددىسى، 116- دىن 124-ماددىسىغىچە گىچە بولغان ماددىلىرىدا ئىشلىتىلگەن «مەقسەت ئىپادىسى» ۋۇجۇدقا چىققان «قانۇنىي ھەرىكەت» بىلەن ئوخشاش مەنىدە[14] ، بۇخىل قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈم كۈچى ئىناۋەتلىك مەقسەت ئىپادىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قانۇن ماددىلىرىدا «مەقسەت ئىپادىسى» دەپ ئىشلىتىلگەن. گەرچە «مەقسەت ئىپادىسى» ۋۇجۇدقا چىققان «قانۇنىي ھەرىكەت» بىلەن ئوخشاش مەنىدە بولىسىمۇ، بىراق قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈم كۈچى ئىناۋەتلىك مەقسەت ئىپادىسىدىن سىرت يەنە قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ باشقا كۈچكە ئىگە بولۇش شەرتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىرىغا، بىۋاسىتە «قانۇنىي ھەرىكەت» ئۇقۇمى قوللىنىلغان. ئەگەر «مەقسەت ئىپادىسى» ۋە ۋۇجۇدقا چىققان «قانۇنىي ھەرىكەت» بىردەك بولمىسا، بۇ خىل «مەقسەت ئىپادىسى» قانۇن دەستۇرىدا مىسال ئېلىش ئۇسۇلى[15] بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ھەق تەلەپ قانۇن نەزەرىيەسىدە «قانۇنىي ھەرىكەت» بىلەن «مەقسەت ئىپادىسى» نىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتا چۈشەنچىنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» نىڭ تۈزگۈچىلىرى بىلەن كېيىنكى قانۇنشۇناسلار ۋۇجۇدقا چىققان « قانۇنىي ھەرىكەت» بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى «مەقسەت ئىپادىسى» گىلا تەبىر بەرگەن، مۇشۇ ئاساستا مەقسەت ئىپادىسىنىڭ باسقۇچى، ئامىللىرى، ئۇنى ئىزاھلاش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ۋۇجۇدقا چىققان «قانۇنىي ھەرىكەت» بىلەن ئوخشاش بولمىغان تەكلىپ قاتارلىق « مەقسەت ئىپادىسى» گە سەل قاراپ، قانۇنىي ھەرىكەت بىلەن مەقسەت ئىپادىسى نەزەرىيەسىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق بىلەن

تەيىۋەن رايونىدىكى قانۇنشۇناسلار مەقسەتلىك ئايرىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنى توغرا ئىگىلىيەلمىگەن. بۇ بىر قىسىم قانۇنشۇناسلار گەرچە «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» دىكى ئۇقۇملارنى ئايرىلاشتۇرۇش ھادىسىسىنى تونۇپ يەتكەن، ھەمدە «مەقسەت ئىپادىسى» بىلەن «قانۇنىي ھەرىكەت» نىڭ پەرقىنى ئوتتۇرىغا قويغان[16]، شۇنداقلا نەتىجە مەقسەت ئىپادىسىدىن باشقا يەنە تەكلىپ مەقسەت ئىپادىسى، ماقۇللۇق مەقسەت ئىپادىسى ۋە نەتىجە مەقسەت ئىپادىسى قاتارلىق نەزەرىيەلەر ئارقىلىق «مەقسەت ئىپادىسى» نەزەرىيەسىنى تولۇقلىغان بولسىمۇ، لېكىن مەقسەت ئىپادىسىنىڭ ئۆزىگە قارىتا سىستېمىلىق يەكۈنلەش ئېلىپ بارمىغان.

مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەت چوڭ قۇرۇقلۇق قانۇن سىستېمىسىدىكى ئىككى ئاساسىي ئۇقۇم، «قانۇنىي ھەرىكەت تۈزۈمى ھەق تەلەپ قانۇنىدىكى ئەڭ يادرولۇق تۈزۈملەرنىڭ بىرى. ھەق-تەلەپ سۇبيېكتى بىلەن ھەق تەلەپ ئوبيېكتىنى تۇتاشتۇرىدىغان بەلباغ»[17]،«ھەق تەلەپ قانۇنىي ھەرىكىتى بولسا مەقسەت ئىپادىسىنى يادرو قىلغان ھەرىكەت، مەقسەت ئىپادىسى بولمىسا، قانۇنىي ھەرىكەت بولمايدۇ»[18] ، ئۇنداقتا ھەق-تەلەپ ھەرىكىتىگە قارىتا، قايسى خىل مەقسەت ئىپادىسى كەم بولسا بولمايدۇ؟ مەسىلەن: قوش تەرەپلىك قانۇنىي ھەرىكەت(توختام)كە نىسبەتەن، تەكلىپ مەقسەت ئىپادىسى، ماقۇللۇق مەقسەت ئىپادىسى، نەتىجە مەقسەت ئىپادىسى قاتارلىقلاردىن قايسى خىل مەقسەت ئىپادىسى كەم بولسا بولمايدۇ ؟ بۇ مەسىلىگە قارىتا گېرمانىيە قانۇن چىقىرىش ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى بىرىنچە كەم بولسا بولمايدىغان مەقسەت ئىپادىسى نەتىجە مەقسەت ئىپادىسى دېگەندىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيىۋەن رايونىدىكى ھەق تەلەپ قانۇن چىقىرىش ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە بۇ مەسىلە بىر ئاز مۇرەككەپ، چۈنكى دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيىۋەن رايونىدىكى ھەق تەلەپ قانۇن چىقىرىش ساھەسىدە مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ئېنىق دائىرىسى يوق.

مەن مۇنداق قارايمەن: گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن چىقىرىش ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە ئومۇميۈزلۈك بولغان قاراش «مەقسەت ئىپادىسى» ۋۇجۇدقا چىققان «قانۇنىي ھەرىكەت» كە باراۋەر[19]. دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيىۋەن رايونىدىكى ھەق تەلەپ قانۇن چىقىرىش ۋە نەزەرىيە ساھەسىدە تەكلىپ مەقسەت ئىپادىسى ۋە ماقۇللۇق مەقسەت ئىپادىسىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىمۇ قانۇنىي ھەرىكەتكە نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدۇ. لېكىن پەقەت نەتىجە مەقسەت ئىپادىسىلا ۋۇجۇدقا چىققان « قانۇنىي ھەرىكەت» كە باراۋەر. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، گېرمانىيە ھەق-تەلەپ قانۇن چىقىرىش ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكى «مەقسەت ئىپادىسى» بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان «قانۇنىي ھەرىكەت» ئۆز-ئارا ماس كېلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق ۋە تەيىۋەن رايونىدىكى ھەق تەلەپ قانۇن چىقىرىش ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكى «مەقسەت ئىپادىسى» ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن بىر قەدەر كەڭ ( ھەم شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك)، ئۇنىڭ بىلەن «قانۇنىي ھەرىكەت» ئارىسىدا ماسلىق مۇناسىۋىتى يوق.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] 参见董安生：《民事法律行为》，前言，北京，中国人民大学出版社，1994。

[2] بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «ۋەدە» سۆزى بولسا خۇگو گىروتىيو ( Hugo Grotius,1583—1645 ) نىڭ 1625-يىلى يازغان «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق》 دېگەن كىتابىدا ئەنئەنىۋى رىم قانۇنىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ توختامغا بولغان ئالقىشىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇقۇم كېيىن قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە تەدرىجىي «مەقسەت ئىپادىسى» بولۇپ شەكىللەندى. ( [گېرمانىيە] خاتتېن خاۋىر: «قانۇنىي ھەرىكەت ئۇقۇمى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى» [A]، سۈن شيەن جوڭ تەرجىمىسى (140-بەت) .

[3]汉斯·哈腾保尔[德]：《法律行为概念-产生以及发展》[A]，p140.孙宪忠。民商法前沿。（1、2 辑）[C]。2002。北京：法律出版社，2002.

[4][德]汉斯·哈腾保尔：《法律行为概念—产生以及发展》，孙宪忠译，载杨立新主编：《民商法前沿，第 1、2 辑，吉林人民出版社》，2002，第 140 页。

[5] 哈腾保尔，同注 4 引文，第 144-145 页。

[6] [德]汉斯·哈腾保尔：《法律行为概念—产生以及发展》，孙宪忠译，载杨立新主编：《民商法前言，第 1、2 辑，吉林人民出版社》，2002，第 144-145 页。

[7][12][]13[16] ۋاڭ لى مىڭ: «ھەقتەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپى تەتقىقاتى» ، بېيجىڭ، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىلى 1-نەشرى ،540-بەت.

[8] [德]迪特尔。梅迪库斯：《德国民法总论》，邵建东译，法律出版社，2000，第 190 页。

[9] «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرى» « قانۇن چىقىرىش ئاساسنامىسى» مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەتكە ئېنىقلىما بېرىدۇ،قانۇنىي ھەرىكەت بولسا «شەخسنىڭ مەلۇم قانۇنىي ئۈنۈمنى پەيدا قىلىش مۇددىئاسىدىكى مەقسەت ئىپادىسى. بۇ خىل ئۈنۈمنىڭ قانۇن بويىچە ۋۇجۇدقا چىقىشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ ئۇنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىندۇر. قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى قانۇنىي ئۈنۈمنى پەيدا قىلىش مۇددىئاسىدىكى مەقسەتنىڭ ئىشقا ئېشىشى، قانۇن - تۈزۈمنىڭ مۇشۇ مەقسەت ئۇسۇلىنى ئېتىراپ قىلىشى ھەم قانۇن دائىرىسىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچى ئۈمىد قىلغان قانۇنىي ھۆكۈمنىڭ ئىشقا ئېشىشىدۇر (دىتېئېر . مېيدى كوسى [گېرمانىيە]: «گېرمانىيە ھەق-تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي نەزەرىيەسى»، جاۋ جيەندۇڭ تەرجىمىسى، قانۇن نەشرىياتى،2000-يىلى، 190-بەت)؛ « قانۇن چىقىرىش ئاساسنامىسى» نىڭ چۈشەندۈرۈشى بولسا: (1) « قانۇنىي ھەرىكەت» بولسا خۇسۇسىي قانۇندىكى مەقسەت ئىپادىسى، ئۇنىڭ مەقستى ئالاقىدارلار يۈز بېرىشنى ئۈمىد قىلغان ھەم قانۇن-تۈزۈم رۇخسەت قىلغان قانۇنىي ئاقىۋەتنى قوغلىشىش. قانۇنىي ھەرىكەتنىڭ ماھىيىتى بولسا قانۇنىي ئۈنۈمنى پەيدا قىلىش مۇددىئاسىدىكى مەقسەت (خاتتىن خاۋىر: « قانۇنىي ھەرىكەت ئۇقۇمىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى» [A]، سۈن شيەنجوڭ تەرجىمىسى، ياڭ لىشىن تۈزۈگەن: «ھەق-تەلەپ سودا قانۇنى يېڭىلىقلىرى» [C]، 2002-يىللىق1-،2-توپلام. جىلىن خەلق نەشرىياتى، 2002 145-بەتكە قارالسۇن)؛ (2) «ئادەتتە مەقسەت ئىپادىسى بىلەن قانۇنىي ھەرىكەت ئوخشاش مەنىدىكى ئىپادىلەش ئۇسۇلى. مەقسەت ئىپادىسىنى ئىشلەتكۈچىلەر مەقستىنى ئىپادىلەش جەريانىغا ياكى مەلۇم مەقسەت ئىپادىسىنىڭ پەقەت مەلۇم قانۇنىي ھەرىكەت پاكىتىنىڭ تەشكىلىي قىسمى ئىكەنلىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ » ( ۋاڭ لىمىڭ «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپى تەتقىقاتى»، 540-بەت.

[10] 梅迪库斯，同注 2 引文，第 190 页。

[11] 朱庆育：“意思表示与法律行为”，载《比较法研究》，2004 年第一期，第 17 页。

[14] ۋۇجۇدقا چىققان قانۇنىي ھەرىكەتتىكى مەقسەت ئىپادىسىگە قارىتا ئۈنۈمى ئوخشاش بولغان تاق تەرەپلىك قانۇنىي ھەرىكەتتىكى ھەرىكەت ئېلىپ بارغۇچىنىڭ مەقسەت ئىپادىسى ، قوش تەرەپلىك قانۇنىي ھەرىكەتتىكى بىرلىككە كەلگەن مەقسەت ئىپادىسى ۋە ئورتاق قانۇنىي ھەرىكەتتىكى ئورتاق مەقسەت ئىپادىسى قاتارلىقلارنى مەن ئومۇملاشتۇرۇپ نەتىجە مەقسەت ئىپادىسى دەپ ئالدىم.

[15]. «گېرمانىيە ھەق تەلەپ قانۇن كودىكسى»127-ماددا(3)......؛ توختام تۈزۈشكەن ئەھۋالدا پەقەت ئايرىم-ئايرىم ئېلېكترونلۇق ئىمزا قويغان تەكلىپ مەقسەت ئىپادىسى ۋە ۋەدە مەقسەت ئىپادىسى بولسىلا كۇپايە ......

[17] 参见许中缘：《论民法典与我国司法的发展》，载易续明主编：《私法》，第 8 辑，111 页，北京，北京大学出版社，2004.

[18] ۋاڭ لىمىڭ: «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي پرىنسىپى تەتقىقاتى»، بېيجىڭ،جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2003-يىلى 1-نەشرى ، 533 - بەت.

[19]德]汉斯·哈腾保尔：《法律行为概念——产生以及发展》，孙宪忠译，载杨立新主编：《民商法前言，第 1、2 辑，吉林人民出版社》，2002，第 144-145 页。

جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

32-يىللىق 1-سان    شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)    第 32 卷第 1 期
2011-يىلى 3-ئاي    新疆大学学报(哲学社会科学维吾尔文版)    2011 年 3 月

ماقالە نومۇرى: 07-126-03 (2011) 5878-1005

# نۆۋەتتىكى ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ ئىپادىسى، سەۋەبى ۋە ئۇنى تۈگىتىش تەدبىرلىرى توغرىسىدا*

ئايگۈل ئىبراھىم

(شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى، ئۈرۈمچى. 830011)

قىسقىچە مەزمۇنى: ئەدلىيە چىرىكلىكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات ــ ماماتىغا تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە، سىياسىي قانۇن قوشۇنىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئېيتقاندا، چىرىكلىك ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ ، ئۇنىڭ پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي زىيىنى ۋە تەسىرى ئىنتايىن ئېغىر . شۇڭا ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ ، مۇناسىپ قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى بېكىتىش ئىنتايىن مۇھىم. ماقالىدە مۇشۇ مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**摘要：**词法腐败是事关党和国家生存的大问题，对政法队伍的整体来说，腐败虽然只占少数，但它造成的影响和社会危害很严重，所以要认真分析司法腐败的表现及发生的原因，找到预防和消除的对策。

**Abstract:** The judicial corruption, which is closely related to the survival of the Party and the country, is a big problem. Although the corruption persists only in some parts of the overall political and legal teams, its impact and social harm are very serious. So it is necessary to seriously study the manifestations and the causes of judicial corruption to find countermeasures to prevent and eliminate it.

كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: D913.9    ماتېرىيال بەلگىسى: A

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، بۇنىڭغا ماس ھالدا ئەدلىيە ئورگانلىرىمۇ زور دەرىجىدە كۈچەيتىلىپ، ئەدلىيەگە ئائىت قانۇنچىلىق مۇكەممەللەشتى. ھەر دەرىجىلىك سوت، تەپتىش، ج خ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى، ئامانلىقىنى قوغداش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئەمما بىر قىسىم ئەدلىيە ئورگانلىرىدىكى قىسمەن خادىملار سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ جىددىي سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پاسسىپ ئامىللارنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن نۆۋەتتە ئەمەلدارلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە ئەدلىيە چىرىكلىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان گەۋدىلىك مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەدلىيە چىرىكلىكى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات ــ ماماتىغا تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە، سىياسىي قانۇن ساھەسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن ئېيتقاندا، چىرىكلىك ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ ، ئۇنىڭ پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي زىيىنى ۋە تەسىرى

---

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 12-ئاينىڭ 9-كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

**ئاپتور:** ئايگۈل ئىبراھىم (1965-يىلى2-ئايدا تۇغۇلغان)، «شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ مۇھەررىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر.

ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا. شۇڭا، ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ ئىپادىسى ۋە سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، مۇناسىپ قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، ئەدلىيە چىرىكلىكىنى تۈسۈش نۆۋەتتىكى جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

## 1. ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ ئىپادىسى

ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچى، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ قانۇننى بۇزۇش قىلمىشى. بۇ قىلمىش ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ پۇل ئالدىدا پارىخورلۇق قىلىپ قانۇننى بۇزۇش؛ ئۇرۇق- تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە يۈز خاتىرە قىلىپ قانۇننى بۇزۇش؛ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇننى بۇزۇش؛ تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ قانۇننى بۇزۇش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇنداق قانۇننى بۇزۇش قىلمىشلىرى مەۋجۇت بولغاچقا، كىشىلەر ئارزۇ قىلغان «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالماقتا. ئىككىنچى، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىش قىلمىشى. قىسمەن ئەدلىيە خادىملىرىدا تەھقىقلەش، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەش، سوتلاش قاتارلىق قانۇننى ئىجرا قىلىش باسقۇچلىرىدا قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماي، دېلونى ئادىل بېجىرمەي، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ «مۇناسىۋەت دېلوسى، ئادىمگەرچىلىك دېلوسى، پۇل - مال دېلوسى» بېجىرىش؛ تۇرمە باشقۇرۇش، داۋالىنىش ئۈچۈن كېپىللىككە بېرىش، جازا كېمەيتىش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش، جازانى ۋاقتىنچە تۇرمە سىرتىدا ئىجرا قىلىش قاتارلىق ھالقىلاردا پارىخورلۇق قىلىپ قانۇننى بۇزۇپ پۇل - ھوقۇق سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش، جىنايەتچىنى ئۆز ئالدىغا قويۇپ بېرىش قىلمىشلىرى مەۋجۇت. ئۈچىنچى، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ ھوقۇق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىش قىلمىشى. قىسمەن ئەدلىيە خادىملىرى تەھقىقلەش، تەييارلىق سوراق داۋامىدا قىيناپ سوراق قىلىپ قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، ساقچى سايمانلىرى، ساقچى ماشىنىسى، ساقچى گۇۋاھنامىلىرىنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلدى، جىنايەت گۇماندارلىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ قاماپ، تەن جازاسى بېرىپ خورلىدى؛ رازۋېدكا قىلىپ سوراق قىلىش، سوتلاش داۋامىدا قانۇنغا خىلاپ ھالدا دەلىل - ئىسپات ئېلىپ كۆرسىتىپ، ئالداپ ئىقرار قىلدۇردى. ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىگە توسقۇنلۇق قىلدى ياكى ساختا دەلىل - ئىسپات ئويدۇرۇپ چىقاردى. تۆتىنچى، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ دېلودىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنى قاقتى - سوقتى قىلىش قىلمىشى. بەزى ئەدلىيە خادىملىرى «ھاراق قويۇپ بەرسە قانۇننى كەڭ قويۇۋېتىپ»، «تاماكا سوۋغا قىلسا ئىشنى ھەل قىلىپ بېرىپ» دېلودىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. كونكرېت ئېيتقاندا ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەر تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.

**1) ج خ ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر**

(1) دېلو تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ دېلو تۇرغۇزماسلىق. دېلو تۇرغۇزۇپ جىنايەت گۇماندارىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى دېلولاردا دېلو تۇرغۇزماي، تەھقىقلەپ دەلىل - ئىسپات ئالغاندا ئەھۋالدا ئالىقاچان ئۆزگىرىش بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىشقا ئامال بولماسلىق.

(2) جىنايەت بولسىمۇ سۈرۈشتۈرمەسلىك، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنىڭ دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ ئامانلىق دېلوسىغا ئايلاندۇرۇپ، جەرىمانە قويۇپ، جىنايى ئىشلار دەۋا تەرتىپىدىن ئۆتكۈزمەي ئاخىرلاشتۇرۇش.

(3) پۇل تۆلىتىپ جازادىن كەچۈرۈم قىلىش، باسقۇنچىلىق، قاتناش ھادىسىسى پەيدا قىلىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئارىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى تۆلەمنى ئېلىپ ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا كۆندۈرۈپ، دېلونى تەكشۈرۈپ ھۆكۈم چىقارمايلا ئاخىرلاشتۇرۇش.

(4) قانۇندىن قاچۇرۇپ دېلونى ئورۇنسىز ئەمەلدىن قالدۇرۇش . ئەمەلدىن قالدۇرۇش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان دېلونى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، قولغا ئېلىش ، مەجبۇرلاش تەدبىرىنى ئۆزگەرتىش شەرتىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغۇچە كېپىللىگە بېرىشكە ياكى تۇرار جايىنى نازارەت ئاستىغا ئېلىشقا ئۆزگەرتىپ ، دېلونى بىر تەرەپ قىلىشنى قىيىنلاشتۇرۇش.

**2) تەپتىش ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر**

(1) قولغا ئېلىشنى تەستىقلاشقا تېگىشلىك بولسىمۇ قولغا ئېلىشنى تەستىقلىماسلىق ياكى ئەيىبلەشكە تېگىشلىك بولسىمۇ ئەيىبلىمەسلىك ، جىنايى جازا بېرىشكە، ئېغىر جازالاشقا تېگىشلىك جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، جىنايەت گۇماندارىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەسلىك ياكى يېنىك جازالاش.

(2) ئىقتىسادىي جىنايەتنى تەكشۈرۈش داۋامىدا پارا ئالغۇچىنىڭلا جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، پارا بەرگۈچىنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئوبيېكتىپ جەھەتتە پارىخورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، چەكلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىش.

(3) ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش داۋامىدا، پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، يوچۇقنى ئېتىشكە، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، دېلوغا چېتىشلىق قانۇنغا خىلاپ تاپاۋەتنى قايتۇرۇۋالسىلا بولدى قىلىپ، دېلو پەيدا بولغان ئورۇندا ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە يوچۇقلارنى تەھلىل قىلىپ تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماي، تەپتىش خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرماسلىق.

(4) كارخانىلاردىكى ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە تارماقلىرىدىكى ئىقتىسادىي جىنايەت دېلولىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا سەل قاراش؛ شەخسلەرنىڭ ئىقتىسادىي جىنايىتىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا سەل قاراش، زەربە بېرىش سالمىقى ئاجىز بولۇش.

(5) دېلو باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئىقتىسادىي تالاش ـ تارتىش دېلولىرىغا ئارىلىشىپ، كارخانا، ئورگان ۋە دەۋالاشقۇچىلارغا «قەرز قايتۇرۇش شىركىتى» بولۇپ بېرىپ، تەپتىش ئورگىنىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىدىن يىراقلىشىش.

**3) سوت مەھكىمىلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر**

(1) جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى سوتلىغاندا ھوقۇقىدىن كەلسە ـ كەلمەس پايدىلىنىپ « ئەركىن ئۆلچەش»، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ يېنىك ھۆكۈم چىقىرىش، جازانى كېچىكتۈرۈشنى تەتبىقلاش زىيادە كەڭ، زىيادە كۆپ بولۇش.

(2) خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق جىنايى دېلولىرىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرىغا ھۆكۈم قىلىش، ئۇنى قوللىنىشتا جاۋابكارغا پايدىلىق تەرەپلىرىگىلا ئەھمىيەت بېرىش، ئېغىز ئىقرارىغا بىردەك ئىشەنمەسلىك، ھەتتا ئىككىدىن ئارتۇق گۇۋاھچى گۇۋاھلىق سۆزى ۋە باشقا دەلىل ـ ئىسپاتلار بىلەن ئىسپاتلىنىسىمۇ، جاۋابكار ئىقرار قىلمىسىلا، « دەلىل ـ ئىسپات تولۇق ئەمەس» دەپ، ھۆكۈم چىقارماسلىق؛ ئەسلىي دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىشەنمەي، ساختا دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىشىنىش، باشتىكى ئىقرارغا ئىشەنمەي، يېنىۋالغان ئىقرارغا ئىشىنىش.

(3) ھەق تەلەپ دېلولىرىنى ۋە ئىقتىسادىي دېلولارنى قاراپ چىقىپ بىر تەرەپ قىلغاندا، پاكىتقا قارىماي، دەۋالاشقان بىر تەرەپكە يان بېسىپ، دېلو باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تالىشىپ، يەرلىك قورۇمچىلىق قىلىش؛ دېلونى قانۇنغا خىلاپ ھالدا ۋاقىت چېكىدىن ئاشۇرۇپ بېجىرىش، بەزى دېلولارنى ئۇزاققىچە سۆرەپ ھەل قىلماسلىق.

(4) ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مېھماندارچىلىقى، سوۋغىتىنى قوبۇل قىلىش ياكى ئالاقىدار تەرەپلەرگە دېلو بېجىرىش ھەققى تۆلىتىش، ئالىي مېھمانخانىدا يېتىش، ئالىي رېستورانىدا غىزالىنىش، يۇقىرى ئىستېماللىق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدا كۆڭۈل ئېچىش،

دېلودىكى ئالاقىدار تەرەپ بىلەن بىللە يۈرۈش، بىللە يېتىپ ـ قوپۇش، بىللە تاماقلىنىش قاتارلىقلار .

## 2. ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ سەۋەبلىرى

ئەدلىيە چىرىكلىكى پەيدا بولغان زامان، ماكان ۋە مۇددىئا قاتارلىق ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ شەكلى ۋە شەكىللىنىش سەۋەبى خىلمۇ خىل بولسىمۇ، لېكىن ھەر قانداق بىر چىرىكلىك قىلمىشى تۆۋەندىكىدەك ئورتاقلىققا ئىگە:

1) ئەدلىيە خادىملىرىدا تەبىئىي شەكىللەنگەن شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەس چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىچكى شەرت ۋە پىسخىك ئاساستۇر. بۇ چىرىكلىكنى پەيدا قىلغۇچى مۇھىم سەۋەب بولۇپ، شەخسىي ئارزۇ- ھەۋەسنىڭ قىلمىش سادىر قىلغۇچىنىڭ ئىڭىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى چىرىكلىكنى خالايدىغان پىسخىك ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

2) ئەدلىيە ھوقۇقىنى چەكلەش سىستېمىسىنىڭ كەمتۈكلىكى ئەدلىيە چىرىكلىكىنى شەكىللەندۈرگۈچى تاشقى شەرتتۇر. بۇ خىل كەمتۈكلۈك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ قىلمىش سادىر قىلغۇچىنى چەكلىمەسلىكىگە ۋە چىرىكلىككە جۈرئەت قىلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ. نوقۇل شەخسىي ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئەدلىيە چەكلەش سىستېمىسىدىكى كەمتۈكلۈك ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تۈپ سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئەدلىيە چىرىكلىكىنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك:

(1) ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيەسى تۆۋەن بولغاچقا قانۇننى ئىجرا قىلىش قارىشى ئۆزگىرىپ كەتكەن. بىر قىسىم ئەدلىيە خادىملىرى دېلولارنى قەتئىي تۈردە قانۇننى ئىجرا قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئىشلىمەي، بەزى دېلولارنىڭ دەرىجىسىنى چۈشۈرۈپ، ۋاقىت چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، پاكىت ۋە قانۇن بويىچە ئادىل ئىش قىلماي، دېلوغا خاتا ھۆكۈم قىلىپ، قانۇننىڭ تەھدىت كۈچىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن.

(2) ئەدلىيە قوشۇنىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ پاك، ئىنتىزامچان بولۇش ئېڭى سۇس بولۇپ، ئۇلار ماددىي مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇننى ئىجرا قىلىشتا بوشاڭلىق قىلدى. ھەر خىل باھانىلار بىلەن كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىپ جىنايەت گۇماندارىنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قاچۇردى. بەزى جايلاردىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايەت گۇماندارى ياكى دېلو پەيدا قىلغان ئورۇن «دېلو بېجىرىش ھەققى»، « ياردەم ھەققى» بەرسىلا قانۇن تورىنى ئېلىۋەتتى.

(3) قانۇن تۈزۈم مۇكەممەل بولمىدى ياكى ئەدلىيەلىك چۈشەندۈرۈش بىرلىككە كەلمىدى ھەتتا بىر ـ بىرىگە زىت بولۇپ قالدى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى شۇكى، ئالىي ئەدلىيە ئورگانلىرى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى بىلەن ماس بولمىغان بىر قىسىم ئەدلىيەلىك چۈشەندۈرۈشلەرنى تۈزۈپ ئېلان قىلىپ، ئەدلىيە جەھەتتە قالايمىقانچىلىق ۋە قۇرۇق تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلىپ، ئاخىرى، ئىلاجسىز « ئىككى مەھكىمە ، ئۈچ مىنىستىرلىق، بىر كومىتېت» نامىدا بىرلەشمە ھۆججەت چۈشۈرۈپ قېلىپلاشتۇردى. تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىدا جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى تۇرغۇزۇش نازارەتچىلىكى، دېلونى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ھارام پۇل ـ مالنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلار توغرىسىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرى بۇ تۈپ قانۇننى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك.

(4) ئارىغا ئادەم چۈشۈش شامىلىنىڭ كاشىلىسى ۋە ھوقۇقنىڭ ئارىلىشىۋېلىشى. بىرىنچىدىن، مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ كاشىلا قىلىشى، قىسمەن رەھبەرلەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشى، مۇددىئاسىنىڭ توغرا بولماسلىقى ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە دېلو بېجىرگۈچى خادىملارغا يوشۇرۇن بېسىم پەيدا قىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرىنى تۈزگەن ۋە ئوتتۇرىغا قويغان بۆگۈنكى كۆندە، قىسمەن جايلاردا يەنە سوت مەھكىمىسى دېلو بېجىرگەندە ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزۈشتەك ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا. ئىككىنچىدىن، مۇناسىۋەت تورىنىڭ چىرمىۋېلىشى، يەنى نۆۋەتتە ئەدلىيە ئورگانلىرى تۇرۇۋاتقان مۇھىت ئەدلىيە خادىملىرىنى قانۇن بىلەن ئادىمگەرچىلىكتىن بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلماقتا.

(5) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىراجىتى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمىگەنلىكتىن خىزمەت شارائىتى نىسبەتەن ناچار بولماقتا. خىراجەت يېتىشمەسلىك، خىزمەت ، قاتناش، خەۋەرلىشىش، تېخنىكىلىق رازۋېدكا ئەسلىھەلىرى ئارقىدا قېلىش ۋە تۇرمۇش تەمىناتى بىر قەدەر تۆۋەن بولۇشتەك ھالەت ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان مۇھىم ئامىلغا ئايلاندى. پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇش بىلەن خىزمەت، قاتناش، تېخنىكا ۋاستىسىنى ياخشىلاش، ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى ئۆستۈرۈش بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس. ئەدلىيە قوشۇنىنىڭ پاك ـ دىيانەتلىك بولۇشى قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىشنىڭ كاپالىتى، ئىلغار ئۈسكۈنىلەر بولسا قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

(6) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاجىز بولۇش. خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش، زەھەر ئەتكەسچىلىكى جىنايىتىگە زەربە بېرىش كۆرىشىدە ئومۇمىي گەۋدىلىك جەڭ قىلىش ئېڭى كەمچىل بولۇپ، پارچە ـ پۇرات دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كۆپ ، چوڭ، مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئاز بولماقتا. ئېقىمغا قارشى دېلو سادىر قىلىۋاتقانلارنىڭ ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىشى ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك بولمىغانلىقىنى، جازانىڭ قاتتىق بولمىغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

### 3. ئەدلىيە چىرىكلىكىنى جازالاش ۋە توسۇش تەدبىرلىرى

جەمئىيەتتىكى ھەر خىل چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئىچىدە، ئەدلىيە چىرىكلىكى ئەڭ ئېغىر بولۇپ، بۇزغۇنچىلىقى ئەڭ كۈچلۈك، زىيىنى ئەڭ چوڭ، تەسىرى ئەڭ يامان چىرىكلىكتۇر. ئۇنىڭ ھازىرقى زامان قانۇنچىلىقىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقى ناھايىتى زور، قانۇنچىلىق مېخانىزمىغا ۋە ئۇ ۋەكىللىك قىلغان خەلقنىڭ ئىرادىسىگە زىت بولۇپ، ئەدلىيە ئادىللىقىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپ، كىشىلەرنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ۋە قانۇنغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئەدلىيە چىرىكلىكىنى تۈزەشتە چوقۇم نىشانلىق ئوق ئېتىش، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ تۈپ يىلتىزىدىن جازالاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.

(1) ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارغا قانۇننى ئىجرا قىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېڭى توغرىسىدىكى تەربىيەنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالدى بىلەن ئەدلىيە خادىملىرىغا سىياسىي ئىدىيەۋى تەربىيە، جان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەربىيەسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. پاك ـ دىيانەتلىك بولغان، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىدىغان قوغدىغۇچى ئوبراز، تىرىشچانلىق بىلەن تۆھپە يارىتىدىغان ، كەسپكە ئىخلاس قىلىدىغان ئوبراز تىكلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ ساپاسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. تىرىشىپ قانۇن ئۆگىنىش، قانۇننى بىلىش، قانۇننى پۇختا ئىگىلەش، « كونا»، «ئادەتلىنىپ قالغان» كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىش، ھازىرقى قانۇن ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇسۇللارنى تۈگىتىش ۋە تۈزىتىش لازىم.

(2) ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش ۋە قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ سىرتقى مۇھىتىنى تۈزەش كېرەك. ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ مالىيە كۈچى يار بەرگەن ئەھۋالدا، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خەۋەرلىشىش، تېخنىكىلىق رازۋېدكا، قاتناش قورالى، خىزمەت ئورنى قاتارلىق قاتتىق ماتېرىيال قۇرۇلۇشىنى پىلانلىق ھالدا كۈچەيتىش، يېتەرلىك دېلو بېجىرىش راسخوتى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇننى قاتتىق، ئادىل، ئۈنۈملۈك، كۈچلۈك ئىجرا قىلىشىغا ماددىي ئاساس سېلىش، شۇنداقلا يەنە ئومۇمىي خەلققە، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، رەھبىرىي كادىرلاردا « قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش» تەك قانۇنچىلىق كۆز قارىشىنى ھەقىقىي تۇرغۇزۇپ، ئادىمىگەرچىلىك شامىلى ۋە مۇناسىۋەت تورىنىڭ ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىشىغا بولغان كاشىلىسى ۋە تەسىرىنى توسۇش كېرەك.

(3) ئەدلىيە چىرىكلىكىنى جازالاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. «قانۇننى ئىجرا قىلىدىغانلار قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا، جىنايىتىنى مۇناسىپ ئېغىرلىتىش» كېرەك. ئەدلىيە قوشۇنىنى ھەقىقىي پاكلاشتۇرۇش ئۈچۈن نەپسانىيەتچىلىك قىلىپ قانۇننى بۇزغان، يۈز خاتىرە قىلىپ قانۇننى بۇزغان، ناھەق ھۆكۈم چىقارغانلارنى بايقىغان ھامان مۇناسىپ مەمۇرىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي جازا بېرىش ھەمدە ئەدلىيە قوشۇنىدىن قەتئىي تازىلاپ چىقىرىپ قايتا قوبۇل قىلماسلىق كېرەك.

(4) ئەدلىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. دۆلەت ئېلان قىلغان «سودىيەلەر قانۇنى»، « تەپتىش ئەمەلدارلىرى قانۇنى»، « خەلق ساقچىلىرى قانۇنى» ۋە « سوت مەھكىمىسى تەشكىلىي قانۇنىي»، «خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى تەشكىلىي قانۇنى» -- ئەدلىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئەدلىيە قوشۇنىنى قېلىپلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم كاپالەت. ئەدلىيە ئورگانلىرى خادىم قوبۇل قىلىش ئىمتىھانى ئېلىش، سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى سىناش ئۆتكىلىنى قەتئىي تۈردە قانۇن بويىچە ئىگىلىشى، ئەدلىيە خادىملىرىنى سىناش، ئۆستۈرۈش، جازالاش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى، كادىرلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشتا ئىلمىي تۈزۈلمە ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ مالىيە كاپالەت تۈزۈلمىسى ئورنىتىپ ۋە يولغا قويۇپ قانۇن ئىجرا قىلىشتىكى يەرلىك قورۇقچىلىق ۋە تارماقلار قورۇقچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە ئۇنى تۈگىتىشى كېرەك.

(5) نازارەت قىلىش ۋە ئىچكى چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش كېرەك. ج خ ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى قەتئىي تۈردە قانۇن ۋە ئاساسىي قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئارا ماسلىشىش، ئۆز ئارا چەكلەش پرىنسىپى بويىچە دېلو بېجىرىپ، ھەر قايسىسى ئۆز ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ نازارەت قىلىشقا تېگىشلىكلىرىگە قارىتا نازارەت قىلىشى، تەكلىپ بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە قارىتا تەكلىپ بېرىشى كېرەك. قانۇن نازارەتچىلىك ئورگىنى بولغان خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى نازارەتچىلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، ج خ ئورگانلىرى دېلو تۇرغۇزۇشتا تېگىشلىك بولسىمۇ دېلو تۇرغۇزمىغانلىرىغا قارىتا دېلو تۇرغۇزۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىشى؛ رازۋېدكا قىلىپ سوراق قىلىش داۋامىدا قىيناپ سوراق قىلىپ، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش، دېلو بېجىرگەندە يۈز - خاتىرە قىلىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. سوتلاش، جازا ئىجرا قىلىش قاتارلىق ھالقىلاردا ناھەق ھۆكۈم قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ ھالدا جازانى كېمەيتكەن، داۋالىنىش ئۈچۈن كېپىلگە بەرگەنلەرنى ئېتىراز بىلدۈرۈپ، نازارەت قىلىپ تۈزىتىش كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بايقىغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش كېرەك. پارتكوم، سىياسىي قانۇن كومىتېتى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان رەھبەرلىك ۋە نازارەتچىلىك سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىشى كېرەك. تېلېۋىزىيە، رادىئو، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرى جامائەت پىكرىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىدا يۈز بەرگەن تىپىك ئەدلىيە چىرىكلىكىنى ئاشكارىلىشى كېرەك. ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېلو بېجىرىشنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خاتا دېلونى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنى ئەدلىيە خادىملىرىنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيەسى ۋە سىياسىي ساپاسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم قىلىش كېرەك.

دېمەك، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيەنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىپ، پارتىيەنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ

پارتىيەنىڭ خاراكتېرىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيەنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي قۇرلۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ.

چىرىكلىك تارىخىي ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىي قىلىپ ھوقۇق ۋە باشقۇرۇش شەكىللەنگەندىن كېيىن پەيدا بولغان. ھوقۇق ۋە باشقۇرۇش چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مەنبە. چىرىكلىك ماھىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ دۇنيا قارىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ پاكلىق بىلەن سىغىشالمايدىغان يامان سۈپەتلىك ئۆسمە. ئۇ مەيلى خەلقئارادا ياكى مەملىكەت ئىچىدە بولسۇن ئورتاق ھادىسە.

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار


[1] ئابلىكىم: «ج خ ئورگانلىرىدا قانۇننى ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك»، «سىياسىي قانۇن ئۆگىنىشى» ، 1991-يىللىق 1-سان.

[2] نۇرمۇھەممەت توختى: «چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا»،«شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1997 ـ يىللىق 4- سان.

[3] ئابدۇسالام رەخمان: «ج خ ساقچىلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىش،ھوقۇقتا دەخلى تەرۇز قىلىشتەك قانۇن- نىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، سەۋەبى ۋە تەدبىر»، «شىنجاڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى» 2009،-يىللىق4-، 5 - سان.

[4] رەيھانگۈل تۆرە: «ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم رولى»، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش»، 2010- يىللىق 2- سان.


جاۋابكار مۇھەررىرى: قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى

................................................................................................

## قىسسەسۇل ـ ئەنبىيائى تۈركى(پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخى)

بۇ ئەسەر بىر قىسىم، 480 بەت. ناسىرىددىن بۇرھانىددىننىڭ ئوغلى رابغۇزى 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك تەرجىمىھال خاراكتېرلىك كىتاب بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىنى تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. كىتاب 72 ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇسلۇب جەھەتتە قىسسە ۋە رىۋايەتنى ئاساس قىلغان بولۇپ، نەسرىي شەكىلدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا «قۇرئان كەرىم » دىكى پەيغەمبەرلەر توغرىسىدا سۆزلەنگەن قىسسەلەر بەدىئىي يول بىلەن بايان قىلىنغان.

كىتابتا پەيغەمبەرنىڭ تەرجىمىھالى پۈتۈنلەي دىنىي قاراش ئاساسىدا يورۇتۇپ بېرىلگەندىن باشقا يەنە، ئاپتورنىڭ ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە بولغان قاراشلىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى، ۋاپا ـ ساداقەتكە ئوقۇلغان مەدھىيەلەر، ھاياتقا بولغان ئۈمىدۋارلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ كىتاب 13 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە «خاقانىيە تىلى» نىڭ 13 ـ ئەسىردىكى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى شۇنداقلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ئورۇن بېرىشىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھىجرىيە 1236 ـ يىلى (مىلادىيە 1820-1821- يىللىرى) يەكەندە نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە قارا سىيا بىلەن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 22×31.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى 14×22.5 سانتىمېتىر، يان سىزىقى قوش سىزىقلىق رامكا شەكلىدە، ھەربىر بەتتە 15 قۇر خەت بار، بەزى بېتىدە خەت يوق، ئالاھىدە بەلگىسى تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، ھەر بىر باب، نەقىل ۋە ھېكايىلەرنىڭ ماۋزۇلىرى قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان.

ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ430 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا، تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

ماقالە نومۇرى: 1005_5878 (2011) 01_133_08

# كۆپ ئىقتىدارلىق دىكتور، رىياسەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپى*

بىلقىز سۇلايمان

(ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات ـ تارقىتىش ئىنستىتۇتى، ئۈرۈمچى، 830002)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** رادىيو، تېلېۋىزىيە ئاخباراتچىلىقى مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، جاپالىق، شۇنداقلا شەرەپلىك خىزمەت. بولۇپمۇ رادىيو، تېلېۋىزىيە دىكتور، رىياسەتچىلىكى بۇ خىزمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ يارقىن ھەم ئاممىا بىلەن بىۋاسىتە يۈز كۆرۈشىدىغان خىزمەت بولغاچقا، دىكتور، رىياسەتچىلەرنىڭ تەربىيەلىنىشى ئەتراپلىق، بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، تىل، ئىپادىلەش قابىلىيىتى يۇقىرى بولمىسا، بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ئاسانلا شاللىنىپ كېتىدۇ. بۇ ماقالىدە، دىكتور، رىياسەتچىلەرنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىغاندا، دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشقان، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كۈتكىنىدەك، ھەر تەرەپتىن لاياقەتلىك بولغان دىكتور، رىياسەتچى بولالايدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، بىر قەدەر ئەتراپلىق ، كونكرېت تەلەپلەر ۋە بەزى يېڭى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدۇ.

**摘要：** 广播、电视新闻工作是一种责任性强、艰苦而又光荣的工作 。尤其是广播、电视的播音员、节目主持人，由于他们直接接触观（听）众，如果他们的修养不够，知识结构不完善，语言表达能力不强，就不能胜任工作而容易被淘汰。本文主要探讨具备何种条件能成为适应时代要求、党和人民所期待的、各方面合格的播音员和主持人，提出了比较全面、具体的要求和一些新的观点。

**Abstract:** Radio, television media industry is a high degree of responsibility required the patient and meticulous work. This industry involves a wide range of the society and the people who are engaged in this job will be very proud. The anchors and the announcer's direct contact with the public is its bright and high points. If anchor's or announcer's self-cultivation is not comprehensive, knowledge is not perfect and language skills are poor, we cannot say that he/she is eligible. And these kinds of anchor or announcer will not be competent for this job and is easily eliminated. In this article, the writer has mainly discussed various aspects of the qualified announcers and anchors and the requirements they should have, indicated the way of adapting to the new age, getting the Party and people's satisfaction all around, and put forward some new insights and ideas.

**كىتابلارنى جۇڭگوچە تۈرگە ئايرىش نومۇرى: G21**　**ماتېرىيال بەلگىسى: A**

دەۋرنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى — ئاخبارات خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ زامانىۋىلىشىشىنى، توغرا، تېز، ئۈنۈملۈك بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئىقتىساد يەر شارىلاشقان بۈگۈنكى كۈندە دەۋر تەرەققىياتىنى

* بۇ ماقالە 2010-يىلى 11- ئاينىڭ 15 -كۈنى تاپشۇرۇپ ئېلىندى.

ئاپتور: بىلقىز سۇلايمان(1959-يىلى6-ئايدا تۇغۇلغان)، دوتسېنت. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىل ھادىسىلىرى ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىۋاسىتە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئاخبارات خىزمىتىمۇ يەر شارىلاشتى. قاتالىمۇ قاتلام، باسقۇچلار ئارقىلىق تارقىتىلىدىغان خەۋەرلەر ھازىر تېز، ۋاقتىدا تارقىتىلىپ، شۇ كۈنى يۈز بەرگەن ئىشتىن شۇ كۈنى، ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش يەرشارى مىقياسىدا ئومۇملاشتى. بۇ خىل تەرەققىيات ـــ ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئالدىنقى سەپپىدىكى ھەر قانداق بىر خادىمغا بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئىقتىدارلىق، كۆپ قىرلىق، تەلەپچان ،مەسئۇلىيەتچان، ئۇنىۋېرسال ساپاسى يۇقىرى بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى تونۇتتى. بولۇپمۇ، ئاخبارات خىزمىتىنىڭ مۇھىم قوشۇنى بولغان دىكتور، رىياسەتچىلەردىن ئۆزىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى كەڭ خەلققە توغرا يەتكۈزۈپ، پارتىيە بىلەن ئامما ئارىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ۋە خەلق رازى بولغۇدەك دىكتور، رىياسەتچىلەردىن بولۇش ئۈچۈن، ئۆزىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن يېتىلدۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تەلەپ قىلماقتا.

## 1. بىلىم قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك

رېئال ھاياتتا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ئاخبارات قىممىتى بار شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى دەل ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇنىڭ ماھىيىتى، خاراكتېرى ، ئالاھىدىلىكى ، تەرەققىيات جەريانى ۋە نەتىجىسى ھەققىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىش، ئۇنىڭ ئاخبارات قىممىتى زادى نەدە ؟جەمئىيەت ئۈچۈن قانداق پايدىسى بار ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىش، ئاخبارات خادىملىرىدىن بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخبارات خادىمى، دىكتور ياكى رىياسەتچى ئالدى بىلەن كۆپلىگەن بىلىملەردىن خەۋەردار بولۇشى، خەۋەردار بولۇشلا ئەمەس، بەزى مۇھىم پەنلەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ تىل، سىياسىي، قانۇن، ئەدەبىيات، پەلسەپە، دىن، سەنئەت ، پسىخولوگىيە، كەسپىي ئەخلاق بىلىملىرى قاتارلىقلارنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە، شۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادىتى ، شۇ دەۋردىكى ۋەزىيەت-ۋەزىپە ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشى قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولۇشى، شۇنداقلا يەنە كومپيۇتېر مەشغۇلاتى بىلىملىرىنى تولۇق بىلىشى كېرەك[1].

## 2. كەسپىي بىلىملەرنى تولۇق بىلىشى كېرەك

بىر دىكتور، رىياسەتچىگە نىسبەتەن ئاخبارات تارىخى، رادىيو، تېلېۋىزىيە، رىياسەتچىلىك نەزەرىيەسى، تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە رادىيو پىروگراممىلىرىغا ئاۋاز بېرىش ماھارىتى، فىلىملەرنى كىرىشتۈرۈش ماھارىتى، ھەر خىل پائالىيەتلەرگە يەنى تېلېۋىزىيە، رادىيو پىروگراممىلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىش، ھەر خىل مۇراسىملارغا رىياسەتچىلىك قىلىش ماھارىتى قاتارلىقلارنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم.

## 3. تىل، تەپەككۇر ۋە ئاۋاز ئىقتىدارى مۇكەممەل بولۇشى كېرەك

ھەممىگە مەلۇمكى، تىل ـ تەپەككۇرنىڭ بىۋاسىتە ئىپادىسى. بىر ئادەمنىڭ تەپەككۇرى قانچە ئېنىق، چوڭقۇر، ئەتراپلىق بولسا ـ ئۇنىڭ تىلى يەنى سۆزى شۇنچە چۈشىنىشلىك ، مەنىلىك، يىغىملىق ھەم قايىل قىلارلىق بولىدۇ. چۈنكى، ئادەم نېمىنى ئويلىسا، شۇنى سۆزلەيدۇ، كۆڭلىدە، كاللىسىدا نېمە بولسا شۇنى سۆزلەيدۇ. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، كاللىدا نېمە بولسا شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئويلىغاننىڭ ھەممىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئادەملەردە ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىلەرنىڭ تەپەككۇرى ناھايىتى مول بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تىل بىلەن ئىپادىلەش ئىقتىدارى تۆۋەن بولسا، ياكى تىلى راۋان بولمىسا، ئۇنىڭ تەپەككۇرى قۇرۇق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تىل ئىقتىدارى يۇقىرى، يەنى تىلى راۋان، چۈشىنىشلىك، ھازىر جاۋاب، سۆزمەن بولۇش ــ بىر دىكتور، رىياسەتچىگە نىسبەتەن ئالدىنقى شەرت شۇنداقلا، كۈچلۈك قورال. قورال بولىسلار جەڭگە قورقماي كىرگىلى بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇ قورالغا قانداق ئىگە بولغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى بىلىش لازىم:

1) تىلنىڭ قائىدە ــقانۇنىيەتلىرىنى پىششىق ئىگىلەش لازىم. تىلنىڭ قائىدە ــقانۇنىيەتلىرى ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ سۆزنىڭ مەنىسى، سۆزلەرنىڭ توغرا تەلەپپۇزى، ئۇرغۇ، جۈملە ئىنتوناتسىيەسى قاتارلىقلار دىكتور، رىياسەتچىلەر ئۈچۈن ئۆگەنمىسە بولمايدىغان مۇھىم بىلىم ھېسابلىنىدۇ.

2) گۈزەل ئاۋازغا ئىگە بولۇش.گۈزەل ئاۋازنىڭ مەنبەسى ئىككى خىل بولىدۇ.بىرى، تۇغما گۈزەل ئاۋاز، يەنە بىرى مەشىق ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن ئاۋاز. بۇنىڭدا ئالدىنقىسى ئالدىنقى شەرت، كېيىنكىسى بولسا تولۇقلىغۇچى. گەرچە مەشىق قىلىش ئارقىلىق گۈزەل ئاۋازغا ئىگە بولۇش بىردىنبىر يول بولمىسىمۇ، لېكىن ئاۋازنى مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېقىملىق، راۋان، ئېنىق قىلىش، مەزمۇنغا ماسلىششچانلىقى كۈچلۈك قىلىپ يېتىلدۈرۈش مەقسىدىگە يەتكىلى بولىدۇ.كەسىپ ئەھلىلىرى بىلىدۇكى، ئاۋاز مەشىقىنى داۋاملاشتۇرمىغاندا ياكى ئەھمىيەت بەرمىگەندە ،ھەر قانچە تۇغما گۈزەل ئاۋازمۇ ياۋا ، قوپال، يېقىمسىز بولىدۇ[2].

3) لوگىكىلىق بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلەش لازىم. چۈنكى، لوگىكا ــ تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيىتى. تىلنىڭ توغرىلىقى لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ توغرىلىقىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. تەپەككۇر قانداق بولسا، تىل شۇنداق بولىدۇ. ئويلىغانلىرىمىز لوگىكىلىق قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغاندىلا، تۈزگەن جۈملىمىز توغرا، قايىل قىلىش كۈچى زور بولىدۇ.

4)ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ياخشى ئۆگىنىش لازىم.ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر تىلنىڭ گۈزەللىكىنى، ئىخچاملىقىنى، قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاسىتە.

5)خەلق ماقال- تەمسىللىرىنى، ھېكمەتلەرنى، شۇنداقلا خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى پۇختا ئۆگىنىش لازىم. چۈنكى خەلق ماقال- تەمسىللىرى خەلق تىلىنىڭ قايمىقى، جەۋھىرى بولۇپ، ئەگەر جايىدا ئىشلىتىلسە، قايىل قىلىش كۈچى زور بولىدۇ.

6) رىياسەتچىنىڭ سۆزى تاماشىبىن ۋە ئاڭلىغۇچىلار قوبۇل قىلالايدىغان، ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرۈرمەنلەرگە ئېستېتىك زوق ئاتا قىلالايدىغان، ئۇلارنىڭ قەلبىدە رازىمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلالايدىغان دەرىجىدە مەزمۇنلۇق ھەم يېقىشلىق بولىشى لازىم[3].

7) ئالاھىدە تەكىتلەشكە تېگىشلىكى شۇكى، دىكتور، رىياسەتچىلەر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتى بېكىتكەن تەلەپپۇز ئىمتىھانىدىن چوقۇم ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. ئادەتتە دىكتور، رىياسەتچىلەر ئۈچۈن بۇ ئەقەللىي ۋە بىرىنچى ئۆلچەم بولسىمۇ، دىكتور ، رىياسەتچىلەر بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ ئاندىن بۇ خىزمەتكە قاتناشقان بولسىمۇ، لېكىن، بۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ تىلىدا بەزى ئۆلچەمسىزلىكنىڭ ساقلىنىشىنى بۇلار خىزمەتكە قاتنىشىپلا ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان دېيىشكە بولىدۇ. تىل داۋاملىق مەشىق قىلىشنى، ئۆگىنىشنى، ئىزدىنىشنى، تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ھادىسە. شۇڭا، خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىنمۇ تىل ئۆگىنىشكە ۋە تىلنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

## 4. قوش تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى كېرەك

دىكتور، رىياسەتچىلەر ئانا تىلىغا پۇختا بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دۆلەت تىلىنى پۇختا ئىگىلىشى ھەم باشقا ئەللەر تىللىرىدىن بىرەرسىنى بولسىمۇ بىلىشى لازىم. مەيلى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە بولسۇن، ياكى رايونىمىز سىرتىدىكى پائالىيەتلەردە بولسۇن، دۆلەت تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنى چۈشىنىش، ماھىيىتى ،مەزمۇنى ، ۋەزىپىلىرىنى توغرا ئىگىلەپ، ئۇنى ۋاقتىدا ، دەل،توغرا

ئەكس ئەتتۇرۇپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇنتىزىم تىل تەربىيەسى ئېلىشى، قوش تىل بويىچە مەخسۇس تەربىيەلىنىشى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بەلگىلىگەن سەۋىيە سىناش ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتكەن لاياقەتلىك گۇۋاھنامىلىرى بولۇشى كېرەك[4].

## 5. تەشكىللەش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك

دىكتور، رىياسەتچىلەردە مەلۇم پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش، تەشكىللەش، سورۇنغا قاتناشقان ئاممىنىڭ سالاھىيىتى، يېشى، شۇ سورۇندىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سورۇننى ھەممە كىشى رازى بولغۇدەك دەرىجىدە تەشكىللەش ماھارىتى بولۇشى كېرەك. بۇ يەنىلا تىل قابىلىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. رىياسەتچى پائالىيەتكە قاتناشقانلارنى تەشكىللىگەندە، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تېگىشتىن ساقلىنىشى، ئۆز مەقسىتىنى باشقىلارغا خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدۇرالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىگە ماس سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى، قوپاللىق، تېرىككەكلىك، قىيداش، تەنە قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەردىن خالىي، يۇمۇرلۇق، خۇشخۇي، چېچەن بولۇپ، كەيپىياتنى جانلاندۇرالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشى لازىم.

## 6. پىسخىك ساپاسى يۇقىرى بولۇشى كېرەك

دىكتور، رىياسەتچىلەر پىسخولوگىيە بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىرگە ئۆزىدە نورمال بولغان پىسخىك ساپانى يېتىلدۈرگەن بولۇشى لازىم. كىشىلىك تۇرمۇش شۇنچىلىك مۇرەككەپ ۋە رەھىمسىزكى، بەزىدە ئويلىمىغان يەردىن ھەر خىل كۆڭۈلسىزلىكلەرگە، روھىي ئازابقا دۇچار بولىمىز. دىكتور، رىياسەتچىلەرمۇ ئوخشاش، چۈنكى ئۇلارمۇ ئادەم. مەيلى قانداق ئىشلار يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن رېئاللىققا توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىككە تىرىشىشى لازىم. رېئاللىققا كۈلۈپ قارىيالايدىغان، خاپىلىق ئىچىدىن خۇشاللىق تاپالايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇيالايدىغان، ھەر قانداق ئاپەتنىڭمۇ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان مۇكەممەل پىسخىك ساپانى يېتىلدۈرۈشى لازىم. ئىنچىكىلىكنى ساقلاشقا ئادەتلىنىشى، يەنى بىر كۈن چىرايىدىن نۇر چاقنىسا، يەنە بىر كۈن قاپىقىدىن مۇز ياغىدىغان، ئۆزى ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالىدىغان ئىللەتتىن خالىي بولۇشى، كۆرگەنلا ئادەمگە قاپاق تۈرۈپ، ياكى دەردىنى تۆكۈپ يۈرمەستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ خۇشخۇي، يېقىملىق، ئوبرازى ئارقىلىقمۇ كىشىلەرگە ئۈلگە بولىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. چۈنكى، دىكتور، رىياسەتچىلەر ئاسانلا چولپانغا ئايلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش- ئىزلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، يۈرۈش-تۇرۇشى باشقىلارغا ئۈلگە بولىدۇ. دىكتور، رىياسەتچىلەر ئۆزىدە يۇقىرىقىدەك پىسخىك ساپانى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە زىيارەت ئوبيېكتى ۋە تاماشىبىنلارنىڭ پىسخىك ھالىتىنى ئىگىلەشكە، ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن چاكىنىلىق، مەمەدانلىق، ھاكاۋۇرلۇق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشى كېرەك. بولۇپمۇ ھازىر رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىدا ئومۇملىشىۋاتقان بىۋاسىتە بېرىلىدىغان پىروگراممىلاردىكى رىياسەتچىلەرنىڭ پىسخىك ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى يەنى پىروگراممىغا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تەمكىن، سالماق ھالەت بىلەن رىياسەتچىلىك قىلىشى تولىمۇ مۇھىم.

ھازىر رىياسەتچىلەردە تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللار ساقلانماقتا:

1) تەمتىرەش. پىروگرامما باشلانغاندىن تارتىپ بىر قانچە مىنۇتقىچە بەزى رىياسەتچىلەردە تەمتىرەش ئېغىر. بۇ خىل تەمتىرەش ئۇلارنىڭ سۆزىدىن، ھەرىكىتىدىن، چىرايىدىن ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇنداق تەمتىرەش يۈز بەرگەندە رىياسەتچى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ-دە، پىروگراممىنى دادىل يېتەكلىيەلمەيدۇ. پىروگراممىنىڭ باشقا خۇرۇچلىرى يەنى خام ماتېرىيالى، مەزمۇنى، ئىپادىلىمەكچى بولغان باش تېمىسى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولسىمۇ، بىراق پىروگرامما كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيدۇ. بۇ خۇددى ماتېرىيال يېتەرلىك بولسىمۇ، ئاشپەز نا ئۇستا بولسا، تائام بەتتام ، تۇزلۇق ياكى ئاچچىق بولۇپ يېگىلى بولمىغانغا ئوخشاشلا ئىش.

2) ئۇنتۇش. رىياسەتچى مەزمۇننى چۈشىنىپ ئىگىلىمەي، قۇرۇق يادلىغاندا دائىم ئۇنتۇپ قېلىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. قارىماققا بۇ كىچىك ئىشتەك قىلىسمۇ ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ شۇ پىروگراممىنىڭ سۈپىتىگە، ئۈنۈمىگە شۇنداقلا رىياسەتچىنىڭ ئۆزىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايدۇ.

3) زىيادە ھاياجانلىنىش. مىكروفوننى قولغا ئالغان ھامان كۈچلۈك ھاياجانلىنىش رىياسەتچىنى تەنتەك كۆرسىتىپ قويىدۇ. بەزى رىياسەتچىلەر ھەممىلا مەزمۇننى ھاياجان بىلەن بايان قىلغاچقا، شۇ ھاياجان بەزىدە مەزمۇنغا ماسلاشماي قېلىپ، ئاڭلىغۇچى ۋە كۆرۈرمەنلەرنى بىزار قىلىدۇ[5].

## 7 . لايىھەلەش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك

بۇ تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئۆز-ئۆزىگە گىرىم قىلىش ئىقتىدارى.بولۇپمۇ تېلېۋىزىيە پىروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى ۋە دىكتورى ئۆزى ئىشلەۋاتقان پىروگراممىنىڭ مەزمۇنغا ماس كېلىدىغان گىرىم قىلىشنى بىلىشى لازىم. مەسىلەن: سىزنىڭ زىيارەت ئوبيېكتىڭىز ئازاب چەككەن، نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەن، قايغۇلۇق ھېسسىياتتىكى كىشى بولسا، چىراي گىرىمىڭىز، چاچ پاسونىڭىز ناھايىتى تەبىئىي، ھەممە ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان، ئاممىباب بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ گىرىملىرىڭىزمۇ بىر خىل تىل.

2) كىيىم تاللاش ئىقتىدارى. شېكسپىر :« تاشقى قىياپەت يەنى كىيىم -كېچەك بىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن ئىدى. كىيىم تاللاش ئەنئەنىۋى قاراشلاردىن ۋە زامان، ماكاندىن ھالقىپ يەر شارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە دىكتور، رىياسەتچىلەر ئالدى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىك ، دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشى لازىم. ئۇنىڭدىن قالسا، كىيىمنىڭ پاسونى، رەڭگى شۇ پىروگراممىنىڭ مەزمۇنغا ماس كېلىشى، ۋاقىت يەنى پەسىل ۋە ئورۇن نەزەرگە ئېلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن رىياسەتچىنىڭ مىللىي ئەنئەنە قارىشى، رەڭ سىمۋوللىرى قارىشى، دەۋر تەرەققىياتى قارىشى مۇكەممەل بولۇشى لازىم. مەسىلەن: ئۇيغۇرلاردا كىيىم كىيگەندە پىنھان جايلارنى ئاچماسلىق، كۆينەك -يوپكىلار ئەڭ قىسقا بولغاندىمۇ تىز بىلەن تەڭ بولۇش تەشەببۇس قىلىنىدۇ. رەڭلەردىن قارا رەڭ -ئېغىر -بېسىق، سالاپەتلىكنىڭ شۇنداقلا قايغۇنىڭ سىمۋولى، ئاق رەڭ- پاكلىقنىڭ ، پاكىزلىقنىڭ، قارىلىقنىڭ سىمۋولى، قىزىل رەڭ-- خۇشاللىقنىڭ ، تەنتەنىنىڭ، يېشىل رەڭ -ئۈمىدنىڭ، ھاياتلىقنىڭ ، كۆلرەڭ -ئۈمىدسىزلىكنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ. ئومۇمەن كىيىم تاللىغاندا يۇقىرىقى رەڭلەرگە ، دەۋر روھىغا، پىروگراممىنىڭ مەزمۇنغا، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئېتىبار بەرگەن ئاساستا تاللاشقا ماھىر بولۇش لازىم. كىيىم تاللاشمۇ بىر خىل ماھارەت . ئەمەلىيەتتە دىكتور، رىياسەتچىنىڭ كىيىمىمۇ تاماشىبىنلار ئۈچۈن بىر تىل[6].

## 8.ئورۇنداش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم

بۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئۇسۇل ئويناش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم.گەرچە رىياسەتچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپ كەسپىي ئۇسۇلچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ بىلەن

ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن، ئىقتىدارلىق بىر رىياسەتچى بولۇش ئۈچۈن، مىللىي ئەنئەنىۋىي ئۇسۇللارنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، زامانىۋى ئۇسۇللاردىن، چەتئەلنىڭ ئۇسۇللىرىدىن قىسمەن بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش لازىم. بۇ زۆرۈر بولغاندا شۇ پىروگراممىنى جانلاندۇرۇشقا پايدىلىق.

2) ناخشا ئېيتىش ماھارىتىنى بىلىۋېلىش لازىم. ناخشا ئېيتىش، مۇۋاپىق ئاۋاز بولۇش گەرچە ھەممىلا ئادەمدە ئوخشاش بولمىسىمۇ، رىياسەتچىلەردە بۇ جەھەتتىكى بىلىم ۋە ماھارەت بولسا، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

3) ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرلىرىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ، ھېسسىياتلىق ئوقۇش ماھارىتى بولۇشى كېرەك. ئادەتتىكى خەۋەر، چۈشەندۈرۈش ماقالىسى، مۇھاكىمە ماقالىسى قاتارلىقلارنى ئوقۇش ئىنتوناتسىيەسى بىلەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئىنتوناتسىيەسى ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغاندا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا، پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يۇقىرى، تۆۋەن، تېز، سالماق، جىددىي ئاھاڭلارنى جايىدا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. سوزۇپ، ئالاھىدە تەلەپپۇز قىلىشلارنى كەلسە-كەلمەس ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

4) ھېسسىياتنى جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىۋېلىش لازىم. بولۇپمۇ يېمەك-ئىچمەك ئېلانلىرىنى ئوقۇغاندا زىيادە كۆچەپ، چىڭقىلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنى بىزار قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

5) ئاۋاز بېرىش، دوراش يەنى تەقلىدىي ئاۋاز ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇ ئىقتىدارنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئالدىنقى شەرت،كىمگە ئاۋاز بەرمەكچى بولسا، شۇ ئوبيېكتنى يەنى،شۇ ئوبيېكتنىڭ خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، كەسپى، شۇ فىلىم، شۇ دېتالدىكى رولىنى ئىگىلەشكە ماھىر بولۇش كېرەك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا دىكتور ، رىياسەتچىلەر ئۈچۈن چىراي ئىپادىسىمۇ بىر ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇ پىروگراممىنىڭ مەقسىتىگە، ئۆزى سۆزلەۋاتقان سۆزنىڭ مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، چىراي ئارقىلىق مەزمۇن ئىپادىلەشمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر مۇھىم ماھارەت.

## 9. يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش لازىم

بىر ئادەمنىڭ ئومۇمىي بىلىم قۇرۇلمىسى، سەۋىيەسى يېزىقچىلىق ئىقتىدارى ئارقىلىق نامايان بولىدۇ.يېزىقچىلىق ئەتراپلىق بىلىم، كۈچلۈك ئىزدىنىش روھى، ئوتتەك قىزغىنلىق، كۆپ ئوقۇش ۋە كۆپ مەشىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ئەمگەك.دەۋر تەرەققىياتى ھازىرقى دىكتور، رىياسەتچىلەر دىن بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، مۇخبىر يېزىپ، مۇھەررىر تەھرىرلەپ، ئاخىرىدا دىكتور-رىياسەتچىلەر ئالدىغا چىقىپ ئوقۇيدىغان ئەنئەنىۋىي ئۇسۇل بارا-بارا ئەمەلدىن قېلىپ، دىكتور، رىياسەتچىلەر نەق مەيداندىلا ئۆزى يېزىپ، ئۆزى ئوقۇيدىغان ياكى ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئاخبارات ئەندىزىسى ئومۇملىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە،دىكتور،رىياسەتچىدە يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.شۇڭا، بىر ئىقتىدارلىق دىكتور، رىياسەتچى بولۇش ئۈچۈن چوقۇم يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. يېزىقچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرنى قىلىش لازىم:

1) ئۈلگىلىك ئەسەرلەرنى تاللاپ، كۆپلەپ ئوقۇش كېرەك. چۈنكى، كۆپ ئوقۇش - يېزىقچىلىق ماھارىتى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى.

2) ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى رادىيو - تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى كۆپ ئاڭلاش ۋە كۆپ كۆرۈش كېرەك. بولۇپمۇ، ئاخبارات ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇش كېرەك.

3) قولغا قەلەم ئالغاندا ئالدى بىلەن نېمىنى يېزىش، نېمە ئۈچۈن يېزىشتىن ئىبارەت باش تېمىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم.

4) پېشقەدەملەرنى ئۇستاز تۇتۇش، ئۇلارنىڭ تەنقىدلىشى، تەھرىرلىشى، ماقالىنى بويىۋېتىشىدىن قورقماسلىق لازىم. بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتمەي تۇرۇپ،

كېيىنكى باسقۇچقا قەدەم قويغىلى بولمايدۇ.

## 10.كەسپىي ئەخلاقتا لاياقەتلىك بولۇشى كېرەك

دىكتور، رىياسەتچىلەر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىيو ئىستانسىسىغا ۋاكالىتەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاۋازىنى خەلققە، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتكە يەتكۈزگۈچى كۆۋرۈكلۈك رولغا ئىگە خادىملاردۇر. شۇڭا، ئۇلاردا كۈچلۈك سىياسىي ئاڭ، يۇقىرى دەرىجىدىكى كەسپىي ئەخلاق ساپاسى بولۇشى كېرەك. مەلۇم بىر پروگراممىنىڭ ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى مۇخبىر، مۇھەررىر، مەسئۇل مۇھەررىر، تېخنىك، نازارەتچى ۋە باش نازارەتچىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر دىكتور، رىياسەتچىنىڭ كەسپىي ئەخلاق ساپاسى ھەم سىياسىي ئېڭى يۇقىرى بولمىسا، باشقا خادىملارنىڭ ئەمگىكىنىمۇ نۆلگە تەڭ قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەر ۋاقىت ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ،كەسپىي ئەخلاقتا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزمەسلىككە ھەم بۇ ساھەدىكى باشقا خادىملارنىڭ شەنىگىمۇ نۇقسان يەتكۈزمەسلىككە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم.

## 11. يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇش لازىم

كۆپىنچە ئىشلار ئادەتتە دوراشتىن باشلىنىدۇ. لېكىن، بىر ئۆمۈر دوراپ ياشاشمۇ ياشىمىغان بىلەن تەڭ. مەلۇم بىر پىروگراممىنى باشقۇرۇپ ياكى ئىشلەپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، ئاممىدىن پىكىر ئېلىش، ئاممىنىڭ تەلىپىنى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى چۈشىنىش ئاساسىدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. بۇ خىل يېڭىلىق شۇ رىياسەتچىنىڭ سۆزىدە، ئۇسلۇبىدا، پىروگراممىنىڭ مەزمۇنى ۋە زىيارەت قىلغان ئوبيېكتنى يېتەكلەش، شۇ ئارقىلىق بىر نادىر پىروگراممىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ.

يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئالدىنقى شەرت ــ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەقەززاسىدۇر. يەنى ھازىرقى ۋەزىيەت نېمىگە ئېھتىياجلىق، كىشىلەر نېمىگە قىزىقىدۇ؟ نېمىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ؟ نېمىدىن نەپرەتلىنىدۇ؟ قانداق پىروگراممىلارنى ئامما بەكرەك ياقتۇرىدۇ؟ قانداق پىروگرامما ئاممىغا ئەمەلىي نەپ يەتكۈزىدۇ؟ دېگەنلەرنى بايقاپ، مۇشۇ ئاساستا ئىجادىي پىكىر يۈرگۈزۈش لازىم.

## 12.ماسلىشىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇشى كېرەك

ماسلىشىش ئىقتىدارى بولۇپمۇ رىياسەتچىنىڭ نەق مەيداندىكى ھەر خىل ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرگە دادىل يۈزلىنىش، تۇغرا ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولۇپ، بۇ خىل ئىقتىدار رىياسەتچىدىن تولىمۇ چېچەن، ھازىر جاۋاب، ئەقىللىق ، سالماق بولۇشنى ،گەپ ــ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇق، ھەرىكىتىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى رىياسەتچىلەرنىڭ سۆزىدە يېڭىلىق يوق، تېپىۋالغان بىر نەچچە ئىبارىلا گېپى بىلەن بىر پىروگراممىنى تۈگىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق رىياسەتچىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بولمايدۇ. ھەر سان پىروگراممىدا ئامال بار ئەھۋالغا قاراپ، يېڭى ـيېڭى سۆز-جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشى، چىراي ئىپادىسى بىلەنمۇ مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى، سوئال سوراشقا، يېتەكلەشكە ماھىر بولۇپ، زىيارەت ئوبيېكتىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى لازىم.

زىيارەت ئوبيېكتىنىڭ سورالغان سوئالغا جاۋاب بەرگەندىكى ئالاھىدىلىكىگە، گېپىنىڭ ئورامىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن دىققەتنى يىغىپ ئاڭلاش، ئۇنىڭ سۆزىدىن ھالقىلىق تەرەپىنى بايقاشقا ماھىر بولۇش لازىم. مەسىلەن: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «قانۇن ۋە پۇقرا» پىروگراممىسىنىڭ مەلۇم بىر ساندا رىياسەتچىنىڭ: «ئاچچىقىڭىزنىڭ ئانىڭىزنى ئۇرغان كۆرۈنۈشنى چىداپ

تۇرۇپ سۇرەتكە تارتتىم ، دەڭ!»دېگەن سوئالى تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەرنىڭ يۈرىكىدىكىنى ئىپادىلەيدىغان سوئال. بۇ شۇ زىيارەت ئوبيېكتىنىڭ خاراكتېرىنى، ئەخلاق ـپەزىلىتىنىڭ ، ۋاپادارلىقىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلايدىغان سوئال.

بىزنىڭ بەزى رىياسەتچىلىرىمىز سۆھبەت پىروگراممىلىرىدا زىيارەت ئوبيېكتىنىڭ سۆزىگە «ھە، ھى، شۇنداقمۇ ...»دېگەندەك سۆزلەر بىلەن جۆر بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئەگەر زىيارەت ئوبيېكتى ناتىق بولمىسا، ئۇ پىروگراما جانسىز بولۇپ قالىدۇ [7].

## ئىزاھ ۋە پايدىلانمىلار

[1] زۆھرە دۆلەت :«پىروگراما رىياسەتچىسى توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىم» (ماقالە)، ئۇن ـسىن گۈلزارىنىڭ 2010-يىللىق 3 ـسانى 63-بەت.

[2] ئاينۇر :«ئاۋاز مەشقىنىڭ دىكتورلۇقتىكى رولى» (ماقالە )، شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 3-سانى 42 -بەت .

[3] ۋاڭ چيەن :«سەنئەت تىلىدىن تىل سەنئىتىگىچە»(ماقالە)، يۈننەن سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2009-يىللىق 4-سانى 87-بەت.

[4] مۇرادىل ناسىر :« ئاخباراتچىلار تىل ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىشى زۆرۈر» (ماقالە )، ئۈن-سىن گۈلزارىنىڭ 2010-يىللىق 3 -سانى 49-بەت .

[5] جاڭ چيەن: «دىكتور، رىياسەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئىقتىدارى ۋە كەسپىي پىسخىك ساپاسى ھەققىدە»، خۇنەن ئاممىباب ئاخبارات تارقىتىش كەسپىي تېخنىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىڭ 2010-يىللىق 3-سانى 65- 66 -بەت.

[6]شيوڭ پىڭ :«تېلېۋىزىيە دىكتور رىياسەتچىلىرىنىڭ كىيىم ـكېچەكلىرىدىكى ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى تۈزىتىش توغرىسىدا» (ماقالە)، ئاخبارات بىلىملىرى ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 7-سانى 93-94-بەتلەر.

[7] جاڭ يەنيەن :«يېڭى دەۋردىكى دىكتور ، رىياسەتچىلەرنىڭ كەسپىي جەھەتتىن تەربىيەلىنىشى توغرىسىدا» (ماقالە)، جياڭشى ياشلار كەسپىي ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ 2010-يىللىق 2-سانى 43-44-بەتلەر.

**جاۋابكار مۇھەررىرى: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن**

### مەنقىبەت

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 220بەت، نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يېزىلغان. ئىسلام دىنى تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ پائالىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان.

تەزكىرىدە، ئابدۇقادىر جىلانىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۇنىڭ ئەۋلىيالىققا كۆتۈرۈلۈشى، ئۇنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان، پەرزەنتى يوقلارغا دۇئا بىلەن پەرزەنت ئاتا قىلىدىغان، شىرنى ئەپسۇن بىلەن پارە- پارە قىلىدىغان ئاجايىپ- غارايىپ كارامەتلىرى، ۋاپات بولۇشى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ بەزى جايلىرىدا نەزم ئارقىلىق ئۆز قاراشلىرىنى خۇلاسىلىگەن. ئەينى دەۋردىكى شىنجاڭدىكى سوفىزمنىڭ « قادىرىيە » مەزھىپىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

ھىجرىيە 1270-(مىلادىيە 1853-1854 يىلى) يىلى ئاخۇن خوجا يەكەندە سامان قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن كۆچۈرگەن قوليازما، كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. كىتاب يۈزىنىڭ ھەجمى 15×23 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ ھەجمى11×18 سانتىمېتىر، يان سىزىقى يوق، بەزى بېتىدە خەت يوق، ھەر بىر بېتىدە 13 قۇر خەت بار. ئالاھىدە بەلگىسى-تېرىدىن تاشلانغان قاتتىق مۇقاۋىلىق، مۇھىم سۆزلەرنىڭ ئاستىغا قىزىل سىياھ بىلەن سىزىپ قويۇلغان. تولۇق، ياخشى ساقلانغان. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ062 نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلانماقتا، تېخى رەتلەنمىگەن، تەتقىق قىلىنمىغان.

# Journal of Xinjiang University

(Philosophy and Social Sciences, Uyghur Edition)

Vol.32, Iss.1 (Total:125) March 2011


## Contents


On the Studies of Noruz ........................................................................ *Ömer . Dawut* (1)

On Mulla . sidiq .Yargendi's Essay *Lissa Nuyteyr* .. *Hormetjan . Fikret& Aynur . Abliz* (11)

On the "Culture" of Cultural Anthropology .......................................... *Sawut . Pawan* (20)

On the Current Conditions of Kusen Grottoes Paintings ....................... *Ablet . Meghsut* (36)

On the significance and Measurements of Building Strong Human Resources in XJ......... ........................................................................... *Abdushukur . Osman* (46)

On The Problems and Solutions of Human Resource Management of Minority Private Enterprises in XJ ................................................... *Behtigul . Momin& Gulpiye . Abit* (55)

On Correct Usage of "Mijaz" and "Mizaj" In Modern Uyghur ..........*Ayshem . Eghmet* (63)

On the Kinship Terms in Uyghur and Chinese ............................ *Rabiye . Abdurehim* (68)

On the Etymology of "tapugchi"......................................... *Erafat . Hesenmusabayof* (73)

On the Ancient Uyghur Grammar Research Abroad .............................. *Musajan . Eili* (76)

On "Flying" in the Dastan of Wisdom of Royal Glory ........... *Tursun Hoshur Idiquti* (84)

On the Genealogical Origin of the Twelve Muqam ................................ *Wahap Ghupur* (92)

On Uyghur Mourning Customs and Its Social Meanings .............*Muhhemetqazi . Eysa* (97)

On Hezret Seyle (Garden Party) and Its Folk Features ......................... *Memet . Sawut* (104)

On View of Contradictions toward Female in Uyghur Proverbs ...........*Reshide . Himit* (111)

On the Aesthetic Principles of Uyghur Classical Poetry...................*Meryem . Qurban* (116)

On the Relationships between Expressed Intension and Legal Action......................... .......................................................................*Adil . Ayup & Alimjan . Abduqiyum* (121)

On the Manifestations, Causes and Countermeasures of the Current Judicial Corruption...................... ......................................................*Aygul . Ebirahim* (126)

Cultivating a Versatile Anchor---- A Pressing Demand for the Development of Modern Society.......................................................................................*Bilqiz . Sulayman* (133)

# ВЕСТНИК СИНЬЦЗЯНСКОГО УНИВЕРСИТЕТА

(Трёхмесячный журнал философи и общественной науки на уйгурсом языке)

**№.1.2011г (Общий: № 125)**


## Содержание


Изучение праздника «Норуз» уйгуров нашей страны............................................Умар Давут(1)

О произведении в прозе Молла Сидик Иркенди«Лисануттаир» ...................................
........................... ......................................................... Урмажан Фукрат, Айнур Аблиз(11)

О понятии «культура» в культурной антропологии............................................. Савут Паван(20)

Настоящее положение искусства живописи в каменных пещерах в Косан ........................
.......................... .............................................................................Аблэт Мэхсут(36)

Значение превращения Синьцзяна в крупный район людских ресурсов и меры его.............
осуществления ........... ......................... ........................................Абдущкур Осман(46)

Существенные проблемы в управлении людскими ресурсами в частных предприятиях
национальных меньшинств Синьцзяна ......................Бэхтигуль Момун, Гульпия Абит(55)

О словах mijaz и mizaj в современном уйгурском языке................................. Айщэм Эхмэт(63)

Слова обращения к родственникам в уйгурском и китайском языках...... Рабия Абдурехим(68)

Об этимологии слова "tapughqi"..................................................... Эрафат Хэсэн Мусабаев(73)

Об изучениях грамматики древнего уйгурского языка за границей ................Мусажан Эли(76)

Описание о полетах в воздухе в поэме «Кутатгу Билик» .................Турсун Ущур Идикути(84)

Об генеалогическом возникновении уйгурских двенадцати мукамов Китая ... Вахап Гупур(92)

Формы выражения обычаев в трауре уйгуров и их общественное значение ......................
.......................... ..........................................................................Мухаммэтказн Эйса(96)

Прогулка «Хэзрэт» и ее фольклористические особенности........................... Мэмэт Савут(104)

Противоположные точки зрения к женщинам в пословицах уйгурского языка ...................
.......................... .......................................................................Рэщидэ Химит(111)

Об эстетических принципах в уйгурских классических поэзиях .................Мэрям Курбан(116)

Анализ взаимоотношений между сознательным выражением и юридическим поступком ......
........................................ ..............................................Адил Аюп, Алимжан Абдукеюм(121)

Немеого о настояшем выражении судебной гнилости, о причине ее возникеовения и
ответных мерах........................ .............................................................Айгуль Ибраим(126)

Подготовить многогранных дикторов и распорядителей — это потребность развития
нашего времени.........................................................................Биликиз Сулайман(133)

# پىروفېسسور غەيرەتجان ئوسمان

# 海热提江•吾斯曼教授

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پىروفېسسورى، ماگىستىرانت يېتەكچىسى. 1958- يىلى 6- ئايدا قەشقەر شەھرىگە تەۋە يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىدە تۇغۇلغان. 1983- يىلى 2-ئايدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شۇ فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەنگەن. 2000-



يىلى ماگىستىرانت يېتەكچىسى سالاھىيىتىگە، 2004- يىلى پىروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىغا «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، ماگىستىرانتلارغا «جۇڭگو مەدەنىيىتى جەۋھەرلىرى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» قاتارلىق ئون نەچچە خىل دەرس ئۆتكەن.

غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر 2001-، 2002- ۋە 2005- يىللىرى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيەلەش لايىھەسى» نىڭ تىل- ئەدەبىيات فاكۇلتېتى «ئۇيغۇر تىل- ئەدەبىياتى »، «كاتىباتلىق »، «ئېكران ئەدەبىياتى» ئوقۇتۇش لايىھەسى قاتارلىقلارنى تۈزۈشكە قاتناشقان ۋە تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قاتارلىق ئون بىر خىل دەرسلىكىنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىققان. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن تېزىس» (1987)، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2001) قاتارلىقلار ئۇنىڭ شەخسىي نامىدا، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (2002، ئىككى قىسىم)، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى» (2004-2005، ئىككى قىسىم) قاتارلىق كىتابلار باش تۈزگۈچىلىكىدە نەشر قىلىنىپ ئالىي ۋە تېخنىكوم مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى قىلىنغان. ئۇ يەنە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (1993-1995، ئۈچ توم) ناملىق ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىنى يېزىشقا قاتناشقان. 27 نەپەر ماگىستىر تەربىيەلىگەن، 10نەپەر ئىش ئورنىدا ئوقۇپ ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانى ئالغۇچى ياش ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ئىزچىل تۈردە ئوقۇتۇش مۇنبىرىدە دەرس ئۆتۈپ كەلگەن.

غەيرەتجاننىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» (1999، خەنزۇچە)، «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە» (2002)، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» (2003)، «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى» (2007) ۋە تۈزۈپ تەييارلىغان «ئۇيغۇر خەلق رىۋايەتلىرى» (1998)، «بۈيۈك شائىر نەۋايى» (2001، خەنزۇچە) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان؛ «جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ دىن ۋە ئەپسانىلار قامۇسى» (1990)، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت قامۇسى» (2000)، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» (2000)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» (1998، بىر توملۇق، خەنزۇچە)، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (2006، تۆت توملۇق) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىشقا قاتناشقان. مەكتەپ دەرىجىلىك «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى» (1993)، نازارەت دەرىجىلىك «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تەتقىقاتى»(1993-1995)، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرى ھەققىدە تەتقىقات» (1997-1999)، دۆلەتلىك ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تۈرىگە كىرگۈزۈلگەن «ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق ئېتىقاد مەدەنىيىتى ھەققىدە» (2004-2006)، «يۇقىرىقى قازىرىق كەنتىنىڭ ئانتروپولوگىيەلىك تەكشۈرۈلۈشى» (2009-2011) قاتارلىق تەتقىقات تېمىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلغان؛ «غەربىي يۇرت ئەدەبىيات تەتقىقاتى» (1993-1995)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتى» (1995-1997)، «ئۇيغۇر بالىلىرى بىلەن ياپون بالىلىرىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات» (1996-1998)، «ئۇيغۇرشۇناسلىق» (1995- 1997)، «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى تەتقىقاتى» (1999-2002) قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىنى ئىشلەشكە قاتناشقان. 300 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى ئۇيغۇر، خەنزۇ، ياپون، تۈرك تىللىرىدا ئېلان قىلىنغان. يەتتە قېتىملىق خەلقئارالىق، 10 نەچچە قېتىملىق مەملىكەت دەرىجىلىك ۋە نەچچە ئون قېتىملىق ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئىلمىي ماقالە ئوقۇغان.

主　　　编：阿布里克木·亚森
副　主　编：阿布都肉苏力·克其克阿洪
康巴尔尼沙·买买提阿吉
本期执行编辑：木沙·肉孜
封 面 设 计：买买提·努拜提

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم ياسىن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: ئابدۇرۇسۇل كىچىكئاخۇن
قەمبەرنىسا مۇھەممەتھاجى
بۇ سانىنىڭ ئىجرائىيە مۇھەررىرى: مۇسا روزى
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت



**新疆大学学报**

(哲学社会科学维文版)

(季刊)

(1980年创刊)

2011年3月1日(第32卷第1期)

**شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى**

(پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

(پەسىللىك ژۇرنال)

نەشر قىلىنغان يىلى: 1980- يىلى

2011- يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى (32 - يىللىق 1 - سان)

主管单位：新疆大学
主办单位：新疆大学
出版单位：新疆大学学报编辑部
地　　址：乌鲁木齐市胜利路14号
邮　　编：830046　电话：0991–8582927
电子信箱：xuebao@xju.edu.cn
印刷单位：乌鲁木齐光大公司艺林印务中心
国内发行：全国各地邮政局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
(北京399信箱)
国际标准刊号：ISSN 1005–5878
国内统一刊号：CN 65–1034/G4–W
国外代号：5798(QR)
国内代号：58–13

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
مەسئۇل ئورۇن: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى
نەشر قىلغۇچى ئورۇن: « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » تەھرىر بۆلۈمى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830046　تېلېفون نومۇرى: 0991–8582927
ئېلخەت ساندۇقى: xuebao@xju.edu.cn
باسقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى «گۇاڭدا» شىركىتى يىلىن باسما مەركىزى
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتا ئىدارىلىرى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى خەلقئاراغا تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)
خەلقئارالىق ئۆلچەم نومۇرى: ISSN 1005–5878
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN 65–1034/G4–W
خەلقئارالىق ۋاكالەت نومۇرى: 5798(QR)
مەملىكەت ئىچىدىكى ۋاكالەت نومۇرى: 58–13

定价：6.00元
باھاسى: 6.00 يۈەن